# عبرتلك هكايتلر



شنجاڭ خەلق نەشرياتى

www.uyghurkitap.com

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

تۈزگۈچى : مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

教诲精粹/买买提吐尔地·米尔孜艾合买提编；— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002 （2015.5 重印）
ISBN 978－7－228－06963－7

Ⅰ.教… Ⅱ.①买… Ⅲ. 思想道德教育 — 中国 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.D64

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第098128号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 阿孜古丽·克力木 |
| 封面设计 | 克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐大路印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 8.375 |
| 版　　次 | 2003年3月第1版 |
| 印　　次 | 2015年5月第5次印刷 |
| 印　　数 | 14001 － 17000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# تۈزگۈچىدىن

كىشىلىك تۇرمۇش خىلمۇخىل ۋەقە، سەرگۈزەشتىلەر بىلەن تولغان. كىشىلىك تۇرمۇش قوينىدىن ئىنسانلار باشتىن كەچۈرگەن تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلەر ئورۇن ئالغان، كىشىلەرنىڭ ھاسىل قىلغان قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرى يەكۈنلەنگەن. ئۇنىڭغا بۇ مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ھاياتنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ سىر - ھېكمەتلىرى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك قائىدە - قانۇنىيەتلىرى يوشۇرۇنغان. خەلقىمىز بۇلارنى يەكۈنلەشكە، خاتىرىلەشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ياكى يازما ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە بولسۇن، بۇنداق ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەر خەلقىمىز ئىچىدە كۆپىنچە قىسسە، داستان، شېئىر - قوشاق، چۆچەك، ھېكايەت، پەند - نەسىھەت، لەتىپە، ماقال - تەمسىل قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەردە قەلەمگە ئېلىنىپ ياكى ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ تارقىلىپ كەلگەن. مەلۇم بىر رېئال ياكى تارىخىي ۋەقەنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، مۇھىم بىر ھېكمەت ياكى تەجرىبە - ساۋاقنى خۇلاسىلەپ چىقىرىپ كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىدىغان قىسقا ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى قەدىم زامانلاردىلا بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر خەلقىمىز ئىچىدە يېزىق بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئېغىزاكى ھالدا ئومۇملاشقان. شۇڭا، بۇ خىل ئەدەبىي ژانىر يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا تىكلىگەن مەڭگۈ تاشلىرىدا خېلى كۆپ ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر بار. بۇ خىل ھېكايەتلەر خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقالغان قەدىمكى شامان، مانى

www.uyghurkitap.com

ۋە بۇددا ھېكايىلىرىدە ۋە تاشكېمىرلەردىكى تەسۋىرىي سۈرەت ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىياتىدىمۇ بۇ خىل ئەدەبىي شەكىل ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى ۋە بېيىدى . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ۋە رەبغۇزىنىڭ «قىسەسسۇل ـ رەبغۇزى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ كۆپلىگەن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ئورۇن ئالغان . ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئەسىردىن بۇيان كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزدىن لۇتفى ، ئەلىشىر نەۋائى ، مىرزاھەيدەر كۆرەگان ، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ، مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر ، مۇھەممەد سىددىق رەشىدى ، موللا مۇھەممەد تۆمۈرى ، موللا مۇسا سايرامى قاتارلىقلار ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن پايدىلىنىپ ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ ، تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇپ كەلدى .

يەنە نۇرغۇن ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىز ئەرەب ، پارس ۋە ھىندى ئەدەبىياتىدىن بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرغان . «مىڭ بىر كېچە» ، «شاھنامە» ، «ئىسكەندەرنامە» ، «قابۇسنامە» ، «بوستان» ، «گۈلىستان» ، «كەلىلە ۋە دىمنە» ، «چەھار دەرۋىش» ، «خارىستان» ، «تۇتىنامە» ، «ھاتەم قىسسىلىرى» ، «جامىئۇل ھېكايات» قاتارلىقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىپ خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقالغان . بۇ ئەسەرلەر ئەرەب ، پارس ، ھىندى ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەر ھېكايەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇلار ئۇيغۇر خەلق ھېكايەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئاجايىپ مول ئەقىل ـ پاراسەت خەزىنىسىنى ھاسىل قىلغان . خەلقىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ خەزىنىدىن ئۈنۈملۈك مەنپەئەتلىنىپ ، ئۇنى كىشىلىك تۇرمۇش ، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ، ئەدەپ ـ ئەخلاق ، بىلىم ۋە پاراسەت جەھەتتە ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىپ كەلگەن . بۇ ھېكايەتلەر گاھ

ئېغىزدىن يېزىققا ئۆتۈپ، گاھ يېزىقتىن ئېغىزغا كۆچۈپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بارلىق بۆلۈك - پۇچقاقلىرىغىچە كەڭ تارقالغان. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇلارنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بىزگە مىراس قالدۇردى. بۇ ھېكايەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول ھېكمەتلەر بىلەن تويۇنغان بولغاچقا، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك، تىلى ۋە ئۇسلۇبى ئاددىي، ئۇنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغانلا ئادەم، مەيلى ئۇ قانداق كەسىپ، قانداق سەۋىيىدىكى كىشى بولسۇن، ئۆزىگە لايىق ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم - ھېكمەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

مەن «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن ئون نەچچە يىل جەريانىدا، بۇنداق ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن نۇرغۇنلىرىنى تەييارلاش ۋە تەھرىرلەشكە قاتنىشىپ چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن بەزىلىرى خەلق ئېغىزىدىن توپلاپ رەتلەنگەن، بەزىلىرى قەدىمكى قول يازما ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللاپ نەشرگە تەييارلانغان، يەنە بەزىلىرى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلاردىن تەييارلىغان نۇسخىلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان. بۇ ھېكايەتلەرنىڭ ھەممىسى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ھەرقايسى سانلىرىدا پارچە ھالەتتە ئېلان قىلىنغان. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەخسۇس پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن بىر قىسمىنى يىغىپ كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتىم، يەنە ئۇنىڭغا قەدىمكى كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەردىن بىر قىسمىنى قوشۇمچە قىلىپ كىرگۈزدۈم. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئېيتىپ بەرگۈچىلىرى، توپلاپ رەتلىگۈچىلىرى، نەشرگە تەييارلىغۇچىلىرى ۋە ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى ئەسەر ئاخىرىدا ئىزاھلاندى.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


خىيانەتچىگە بېرىلگەن مۇكاپات ........ 1
ھەجىنىڭ قوبۇل بولۇشى ........ 2
جازانىخورنىڭ ۋاپاسىزلىقى ........ 6
ساندۇقتىن چىققان ۋەسىيەتنامە ........ 10
جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى ........ 13
ئۈچ ئوغۇل ........ 14
تېپىلغان كوزا ........ 16
مېھمان ئەزىز ........ 18
نادانىنىڭ سۆھبىتى ........ 19
دېھقانىنىڭ سوۋغىسى ........ 20
ئىككى خىل تەبىر ........ 20
ھاتەمنىڭ مەردلىكى ........ 21
نامرات دەرۋىش ۋە تەكەببۇر قازى ........ 22
بىرىگە ئورا كولىساڭ ........ 24
ياۋۇزلۇقنىڭ جازاسى ........ 27
قانائەتنىڭ پايدىسى ........ 30
توغرا سۆزلۈك بولۇشنىڭ پايدىسى ........ 33
ساداقەتلىك ئايال ........ 34
تۈز ھەققى ........ 34
ھۇۋقۇشلار سۆھبىتى ........ 36
شاھ قەسرى بىلەن ۋەيرانە ئۆي ........ 37

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مېھماندارچىلىق قائىدىسى ........................ 40
مەردانىلەرنىڭ تاللىشى ........................ 41
جاسارەتنىڭ مېۋىسى غالىبىيەت ........................ 42
ئىسكەندەر بىلەن ئارىستوتېلنىڭ سۆھبىتى ........................ 44
خالىس مۇھتەسىب ........................ 48
ھوشىيار پادىشاھ ........................ 50
مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيىتى ........................ 53
ھېكايەتلەر ........................ 54
ئارزۇسىنى ئۆلچەم قىلىش ئادىللىق ئەمەس ........................ 62
سەۋرچان ۋە چىدامىلىق بولۇشنىڭ ئاخىرى بەختتۇر ........................ 63
باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىش ........................ 64
ئەدەپ ـ ئەخلاق بىباھا بايلىق ........................ 67
خەلقنىڭ دىلى ئادالەتتىن مەڭگۈ سۆيۈنىدۇ ........................ 68
قەلبلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى ........................ 70
ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەممىنى قايىل قىلىدۇ ........................ 72
ھاكاۋۇر ئېشەك ........................ 81
ۋاپادار يىگىت ........................ 82
ئامبالنىڭ چارىسى ........................ 84
ئالتۇن ئوقيا ........................ 85
ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ........................ 87
يوغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 89
بەخت قۇشى ........................ 90
ئادىل ۋەزىر ........................ 92
تۆھمەتچى ۋە شاتۇتىلار ........................ 93
ئاتىنىڭ ۋەسىيىتى ........................ 95
ئۇستازنىڭ ھېلىسى ........................ 98

جاھىل قازى ........ 100
ھەققانىي ھۆكۈم ........ 101
ھۈنەرنىڭ شاراپىتى ........ 103
تەدبىرلىك ئالىم ........ 106
غەيۋەتخورنىڭ جازاسى ........ 115
ھارۇن بىلەن باغۋەن ........ 116
مۇۋاپىق جازا ........ 117
ساخاۋەت ........ 118
يامانلىق قىلىپ ، ياخشىلىق كۈتمە ........ 119
ۋەسىيەتنامىدە شۇنداق دېيىلگەن ........ 120
ئاجايىپ قىزىق بەزمە ........ 121
قايغۇنىڭ سەۋەبى ........ 121
يەنە كۆپىيىدۇ ........ 122
بەختلىك ئادەم ........ 123
ئەپۇ قىلىڭ ، بىر ئاز كېچىكتىم ........ 123
ئەبۇ نۇۋاس بىلەن بەدبۇى قىزى ........ 125
چىداملىق ئادەم ........ 126
ئاجايىپ پاراسەت ........ 127
ئاجايىپ تەسەۋۋۇر ........ 128
«ئاقىلانە» بۇيرۇق ........ 129
تەدبىرگە تەدبىر ........ 129
قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچتە شۇ ........ 130
«دانا تەدبىر» ........ 130
ماختانچاق قازى ........ 130
ھاماقەتلىكنىڭ جازاسى ........ 131
ئوغرىلارنىڭ ھىيلىسى ھەققىدە ھېكايەتلەر ........ 132

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەمسىز ئۇۋچى ........................................ 135
ئاقىلانە ھۆكۈم ........................................ 136
پايدىسىز ھۈنەر ........................................ 137
ئىككى خىل مۇئامىلە ........................................ 137
ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مەردىنىڭ ئىشى ........................................ 139
جاھىل تېۋىپ ........................................ 141
ھاكىمنىڭ ھىيلىسى ........................................ 142
ياۋۇزلۇق جازالىنىدۇ ........................................ 143
بەتخەج مىراسخور ........................................ 144
ھەسەتخورلۇقنىڭ قۇربانى ........................................ 145
ئاچ كۆزلۈك — ياۋۇزلۇق ........................................ 147
غەزەپ يالقۇنى ........................................ 148
بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس ........................................ 149
نىمە تېرىساڭ شۇ ئۈنىدۇ ........................................ 150
تىلىدىن ئىلىندى ........................................ 151
تەدبىرلىك ئوغرى ........................................ 153
ھېكايەتلەر ........................................ 155
ئادىل ھۆكۈم ........................................ 183
چىن دېڭىزى ھەققىدە ھېكايەت ........................................ 184
ئىسكەندەرنىڭ ئەجدىھانى ھالاك قىلىشى ........................................ 185
ئاجايىپ قۇش ........................................ 186
ئاجايىپ ئارال ........................................ 189
زەۋرا ئارىلى ........................................ 190
قۇشلار بىلەن جەڭ ........................................ 191
ئىتباشلىق ئادەم ........................................ 192
سۇ ئادەملىرى ........................................ 194

نۇشىرۋان بىلەن دېڭىز ئادىمى ........................ 194
سۇ ئادىمىنىڭ سۆزى ................................. 195
ئات ئاتاڭدىن ئەزىز بولسىمۇ، مەھكەم باغلا .......... 196
كەتكەننى كەلتۈرگەن موزاگەدەن ........................ 197
گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن .................. 198
كىمگە چىققاندا چاق ئېگىرەمسىز؟ ...................... 199
پوزىنى قوزا قىلغۇچە ................................. 200
گۆش بىلەن ياغنىڭ گېپى يوق ......................... 201
خوجا ئاكاڭ قىلمىغانتى ناشتا ........................... 202
كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ خاسىيىتى ....................... 203
ئىككى ھېكايەت ....................................... 204
قىسقا ھېكايەتلەر ...................................... 206
يار جامالى ........................................... 209
مۇھەببەت دېگەن ....................................... 210
كۈندەشلەرنىڭ ھىيلىسى ................................. 211
پاراسەتلىك يىگىت ..................................... 212
ئەقىللىق بالا ........................................ 215
دورا نۇسخىسى ........................................ 216
ئادىل خەلىپە ......................................... 218
ئەقىللىق سەيدە ....................................... 219
گۈزەل شەبىيە ......................................... 220
ئادەمنىڭ رىزقى ....................................... 220
خاسىيەتلىك دۇئا ..................................... 221
گۇۋاھچى .............................................. 222
ئەگەر ئادىل بولاي دېسىڭىز .......................... 224
تېتىقسىز چاقچاق ...................................... 225

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككى خىل ئارزۇ ........................ 226
ئەسكەرنىڭ خوتۇنى ........................ 227
مەدىنەتۇل ـ خاس ........................ 227
ئاجايىپ داستىخان ........................ 232
بۇتنىڭ پۇتىدىكى سىر ........................ 232
قەلئەئى ھىرمان ........................ 234
ئىسكەندەر سىپىلى ........................ 237
خەلىپىنىڭ چۇشى ........................ 238
سالام تەرجىمانىنىڭ سەپىرى ........................ 239
دىيارى مەزلۇمە ........................ 241
قەسرۇل ـ رەساس ........................ 242
ھاتەم تەيىنىڭ پەزىلىتى ........................ 243
جەننەتنىڭ مېۋىسى ........................ 244
كېسىرى گۇمبىزى ........................ 245
باغداتتىكى ھاممام ........................ 246
ھىراتنىڭ گۇللىنىشى ........................ 246
مۇئەللەق بۇتنىڭ سىرى ........................ 247
ئاجايىپ ۋەقەلەر ........................ 248

# خىيانەتچىگە بېرىلگەن مۇكاپات

بۇرۇن بىر ھاكىم ئوۋغا چىقىپ ھەمراھلىرى بىلەن بىر يەرگە چۈشۈپتۇ . ھاكىم ئۆزىنىڭ ئات باقارىنى يېنىغا چاقىرىپ :

— مەن ئۇزۇندىن بۇيان سەن بىلەن ئات چاپتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم . قايسىمىزنىڭ ئېتىنىڭ يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىر سىناپ باقامدۇق ، — دەپتۇ .

ئات باقار ماقۇل بوپتۇ . ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئۆزلىرى چۈشكەن جايدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ . بىر چاغدا ھاكىم ئېتىنى توختىتىپتۇ ۋە ئات باقارنىمۇ توختىتىپ ، ئۇنىڭغا :

— مەن سېنى بىر گەپنى ئېيتماقچى بولۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم . ساڭا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ سىرىمنى ساڭىلا ئېيتىمەن ، بۇنى سەندىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن ، — دەپتۇ .

ئات باقار تەزىم قىلىپ :

— سىز ماڭا ئىشىنىپ سىرىڭىزنى ئېيتقانىكەنسىز ، ئەلۋەتتە ئۇنى ھېچقاچان ھېچكىمگە دېمەيمەن ، — دەپ ھاكىمغا ۋەدە بېرىپتۇ . ھاكىم ئات باقارغا ئىشىنىپ كۆڭلىدىكى گېپىنى دەپتۇ :

— ئىنىمنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم . ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا كېرەك . شۇڭا ، ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن يېنىمدىن يىراقلاشماي مېنى قوغداپ تۇر .

ئات باقار ھاكىمنىڭ سىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بېرىپ قەسەم ئىچىپتۇ . ھاكىم ئوۋدىن قايتىپ ئوردىسىغا كىرىشى بىلەنلا ، ئات باقار ۋاپاسىزلىق قىلىپ خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويۇپتۇ . ھاكىمنىڭ ئىنىسى بۇ خەۋەردىن خۇش بولۇپ ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بەرمەكچى بوپتۇ .

ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى تەدبىرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى خىل ئارزۇ ........................................ 226
ئەسكەرنىڭ خوتۇنى ........................................ 227
مەدىنەتۇل ـ خاس ........................................ 227
ئاجايىپ داستىخان ........................................ 232
بۇتنىڭ پۇتىدىكى سىر ........................................ 232
قەلئەئى ھىرمان ........................................ 234
ئىسكەندەر سىپىلى ........................................ 237
خەلىپىنىڭ چۈشى ........................................ 238
سالام تەرجىمانىنىڭ سەپىرى ........................................ 239
دىيارى مەزلۇمە ........................................ 241
قەسىرۇل ـ رەساس ........................................ 242
ھاتەم تەيىنىڭ پەزىلىتى ........................................ 243
جەننەتنىڭ مىۋىسى ........................................ 244
كىسرى گۇمبىزى ........................................ 245
باغداتتىكى ھاممام ........................................ 246
ھىراتنىڭ گۈللىنىشى ........................................ 246
مۇئەللەق بۇتنىڭ سىرى ........................................ 247
ئاجايىپ ۋەقەلەر ........................................ 248

# خىيانەتچىگە بېرىلگەن مۇكاپات

بۇرۇن بىر ھاكىم ئوۋغا چىقىپ ھەمراھلىرى بىلەن بىر يەرگە چۈشۈپتۇ. ھاكىم ئۆزىنىڭ ئات باقارىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مەن ئۇزۇندىن بۇيان سەن بىلەن ئات چاپتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. قايسىمىزنىڭ ئېتىنىڭ يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىر سىناپ باقامدۇق، — دەپتۇ.

ئات باقار ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە ئۆزلىرى چۈشكەن جايدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ھاكىم ئېتىنى توختىتىپتۇ ۋە ئات باقارنىمۇ توختىتىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى بىر گەپنى ئېيتماقچى بولۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. ساڭا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ سىرىمنى ساڭىلا ئېيتىمەن، بۇنى سەندىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، — دەپتۇ.

ئات باقار تەزىم قىلىپ:

— سىز ماڭا ئىشىنىپ سىرىڭىزنى ئېيتقانىكەنسىز، ئەلۋەتتە ئۇنى ھېچقاچان ھېچكىمگە دېمەيمەن، — دەپ ھاكىمغا ۋەدە بېرىپتۇ. ھاكىم ئات باقارغا ئىشىنىپ كۆڭلىدىكى گېپىنى دەپتۇ:

— ئىنىمنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن يېنىمدىن يىراقلاشماي مېنى قوغداپ تۇر.

ئات باقار ھاكىمنىڭ سىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بېرىپ قەسەم ئىچىپتۇ. ھاكىم ئوۋدىن قايتىپ ئوردىسىغا كىرىشى بىلەنلا، ئات باقار ۋاپاسىزلىق قىلىپ خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويۇپتۇ. ھاكىمنىڭ ئىنىسى بۇ خەۋەردىن خۇش بولۇپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بەرمەكچى بوپتۇ.

ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشى تەدبىرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن قوغداشقا باشلاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ھاكىم ۋاپات بوپتۇ. ھاكىمنىڭ ئىنىسى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ھاكىم بولۇپلا ھىلىقى چېقىمچى ئات باقارنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىپتۇ. ئات باقار ھاكىمغا ئۆزىنىڭ قىلغان خىزمىتىنى سۆزلەپ نالە - زار قىلىسىمۇ يېڭى ھاكىم ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماپتۇ ۋە:

— سىرنى پاش قىلىشتىن، چېقىمچىلىقتىن يامانراق گۇناھ يوقتۇر. ئاكام ساڭا ئىشىنىپ سىرىنى ئېيتقان، ئەمما سەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ ئۇنىڭ سىرىنى پاش قىلدىڭ، ئۇنى ماڭا چاقتىڭ. ئاكامغا ۋاپا قىلمىغان ئادەم ماڭا ۋاپا قىلالارسەنمۇ؟ مانا ئەمدى چېقىمچىلىقنىڭ جازاسىنى تارت! — دەپ ئۇنى دارغا ئاستۇرۇپتۇ.

# ھەجنىڭ قوبۇل بولۇشى

باغدات شەھرىدە ئېلى موزدۇز دېگەن بىر ياماقچى بار ئىكەن، ھەر كۈنى ياماقچىلىق قىلىپ بەش تەڭگە پۇل تاپاۋەت قىلىدىكەن. ئۇ كۆڭلىدە ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ھەر كۈنى تاپقان بەش تەڭگە پۇلىدىن ئۈچ تەڭگىنى ئائىلىسىگە خىراجەت قىلىپ، ئىككى تەڭگىنى ئىقتىساد قىلماقچى بوپتۇ - دە، كىچىك بىر ساندۇقچە ياساپ، ھەر كۈنى تاپقان پۇلىدىن ئىككى تەڭگىنى ئاشۇ ساندۇققا سېلىپ تۇرۇپتۇ. ساندۇق تولغاندا ھەج سەپىرىگە ماڭماقچى بوپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ساندۇق پۇل بىلەن تولۇپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېلى موزدۇز ھەج سەپىرىگە ماڭماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ياماقچىنىڭ ئايالى تاماق ئېتىشكە تەييارلىنىۋېتىپ، ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوت تىلەپ كىرىپتۇ. قارىسا، قوشنىسى ئەر - خوتۇن پىشۇرۇلغان بىر قويىنىڭ گۆشىنى داستىخاندا قويۇپ، ئىككى بالىسى بىلەن يېيىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ياماقچىنىڭ خوتۇنىنىڭ گۆشنى كۆرۈپ

يېگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ. بۇلار ئۇنى گۆش يېيىشكە تەكلىپ قىلماپتۇ. ئاخىر ئۇ تاقەت قىلالماي:

— گۆشتىن ماڭىمۇ بېرىڭلار، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

قوشنىسى گۆشتىن بۇ ئايالغا بەرمەپتۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە تەلەپ قىپتىكەن، قوشنىسى:

— بۇ گۆش بىزگە هالال، سىزگە هارام، — دەپتۇ - دە، باش كۆتۈرمەي گۆشنى يەۋېرىپتۇ. ياماقچىنىڭ خوتۇنى ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئەهۋالنى ئېرىگە ئېيتىپتۇ. خوتۇنىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېلى موزدۇزمۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. قارىسا، دېگەندەك ئۇلار بىر قوينىڭ گۆشىنى يەپ ئولتۇرغۇدەك. ئېلى موزدۇز ئۇلارغا:

— خوتۇنۇم ئۆيۈڭلەرگە كىرسە گۆشتىن بەرمەپسىلەر، «بۇ گۆش بىزگە هالال، سىزگە هارام» دەپسىلەر، بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قوشنىسى ئەهۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى يېگىلى، ئىچكىلى بىر نەرسە يوق، ئاچ قالدۇق. بىر يىلدىن ئاشتى، بىر چىشلەم گۆش ئېلىپ يېيىشكە قادىر بولالمىدۇق. خوتۇن - بالىلىرىم گۆش دەپ يىغلاشتى. تۈنۈگۈن ئاخشام يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، ئىككى كىشى هارام بولۇپ قالغان بىر قوينى يول بويىدىكى بىر جايغا كۆمگىلى تۇرغانىكەن. ئۇلار قوينى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قوينى ئۇ يەردىن ئېچىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ پىشۇرۇپ، ئەمدى يېگىلى تۇردۇق. شۇڭا، بۇ گۆشنى سىزنىڭ ئايالىڭىزغا بېرىشنى راۋا كۆرمىدۇق. بۇ گۆش بىزگە هالال، ئەمما سىلەرگە هارام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئېلى موزدۇز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەهۋالنى چۈشىنىپتۇ، ئۇلارنىڭ هالىغا ئېچىنىپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «بۇ يىل هەج قىلىشقا بارمىساممۇ بارماي، ئاۋۋال قوشنامنى بۇ قىيىن تۇرمۇشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇتۇلدۇراي» دەپ ئويلاپ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن دەرھال ئۆيىگە بېرىپ، ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كېلىپ قوشنىسىغا بېرىپتۇ. قوشنىسى پۇلنى ئېلىپ ئېلى موزدۇزغا رەھمەت ئېيتىپتۇ، تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەرەمدىكى مىسىرلىق ھاجىدىن ئاڭلايلى.

مىسىرلىق ھارۇن دېگەن بىر كىشى، مىسىردىن ھەج قىلغىلى كېلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىپ ھاجى بولۇپتۇ. بۇ ھاجى بىر كۈنى كەبە مەسچىتىگە پېشىن نامىزىنى ئوقۇغىلى كىرگەنىكەن، نامازدىن كېيىن ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرسا، غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بىرىنچى ئاۋاز:

— بۇ يىل ھەج قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلغان ھەجى ئاللانىڭ دەرگاھىغا قوبۇل بولدى، — دەپتۇ.

ئىككىنچى ئاۋاز:

— ياق، ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلغان ھەجى تولۇق قوبۇل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ھەج قىلىشقا كەلگەنلەر ھەر خىل نىيەت بىلەن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساپ نىيەت بىلەن ھەج قىلىش پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلسىمۇ، يەنە بەزىلىرى ساپ نىيەت بىلەن كەلمەيدۇ. بەزىلىرى «ھاجى» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن كېلىدۇ، بەزىسى دورامچىلىق قىلىپ كېلىدۇ، يەنە بەزىلىرى ساياھەت قىلىشقا كېلىدۇ، يەنە بەزىلىرى سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا كېلىدۇ، بەزىلىرى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋېلىپ شۇنىڭ بەدىلىگە ھەج قىلغىلى كېلىدۇ. شۇڭا، مۇنداقلارنىڭ قىلغان ھەجى تەڭرى دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ، — دەپتۇ.

بىرىنچىسى:

— بۇ يىلقى ھەج ئۆتكەن يىللاردىكىگە ئوخشىمايدۇ. مەلۇم

بىر كىشىنىڭ ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلى بىلەن قوشنىسىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ساۋابلىق ئىش قىلغانلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن، تەڭرى تائالا بۇ يىلقى ھەجنى تامامەن قوبۇل قىلدى، — دەپتۇ.

ئىككىنچىسى:

— بۇ ساۋابلىق ئىش قانداق ۋەقە ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

بىرىنچىسى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— باغدات شەھىرىدە ئېلى موزدۇز دېگەن بىر ياماقچى بولۇپ، ئۇ قوشنىسىنىڭ نامرات تۇرمۇشتا قىينالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلىنى قوشنىسىغا بېرىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى. قوشنىسى ئاللاتائالادىن مىننەتدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئېلى موزدۇز گەرچە ھەج قىلىشقا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەج قىلىش نىيىتى تەڭرى تەرىپىدىن ھاجىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىندى، ھەجى مەقبۇل بولدى ھەمدە ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۇ يىل ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەجى قوبۇل قىلىندى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋاز توختاپتۇ. بۇ سۆزلەشكەنلەر پەرىشتىلەر ئىكەن.

مىسىرلىق ھاجى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن باغدات شەھىرىگە كەپتۇ. كىشىلەردىن سورا ـ سورا، ئېلى موزدۇزنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئېلى موزدۇز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلىنى قىيىن كۈنگە قالغان قوشنىسىغا بېرىۋەتكەنلىك توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

مىسىرلىق ھاجى تەڭرىنىڭ ئىككى پەرىشتىسىنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنى موزدۇزغا ھېكايە قىلىپ بېرىپ، ئېلى موزدۇزنىڭ ھاجى بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— تەڭرى ھەجگىنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن ، سىنىڭ ھەج قىلىشقا ھازىرلىغان پۇلۇڭنى قىيىنچىلىقتا قالغان قوشناڭغا بېرىۋەتكەنلىكىڭنىڭ شاراپىتىدىن بۇ يىل كەبىگە ھەج قىلىشقا بارغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەجىنى قوبۇل قىلدى ، — دەپتۇ .

ئىبلى موزدۇز مىسىرلىق ھاجىدىن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ، خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ .

# جازانىخورنىڭ ۋاپاسىزلىقى

مەلۇم بىر شەھەردە قاسىم دېگەن بىر جازانىخور بار ئىكەن ، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز تارقىتىپ جازانىخورلۇق قىلىدىكەن ، قەرزنى دېگەن قەرەلدە تاپشۇرمىسا ئۆسۈم ئۈستىگە ئۆسۈم قوشۇپ تۆرىدىكەن . نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ ، يەر ـ زېمىن ، ئۆيۋاقلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ . قاسىم ئۆزى ھېچبىر ئەمگەك قىلماي ، جازانىخورلۇق قىلىپ تاپقان كىرىم بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت ، كەيپ ـ ساپا سۈرىدىكەن . ئۇنىڭدا قىلچە رەھىمدىللىك يوق ئىكەن . بۇ جازانىخور يامان ئىشلارنى تولا قىلغاچقا ، خەلقنىڭ قىساسى تۇتۇپ ، ئاخىر ۋەيران بوپتۇ ھەتتا نەچچە كۈنگىچە ئاچ قاپتۇ . ئەمگەك قىلاي دېسە ، ئەمگەك ئېغىر كەپتۇ ۋە ئەمگەك قىلىشتىن نومۇس قىپتۇ . ئاخىر ئاچلىقتا چىدىيالماي ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ ، دەريا تەرەپكە مېڭىپتۇ . ماڭا ـ ماڭا دەريا بويىغا كەپتۇ . قارىسا ، دەريا سۈيى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان . جازانىخور دەريانىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن ، ئۆزىنى دەرياغا ئاتاي دېسە قورقۇپتۇ . جان بەرمەك ئۇنىڭغا تەس كەپتۇ . دەريا بويىدا ئىككى خىيالدا قاپتۇ . دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش كېرەكمۇ ياكى باشقا يول تۇتۇش كېرەكمۇ ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ، بىردەم ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولۇپ دەرياغا ئېگىشىپتۇ ، بىردەم ئارقىغا داجىپتۇ . شۇنداق ھەرىكەتنى سەككىز ـ ئون قېتىم تەكرارلاپتۇ . دەريا ياقىسىدا بىر

قومۇشلۇق كۆل بولۇپ ، بۇ كۆل بىر توپ ياۋا غازلارنىڭ ماكانى ئىكەن . بىر ياۋا غاز ئۇنىڭ نورمالسىز ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ، دىققەت ـ نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ بۇ ئىشقا تەئەججۇپلىنىپتۇ . ئەركەك غاز چىشى غازغا :

— مەن ئاستا سۇ ئاستى بىلەن بېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كېلەي ، ئۇ نېمە ئادەمكىن ؟ — دەپتۇ .

چىشى غاز ئەركىكىگە :

— بارما ، ئەگەر ئۇ يامان نىيەتلىك ئادەم بولسا ھاياتىڭغا خەۋپ يېتىدۇ ، — دەپتۇ .

ئەركەك غاز چىشى غازنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ، سۇ ئاستى بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا كەپتۇ .

غاز :

— ھەي ئىنسان ، نېمانداق بىردەم سۇغا سەكرىمەكچى بولىسىز ، بىردەم ئارقىغا داجىپ كېتىسىز ، يا قايتىپ كەتمەيسىز ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ .

جازانىخور :

— بىرنەچچە كۈن بولدى ، يەي دېسەم يوق ، ئىچەي دېسەم يوق ، ھالىمغا ۋاي . ئاخىر جېنىمدىن تويۇپ دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالاي دەۋاتىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، غازنىڭ بۇ ئادەمگە رەھمى كەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ :

— نېمىشقا ئاسانلا جاندىن تويدىڭىز ؟ ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋالماڭ . مەن سىزگە ياردەم بېرەي ، — دەپلا سۇ ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ . جازانىخور بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ، قاراپ تۇرۇپتۇ . بىردەمدىن كېيىن غاز ئاغزىدا بىر دانە گۆھەرنى چىشلەپ چىقىپتۇ . بۇ گۆھەر جازانىخورنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ . غاز بېشىنى بىر سىلكىگەن ئىكەن ، گۆھەر جازانىخورنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ . بۇنى كۆرگەن جازانىخورنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ خۇدىنى يوقىتىپتۇ . كاپ قىلىپلا گۆھەرنى ئالغىنىچە ھېچ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەرسىگە قارىماي شەھەرگە چېپىپتۇ . جازانخور بۇ گۆھەرنى گۆھەرپۇرۇشقا سېتىپ باي بولۇپ كېتىپتۇ . ئۆزىگە خەيرىخاھلىق قىلغان غازنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ .

بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن ، ئەمدى گەپنى بۇ ياندىن ئاڭلايلى .

بىر كۈنى شەھەردە ، پادىشاھنىڭ مەلىكىسى ساقايماس يامان كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ ، دېگەن بىر گەپ تارقىلىپتۇ ، بىر دانا ھۆكۈما مەلىكىنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ :

— بۇ كېسەلگە ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ياۋا غازنى تۇتۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ ئىسسىقىدىلا يېگۈزۈپ ، غازنىڭ قېنىنى مەلىكىنىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئېقىتسا شىپا تاپىدۇ ، — دەپتۇ .

پادىشاھ ھۆكۈمادىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، پۈتۈن ئەلگە ھۆكۈم چىقىرىپتۇ . كىمكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئەركەك غازنى تىرىك تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسە يۈز تىللا ئىنئام قىلىدىكەن ، يەنە ئۇنىڭغا ئوردىدىن كاتتا ئەمەل بېرىدىكەن .

جازانخور بۇ گەپنى ئاڭلاپلا دەريا تەرەپكە قاراپ چېپىپ ، غازنىڭ ماكانى قومۇشلۇق كۆلگە كەپتۇ :

— ئەي مېنىڭ ئالىيجاناب مېھىر ـ شەپقەتچىم ، سەن قەيەردە ؟ بېشىمغا كۈن چۈشتى ، مېنى پالاكەت باستى ، قاتتىق ئازابقا قالدىم . سەندىن ياردەم تىلەيمەن ، — دەپ غازنى چىللاپتۇ .

غاز جازانخورنىڭ ئاھ ـ زارىنى ئاڭلاپ قېشىغا كەپتۇ .

— بېشىڭغا يەنە نېمە كۈن چۈشتى ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ . بەتنىيەت جازانخور ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە :

— مەن نېمىدېگەن بىتەلەي ، يەنە بېشىمغا كۈن چۈشتى . قېشىمغا يېقىنراق كېلىپ گېپىمنى ئاڭلىساڭ ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ .

غاز سۇدىن چىقىپ جازانخورنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىشى بىلەن كاپ قىلىپلا غازنى تۇتۇۋېلىپ ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن

شەھەرگە قاراپ چېپىپتۇ .

غاز جازانخورنىڭ پەيلىنى بىلىپ قورقۇپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن :

— مېنى قەيەرگە ئېلىپ بارىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— سېنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ نۇرغۇن ئالتۇنغا ۋە كاتتا مەنسەپكە ئېرىشىمەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غاز قاتتىق چۆچۈپتۇ ۋە جازانخورغا يېلىنىپ تۇرۇپ :

— مېنى قويۇۋەتكىن ، يەنە بىر دانە گۆھەر ئاچىقىپ بېرەي ، — دەپتۇ .

ھىيلىگەر جازانخور مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ :

— سېنىڭ گۆھىرىڭنى كىم كۆرمىگەن ، ئەمدى ئۇنداق گۆھىرىڭنىڭ كېرىكى يوق . پادىشاھنىڭ مەلىكىسى سېنىڭ يۈرىكىڭنى يېمەكچى . ئۇ چاغدا مەن پادىشاھ ئوردىسىدا چوڭ ئەمەلگە ئېرىشىمەن ، ئابرۇيۇم ئاشىدۇ ، دۆلەتمەن بولىمەن ، نۇرغۇن ئالتۇن - تىللاغا ئىگە بولىمەن ، نۇرغۇن خىزمەتكارلار مېنىڭ خىزمىتىمدە بولىدۇ . ھا . . . ھا . . .

غاز جازانخوردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ نامەرد جازانخور تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە «ۋاپاغا جاپا» دېگەن مانا شۇ ، دەپ ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپتۇ ، غازنىڭ كۆزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياش يەرگە چۈشۈپلا مەرۋايىت بولۇپ پارقىراپ تۇرۇپتۇ . ئاچ كۆز جازانخور مەرۋايىتنى كۆرۈپ كۆزلىرى قىزىرىپ ، دەرھال ئوڭ قولى بىلەن غازنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، سول قولى بىلەن يەردىكى مەرۋايىتنى تېرىپتۇ . مەرۋايىت سول قولىغا پاتماي غازنى يەرگە قويۇپ ئوڭ قولى بىلەن مەرۋايىتنى تەرگىلى تۇرۇپتۇ . غاز ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىپ ، قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىپ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ . غاز ئۇچۇشى بىلەن تەڭ جازانخورنىڭ پۇت - قولى سەزمەس بولۇپ قاپتۇ . بەتنىيەت جازانخور ھېچ تەرەپكە ماڭالماي شۇ جايدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ . يېمەكلىك تېپىپ يېيەلمەي ئاچلىقتىن ئۆلۈپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاپاغا جاپا قىلغان نائەھلى جازانىخورنىڭ تەقدىرى ئاشۇنداق پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىپتۇ .
كىمىكى قىلسا كىشىگە ۋاباللىق ،
ئاخىر ئۆزىگە تاپار زاۋاللىق .

ئېيتىپ بەرگۈچى : مۆمىن ئاخۇن
رەتلىگۈچى : ئابدۇراخمان مۆمىن

## ساندۇقتىن چىققان ۋەسىيەتنامە

بۇرۇنقى زاماندا مال ـ دۇنيالىرى كۆپ ، تۇرمۇشى غەمسىز ئۆتىدىغان بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن . بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ، ئوغۇللىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن . بوۋاي باللىرىغا ئۆزى يېمىگەننى يېگۈزۈپ ، كىيمىگەننى كىيدۈرۈپ ، تولىمۇ ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ . ئاخىر باللىرىنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ . ئۇ ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ : «باللىرىم ، مەندىن كېيىن قالغاندا ، مېنىڭدىن قالغان مال ـ دۇنيانى بۆلۈشەلمەي ، بىر ـ بىرى بىلەن ئاداۋەتلىشىپ يۈرمىسۇن ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا پۈتكۈل مال ـ دۇنيالىرىمنى باللىرىمغا تەقسىملەپ بېرىۋېتەي» دەپ ئويلاپ ، ئۆيىدىكى مال ـ مۈلۈك ، قولىدىكى دەپىنە ـ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئۈچ ئوغلىغا تەقسىملەپ ، يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرتىپ خەت ـ چەك قىلدۇرۇپ ، پۈتۈن ۋەجلىرىنى باللىرىغا مىراس قىلىپ بېرىپتۇ . بىراق ، بوۋاي كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېسەلدىن ساقىيىپ قاپتۇ . بوۋاي ئۆزىنىڭ ھەممە مال ـ مۈلۈك ، پۇل ـ دۇنيالىرىنى باللىرىغا ئۆلمەي تۇرۇپ تەقسىملەپ بېرىۋەتكەچكە ، باللىرى ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە توشۇپ كېتىپتۇ . دادىسى ياتقان ئۆي بىساتسىز قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بوۋاي تاماقتا قىسىلىپتۇ . باللىرى دادىسىنى بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بىر ـ بىرلىرىگە ئىتتىرىشىپ ، بوۋاي

بىلەن كارى بولماپتۇ . بوۋاي ھەر كۈنى ئاچ قالىدىغان ، ئىشكتىن بىرەر بالىسىنىڭ ئاش ـ نان ئېلىپ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قاپتۇ .

بىر كۈنى بوۋاي پۈتۈن بىر كۈن ئۆيدە ئاچ قورساق يېتىپتۇ ، ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپتۇ . ئاخىر بالىلىرىغا مىــراس قالدۇرغاندا ئوتتۇرىدا گۇۋاھ بولۇپ مىراس قالدۇرۇش خېتىگە مۆھۈر باسقان يۇرت چوڭىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ . يۇرت چوڭى بوۋاينى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ ياخشى تائاملار بىــلەن غىـــــزالاندۇرۇپتۇ . قورسقى قانغۇچە تويغان بوۋاي كۆزىگە ياش ئېلىپ يۇرت چوڭىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ . ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىــلىپ بالىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن يۇرت چوڭىغا شىكايەت قىپتۇ . ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان يۇرت چوڭى بوۋاينىڭ ئەھۋالــىغا ئېچىنىپتۇ ـ دە ، مەسلىھەت بېرىپ ، مۇنداق دەپتۇ :

— بۇ ئىشنى ئوڭشاشنىڭ چارە ـ ئامالى بار . سىز ئەتە كەچقۇرۇن ئوغۇللىرىڭىزنى مېنىڭ ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىــڭ . نەتىجىسىنى كېيىن كۆرىسىز .

بوۋاي قايتىپ كېتىپتۇ . ئەتىســى كەچقۇرۇن بوۋاي ئۈچ ئوغلىنى باشلاپ يۇرت ئاقساقىلىنىــڭ ئۆيىــــگە كەپتۇ . يۇرت ئاقساقىلى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ چايغا تەكلىپ قىپتۇ . دۇئادىن كېيىن ئۇ كىشى بوۋايغا :

— ئۆزلىرى ماڭا : «قېرىغىنىــــمدا لازىم بولار» دەپ بۇ ساندۇقتىكى ئىككى مىڭ تىللانى ئامانەت قويغان ئىدىلە ، مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم . بۈگۈن ئۆزلىرى ئوغۇللىرى بىلەن بىللە بىر داستىخاندا تۇرۇشۇپلا ، ئامانەتلىرىنى ئېلىۋالسىلا ئىكەن ، — دەپ ساندۇقتىكى قۇلۇپنى ئېچىپ ئىككى مىڭ تىللا پۇلنى بوۋايغا ساناپ بېرىپتۇ .

بوۋاي پۇللارنى ساناپ ئالغاندىن كېيىن يەنە ساندۇققا سېپتۇ . بۇ پۇللارنى ئوغۇللىــرى تولۇق كۆرۈپتۇ . بوۋاي ساندۇقنـــى ئوغۇللىرىغا كۆتەرتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ . كۆز باغلانغاندا بالىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوۋاينى چوڭ ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ . شۇ كېچىسى بوۋاي ساندۇقتىكى ئىككى مىڭ تىللا پۇلنى يۇرت ئاقساقاللىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ . قۇرۇق ساندۇقنى ئۆز يېنىدا قويۇپتۇ . «دادىمىزنىڭ يېنىدا تۇرغان ساندۇقتا ئىككى مىڭ تىللا بار» دەپ تونۇغان ئۈچ ئوغۇل دادىسىنى كۆڭلۈكى پولۇ ، مانتا ، هالۋا ، ئېسىل مېۋە - چېۋىلەر بىلەن بېقىشىپتۇ .

ئارىدىن بىرقانچە ئايلار ئۆتۈپتۇ . بوۋاينىڭ ئوغۇللىرى دادىسىدىن ساندۇقتىكى ئىككى مىڭ تىللا پۇلنى ئۆزلىرىگە تەقسىملەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ دادىسىنى قىستاپتۇ . بوۋاي :

— باللىرىم ، هازىر مەن تېخى هايات ، كۆزۈم يۇمۇلغىنى يوق ، مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ساندۇقتىكى پۇلنى ئۆزۈڭلار تەقسىملەپ ئېلىڭلار ! مەن بۇ هەقتە ۋەسىيەتنامە يېزىپ ، ساندۇققا سېلىپ قويىمەن ، — دەپ ساندۇقنى هەرگىز ئاچماپتۇ .

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتۈپتۇ . بوۋاي قايتا كېسەل بولۇپ يېتىپتۇ . شۇ ياتقانچە ساقىيالماي ۋاپات بولۇپتۇ .

دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىغانىكەن . ساندۇقتىن پۇل ئەمەس ، بەلكى بىر پارچە ۋەسىيەتنامە چىقىپتۇ . ۋەسىيەتنامىدە مۇنداق يېزىلغانىكەن : «كىمىكى هايات ۋاقتىدا ئۆزىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆزىگە قالدۇرماي ، باللىرىغا مىراس قىلىپ بېرىۋەتسە ، شۇ كىشى ئاخىر خارلىنىقا قالغاي .» دەپ يېزىلغانىكەن . ئاتىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ساندۇقتىكى تىللانى بۆلۈشۈپ ئالىمىز دەپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقان ئوغۇللار ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ كۆرۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن ئاتىسىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچى : پېچىمسار ناهىيە بازارلىق
هۆكۈمەتتىن هاجى قۇربان
رەتلىگۈچى : يۇنۇس سەمەت

# جاھىللىقنىڭ ئاقىۋىتى

چۆلدە كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كىشىدىن بىرىنىڭ كۆزى ئاجىز ئىكەن . كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن ئۇلار بىر دالدىراق جاينى تېپىپ تۈنەپ قاپتۇ . تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ . يولغا چىقىش ئارىلىقىدا قارىغۇ كىشى قامچىسىنى تاپالماي تەمتىرەشكە باشلاپتۇ . يەردە بىر يىلان سوغۇقتىن تۈگۈلگىنىچە ياتقانىكەن ، قارىغۇ كىشى شۇ نىمجان يىلاننى قامچا دەپ قولىغا ئاپتۇ . ھەمراھى بۇنى كۆرۈپ :

— بۇرادەر ، قولۇڭدىكى قامچا ئەمەس ، زەھەرلىك يىلان . ئۇنى تاشلىۋەت ، بولمىسا چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ ، — دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەپتۇ . قارىغۇ : «بۇرادىرىم بۇ ئەۋرىشىم قامچىنى ئۆزى ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتسا كېرەك » دەپ گۇمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا :

— بۇ ماڭا كەلگەن بەخت ، مەن كونا قامچامنى يوقىتىپ قويۇۋىدىم ، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ، بۇ ئەۋرىشىم قامچىغا ئىگە بولدۇم . بۇ قامچىنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيمەن ، — دەپتۇ .

— ھەي دوستۇم ، بۇ يولدا ھەمراھ بولۇپ ماڭغىنىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇنى ساڭا ئاگاھلاندۇردۇم ، — دەپتۇ ھەمراھى . ئەمما ، قارىغۇ كىشى تەرسالىقىدىن يانماپتۇ . بەلكى ھەمراھىنىڭ ياخشى نىيەتلىك سۆزىدىن خاپا بولۇپ :

— بىلىمەن ، قامچامغا كۆزۈڭ چۈشۈپ ، بۇنى مېنىڭدىن ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتىسەن ، خام خىيالىڭنى قوي . كارغا كەلمەيدىغان ئەپسانە سۆزلەرنى دەپ يۈرمە ، — دەپتۇ .

ھەمراھى سۆزىنىڭ راستلىقىغا قەسەم قىلغان بولسىمۇ ، تەرسا قارىغۇ دېگىنىدىن زادىلا يانماپتۇ . كۈننىڭ ئىسسىشى بىلەن ھوشىغا كەلگەن يىلان قارىغۇنىڭ قولىنى چېقىپتۇ . يىلاننىڭ زەھىرى قارىغۇنىڭ بەدىنىگە تارىلىپ ، قارىغۇ جان ئۈزۈپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جاھىللىق ۋە نەپسى بالا قارىغۇنىڭ كۆڭۈل كۆزىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ، ئۇنى ئۆلۈم قوينىغا ئىتتىرىپتۇ .

## ئۈچ ئوغۇل

بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن . كىچىك ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىدىن چىقماي ، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىكەن . ئۇ ئەخلاقلىق ، تەرتىپلىك ئىكەن ، قالغان ئىككى چوڭ ئوغلى يامان كىشىلەرگە قوشۇلۇپ ، بولمىغۇر يوللاردا ماڭىدىكەن . ئاتا ـ ئانىسىنى رەنجىتىپ ، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايدىكەن .

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىچارە ئانىسى دەرد چېكىپ ۋاپات بوپتۇ . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي دادىسىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ . بوۋاي ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى سېزىپ ، ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ :

— باللىرىم ، مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ . مەندىن كېيىن ئۈچىڭلاردىن پەقەت بىرىڭلارلا مىراسخور بولىسىلەر ، شەھەر قازىسى بىلەن يۇرت چوڭلىرى قايسىڭلارغا مىراسخورلۇقنى ھۆكۈم قىلسا ، شۇ ۋارىس بولىدۇ . ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ ھۆكۈم قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بوۋاي ۋاپات بوپتۇ . ئۈچ ئوغلى ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى تالىشىپ ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ . ئۇلار ئاتىسىنىڭ قىلغان ۋەسىيەت سۆزىنى قازىغا ئېيتىپتۇ . قازى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قىينالغانلىقتىن ، ئۇلارغا :

— مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايمەن ، چۈنكى ئاتاڭلار قايسىڭلارنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتمىغان . شەھىرىمىزدە بىر بىلىملىك ، دانىشمەن ئادەم بار . شۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئاتاڭلارنىڭ ۋەسىيىتىنى دەپ بېرىڭلار . بۇ مەسىلىنى شۇ دانىشمەن ھەل قىلالايدۇ دەپ ئويلايمەن . شۇ ئادەم قانداق ھۆكۈم

چىقارسا ، مەنمۇ شۇنىڭغا قوشۇلىمەن ، — دەپ ئۇلارنى دانىشمەننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ .

ئۈچ بالا دانىشمەننىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئەھۋالنى دەپتۇ ، دانىشمەن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ ، غەزەپلەنگەن قىياپەتتە :

— شۇنداقمۇ مۇجمەل ۋەسىيەت بولامدۇ؟ سىلەر قايتىپ بۇنداق تۇترۇقسىز ۋەسىيەت قىلغان ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇپ ، تۈزلىۋېتىپ ، ئاندىن بۇ يەرگە كېلىڭلار ، شۇ چاغدا توغرا ، ھەققانىي ھۆكۈمنى چىقىرىمەن ، — دەپتۇ . ئەتىسى ئىككى چوڭ ئوغلى كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ ، كىچىك ئوغلى بولسا قولىغا قىلىچ ئېلىپ قەبرىستانلىققا بېرىپتۇ . ئىككى چوڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا تەمشىلىپتۇ ، كەنجى ئوغلى بولسا ئۇلارغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپتۇ ۋە :

— سىلەر تازىمۇ ئەخلاقسىز ، نومۇسسىز ۋە ۋىجدانسىز ئىكەنسىلەر . بايلىقنى دەپ ئۆز ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزماقچى بولۇۋاتىسىلەر . مەن بۇنداق ئىپلاسلىقىڭلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن ، قايسىڭلار قەبرىنى بۇزماقچى بولىدىكەنسىلەر ، ھەر ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرىمەن ، مەن مىراستىن كەچتىم ، ئۇنى سىلەرلا ئېلىڭلار . ئاتا - ئانىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمىدىڭلار ، مۇبارەك دىللىرىنى ئاغرىتتىڭلار . ئەمدى ئۇلارنى قەبرىدىمۇ تىنچ ياتقۇزمامسىلەر؟ ھەي نومۇسسىزلار ، — دەپتۇ .

ئىككى ئاكىسى كەنجى ئىنىسىنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ قەبرىگە تېگەلمەپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن دانىشمەننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ . ئىككى ئاكىسى ئىنىسى ئۈستىدىن دانىشمەنگە شىكايەت قىلىپ :

— بۇ ئىنىمىز سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇندىشىمىزغا يول قويمىدى . قىلىچ كۆتۈرۈپ ، ئالدىمىزنى توستى . ئەگەر ، ئاتىمىزنىڭ قەبرىسىنى بۇزساق ، بىزنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، تەھدىت سالدى ، — دەپتۇ . كىچىك ئوغۇلمۇ ئاتىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

قەبرىسىنى بۇزدۇرۇشقا يول قويالمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەپتۇ. بۇ ئۈچ بالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دانىشمەن ئىككى چوڭ ئوغۇلغا خىتاب قىلىپ:

— ئاتاڭلار سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتماي، بىزگە ھاۋالە قىلىپ قالدۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەمدى يېشىلدى. مەن سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئاتاڭلارنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا ئەۋەتكەنىدىم. بۇ ئىككىڭلار ئەسكىلىكىڭلار تۈپەيلىدىن شۇنداق يىرگىنچلىك ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىدىڭلار، ئىنىڭلار بۇنى رەت قىلدى، ھەتتا سىلەرنىمۇ بۇنداق ئىپلاسلىقتىن يېنىشقا دەۋەت قىلدى. ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلار ئىنساپ قىلىپ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ھەقىقىي مىراسخور كىم بولۇشى كېرەك؟ — دەپتۇ ۋە كىچىك ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يارايسەن ئوغلۇم، ئاتاڭنىڭ ھەقىقىي ئوغلى سەن ئىكەنسەن، ئاتا مىراسىغا پەقەت سەنلا ئىگە بولىسەن. بۇ ئىككى يارامسىز ئاكاڭ بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. مېنىڭ ھۆكمۈم مانا شۇ، — دەپتۇ.

ئەتىسى قازى بۇ ئۈچ ئوغۇلنى چاقىرتىپ، دانىشمەننىڭ ھۆكمىنى تەستىقلاپ، ئۈچ بالىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان مىراسىنىڭ ھەممىسىنى كەنجى ئوغلىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. يارامسىز ئىككى ئاكىسى ئىنتايىن ئوسال بولغان ھالدا قايتىپتۇ.

## تېپىلغان كوزا

بىر شەھەردە ئىبراھىم دېگەن ئەمگەكچان كىشى بار ئىكەن. ئۇ كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپ، تاپقان پۇلىدىن ئېشىنغىنىنى بىر كوزىغا يىغىپ، ئۇنى بىر چىلان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى ئىبراھىم كوزىدىكى پۇلدىن بىرئاز ئالغىلى كېلىپ

قارىسا ، ئۇ يەر باشقىلار تەرىپىدىن كولىنىپ ، ھېلىقى كۆمۈلگەن كوزا ئېلىپ كېتىلىپتۇ . ئىبراھىمنىڭ بېشى قېتىپ ، قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بىر يېقىن دانىشمەن دوستىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ . دانىشمەن ئىبراھىمنى باشلاپ ھېلىقى كوزا كۆمۈلگەن جايغا كېلىپ ، ئۇيان - بۇيان تەكشۈرگەن بولسىمۇ ، ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي تۇرغاندا ، بۇلارنىڭ ئۈستىگە قەلەندەر سۈپەت بىر ئادەم كېلىپ قاپتۇ . ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن :

— چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى تېبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ . بىرەيلەنگە چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى لازىم بولۇپ ، بۇ يەرنى كولىغان . بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا كوزا ئۇچرىغان . ئۇ ئالماقچى بولغان يىلتىز بىلەن كوزىنى ئېلىپ كەتكەن ، — دەپتۇ . بۇ ئۇچەيلەن سۆزلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بىر كىچىك بالا كېلىپ قېلىپ ، بولۇۋاتقان سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بۇلارغا :

— بىلدىم ، بىلدىم ، كوزىنى تېپىش ئاسان . بۇ ئاكام : «چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزى دورا بولىدۇ» دېدى . ئېھتىمال بىر تېۋىپ كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىر كىشىگە چىلان يىلتىزى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغان ، ئۇ كىشى كېلىپ بۇ چىلاننىڭ يىلتىزىنى كولىغان . نەتىجىدە ، قولىغا چىقىپ قالغان كوزىنى ئېلىپ كەتكەن . ئەمدى سىلەر شۇ يېقىن ئارىدا قايسى تېۋىپ كىمگە چىلان دەرىخى يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئېنىقلىساڭلار كوزا تېپىلىدۇ ، — دەپتۇ . ئىبراھىمنىڭ دانىشمەن دوستى بۇ دىۋانە سۈپەت ئادەم بىلەن كىچىك بالىنىڭ زېرەكلىكىدىن ھەيران بوپتۇ ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ .

دانىشمەن شۇ ئەتراپلاردىكى تېۋىپلاردىن كىمگە ، قاچان چىلان دەرىخى يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ . تېۋىپلاردىن بىرى :

— ھاجى ھەيدەر دېگەن بىر كىشىگە بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ كېلىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ۋىرۇغانىدىم ، ئۇ ئېلىپ كەلدى ، دورا ياساپ بەردىم ، — دەپتۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ .

ئىبراھىم دوستى بىلەن ھېلىقى كېسەل ئادەمنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . ئۇ ئادەم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن :

— تېۋىپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىلان دەرىخى ئىزدەپ ، ئاشۇ چىلان دەرىخىگە يولۇقتۇم ، ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇۋىنى كولاۋاتسام ئىچىگە لىق پۇل قاچىلانغان كوزا ئۇچراپ قالدى . ئۇنى ئېلىپ كەلدىم . ئەگەر ، ئىگىسى چىقىپ قالسا تاپشۇرۇپ بېرىمەن ، دېگەن نىيەت بىلەن ساقلاپ قويدۇم ، — دەپتۇ .

ئىبراھىمنىڭ دانىشمەن دوستى :

— ئۇ يەر ۋە ئۇ يەردىكى چىلانلار مۇشۇ كىشىنىڭ بولىدۇ . بۇ بىر ئاق كۆڭۈل ، كەمبەغەل ئادەم . ساۋابلىق ئۈچۈن بولسىمۇ شۇ كوزا بىلەن پۇلنى مۇشۇ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز ، — دەپتۇ .

ھېلىقى كېسەل ئادەم ئىبراھىمدىن كوزىدىكى پۇل سانى ۋە كوزىنىڭ بەلگىلىرىنى سوراپ ، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، كوزا بىلەن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ .

شۇنداق قىلىپ بىر دانىشمەن — ئالىم كىشى ھەل قىلالمىغان مۇشكۈل مەسىلىنى ئوقۇمىغان بىر ئادەم بىلەن بىر كىچىك بالا ھەل قىپتۇ .

## مېھمان ئەزىز

مۇئىن ئىبنى زايىد ھاكىمنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئۈچ يۈز كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ . مۇئىن ئىبنى زايىد ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ .

ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە بىر ياش بالىمۇ بار ئىكەن ، ئۇ ئورنىدىن

تۇرۇپ :

— ئەي هاكىم ، ئۇسساپ كەتتىم ، بىر چىنە سۇ بەرگىن ، ئۇسسۇز پېتىم ئۆلۈپ كەتمەي ، — دەپتۇ .

مۇئىن ئىبنى زايىد سۇ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ . بالا چىنىنى قولىغا ئېلىپ :

— ھەممە ئەسىرلەر ئۇسسۇزدۇر ، مەن سۇ ئىچىپ ، ئۇلارغا بەرمىسەم ، بۇ ئىنساپسىزلىق بولىدۇ . بەرسەم ئۆزۈم ئۇسسۇز قالىمەن ، ئەلۋەتتە ھەممىمىزنى ئوخشاشلا ئۆلتۈرىسەن ، بۇنىڭغا ئىشىنىمىز ، مەرھەمەت قىلىپ ، ھەممىمىـــــــزگە سۇ بېرىشكە رۇخسەت بەرسەڭ ، ئۇسسۇزلۇقتا ئۆلمەيلى ، — دەپتۇ .

مۇئىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەممە ئەسىرلەرگە سۇ بېرىلىپتۇ . ئەسىرلەر سۇنى ئىچىپ ، تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىن كېيىــن ، ھېلىقى بالا ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ئەي هاكىم ، سۇيىڭنى ئىچىش بىلەن ھەممىمىز سېنىڭ مېھمىنىڭ بولدۇق ، مېھماننى ئۆلتۈرۈش پەزىلەتلىك كىشىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر ، — دەپتۇ .

مۇئىن ئىبنى زايىد بالىنىڭ بۇ چىرايلىق ھەم تەسىرلىك سۆزىدىن زوقلىنىپ ، ھەممە ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىپتۇ .

## نادانىنىڭ سۆھبىتى

ئىراق ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى مەشھۇر بىر ئالىمغا قازىلىق مەنسىپىنى بەرمەكچى بوپتۇ . ئالىم ئۇنىڭ تەكلىپىنـــى قوبۇل قىلماپتۇ . ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا تەن جازاسىدىنمۇ ئېغىرراق جازا بەرمەكچى بولۇپ ، ئۇنى زىندانغا قاماشنى بۇيرۇپتۇ . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر جاھىل ، تەلۋە ۋە نادان بىر ئادەمنىمۇ قوشۇپ قاماشنى گۇندىپايغا ئېيتىپتۇ . ئاندىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئالىم داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ۋە ھۆكۈمدارغا :

— تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلاي ، مېنى مۇشۇ جاھىل ، تەلۋە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نادان ئادەم بىلەن سۆھبەتداش بولۇشتىن قۇتقۇزۇڭ ، — دەپ ئەرز قىپتۇ .

ھۆكۈمدار ئالىمنى ئازاد قىپتۇ ۋە ئۇنى قازىلىق مەنسىپىگە تەيىنلەپتۇ .

## دېھقاننىڭ سوۋغىسى

نىزامۇلمۇلۇك دېگەن ئالىيجاناب ۋە ئادىل بىر ۋەزىر بار ئىكەن . ئۇنىڭ ئالدىغا بىرى بىرەر سوۋغا ئېلىپ كەلسە ، ئۇ سوۋغىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىۋېتىدىكەن .

بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر دېھقان ئۇنىڭغا ئۈچ دانە تەرخەمەك ئېلىپ كىرىپتۇ . ۋەزىر بۇنى ئۆزى يەۋېتىپ ، دېھقانغا مىڭ دىنار پۇل ئىنئام بېرىپتۇ . ۋەزىر بېغىغا دەم ئېلىشقا چىققاندا ، ئۇنىڭ بىر كۈتكۈچى مۇلازىمى :

— جانابلىرى ، نېمىشقا ئۇ ئۈچ تەرخەمەكنى ئۆزىڭىزلا يەۋالدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ئادىل ۋەزىر مۇلايىملىق بىلەن :

— ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەرخەمەكلەر بەك قىرتاق ئىكەن . ئۇنى باشقىلارغا بەرسەم ، ئۇلار ئۇنىڭ تەمىنىڭ يامان ، قىرتاقلىقىدىن دېھقاننى يامان سۆز بىلەن تىللاپ قويۇشىدۇ . شۇڭا ، دېھقاننىڭ دىلى ئازار يېمىسۇن دېدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## ئىككى خىل تەبىر

سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىي ھەممە چىشى چۈشۈپ كېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ ، كۆرگەن چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ . ئۇ دەرھال چۈش ئۆرۈگۈچى بىر مۇنەججىمنى چاقىرتىپ ، ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپتۇ ۋە تەبىر بېرىشنى بۇيرۇپتۇ . چۈش ئۆرۈگۈچى كىشى تەكەببۇر ، ئويلانمايلا سۆزلەۋېرىدىغان ئادەم ئىكەن . ئۇ

مەھمۇت غەزنەۋىيگە :

— ئۆزلىرىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ، تۇغقانلىرى سىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ . چۈشلىرىنىڭ تەبىرى شۇ ، — دەپتۇ . بۇ تەبىر سۇلتانغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا بېرىپتۇ . ئىككىنچى بىر چۈش ئۆرۈگۈچىنى چاقىرتىپتۇ . بۇ چۈش ئۆرۈگۈچى تەدبىرلىك ، ئېھتىياتچان ، دانا كىشى ئىكەن . ئۇ ئويلىنىۋېلىپ ، سۇلتانغا :

— بالا ـ چاقا ، تۇغقانلىرىڭىزدىن كۆرە سىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنسىز ، — دەپتۇ .

سۇلتانغا بۇ تەبىر ياققانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپتۇ . سۇلتان يېنىدا تۇرغانلارغا :

— ھەر ئىككىلا چۈش ئۆرۈگۈچىنىڭ تەبىرى بىرلا ، پەقەت بىرىنچىسى ئۆزىنىڭ نادانلىقى سەۋەبىدىن ئويلىماي ، ئېھتىيات قىلماي ، قوپاللىق بىلەن تەبىر بەردى . شۇڭا ، ئۇنىڭغا جازا بەردىم . ئىككىنچىسى بولسا دانا ، ئېھتىياتچان ، ئويلاپ سۆزلەيدىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭغا ئىنئام بەردىم ، — دەپتۇ .

## ھاتەمنىڭ مەردلىكى

بىر نادان ، تەلۋە ئادەم ھاتەم تەيگە كۆپ جەبىر ـ جاپا سېپتۇ . ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆزلەر بىلەن ئۇنى ھاقارەتلەپتۇ . ئەقىللىق كىشىنىڭ بىر نادان بىلەن تاكاللىشىپ تۇرۇشىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھاتەم گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋېرىپتۇ . ھېلىقى نادان ئادەم تىللاشتىن ھېرىپ ، توختىغاندىن كېيىن ، ھاتەم ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ :

— يەنە دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ ؟ بولسا ئۆزۈمگە دەپ تۈگەت . «ئەقىلسىز ، نادان ئادەم ئەدەپسىزلىك قىلسا ، ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشماي ، ئەدەپسىزلىكىنى كەچۈرۈشتىن باشقا چارە يوق » دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆز بار . شۇڭا مەن سىنىڭ ھەممە ھاقارەتلىرىڭگە جاۋاب قايتۇرماي جىم تۇردۇم . سىنى ئەپۇ قىلدىم .

## نامرات دەرۋىش ۋە تەكەببۇر قازى

قازىكالاننىڭ مەھكىمىسىگە مولللار يىغىلىپ دىنىي مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشۋاتقانىكەن ، شۇ سۆھبەت ئۈستىگە كىيىملىرى يىرتىق بىر كەمبەغەل دەرۋىش كىرىپ ، موللا ۋە بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ .

قازى بۇ دەرۋىشنىڭ بۇ زاتلار ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپتۇ :

— ھەي دەرۋىش ، سەن نېمىشقا مولللار بىلەن بۇ ئۇلۇغ بايلىرىمىزنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردۇڭ ، ئۆز مەرتىۋەڭنى بىلمەمسەن ؟ دەرھال ئورنىڭدىن تۇرۇپ پەگاھ تەرەپتە ئولتۇر ، بولمىسا چىقىپ كەت ! — دەپتۇ . قازىنىڭ خىزمەتكارى شۇئان كېلىپ دەرۋىشنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ :

— سەن بۇ ئۆلىما ، بايلارنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرۇشقا لايىق ئادەم ئەمەسسەن . نېمىشقا ئۆزۈڭنى چاغلىماي ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇرىسەن ؟ پاشىنىڭ يولۋاس بىلەن تەڭ كەلگىنى نەدە بار ؟ سەن ھېچقانداق ئىلمى يوق بىر دەرۋىش تۇرساڭ ، موللا ۋە بايلارنىڭ بۈنىڭدەك بىر ئىلمىي مۇھاكىمە سۆھبىتىگە قانداق قاتنىشالايسەن ؟ دەرھال ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ، پەگاھدا ئولتۇر . بولمىسا سىنى ھازىر قوغلاپ چىقىرىمەن ، — دەپتۇ .

دەرۋىش ھەسرەتلىنىپتۇ . دىلى رەنجىپ ، ئىلاجسىز پەگاھغا چۈشۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ . مولللار بىر مەسىلە ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمەي ، بىر ـ بىرىنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ ، ئاخىر بىر ـ بىرىگە خورازلاردەك ھۈرپىيىشكە ، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ جېدەللىشىشكە ، ياقا سىقىشىشقا ئۆتۈپتۇ . لېكىن ، مەسىلە ھەل بولماپتۇ . بۇلارغا قاراپ جىم ئولتۇرغان دەرۋىش ، بۇلارنىڭ بۇ

قىلىقلىرىغا چىداپ تۇرالماي ، ئۇلارنى جىدەلنى توختىتىشقا دەۋەت قىپتۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ :

— گۇرەنلىرىڭلارنى كۆپتۇرۇپ ، بىر - بىرىڭلار بىلەن جىدەل قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلالمايسىلەر ، مەسىلە — دەلىل - ئىسپاتسىز ھەل بولمايدۇ . مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە لايىق بىلىمىم بار . قېنى سىلەر ئەينى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار ، مەن ئۆز بىلگىنىمچە جاۋاب بېرىپ كۆرەي .

سۆھبەت ئەھلى جىمىپ ، ئوتتۇرىدا تالاش بولۇۋاتقان مەسىلىنى دەرۋىشكە ئېيتىشىپتۇ . دەرۋىش ئۇلارغا يېقىملىق ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپتۇ ۋە مەسىلىنى ھەل قىپتۇ . مەجلىس ئەھلى ھاياجانلانغىنىدىن دەرۋىشكە رەھمەتلەرنى ئېيتىشىپتۇ .

تەكەببۇر قازىمۇ دەرۋىشنىڭ ئىلمىگە قايىل بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يىپەك تونى بىلەن سەللىسىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىپتۇ ۋە :

— ئەي دەرۋىش ، سىنىڭ قەدىر - قىممىتىڭنى بىلمەپتىمەن . قېنى تۆرگە مەرھەمەت قىلغىن ، — دەپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ .

ئەمما ، دەرۋىش قازىنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلماپتۇ . ئۇ قازىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ :

— تەكەببۇرلۇقتا سەۋەبچى بولىدىغان بۇ تون بىلەن سەللە ماڭا كېرەك ئەمەس . مۇشۇ ئەسكى - تۇسكى كىيىمىم مېنىڭ ئەقىل - پاراستىمنى تۆۋەنلىتەلمىگىنىگە ئوخشاش ، بۇ يىپەك تون بىلەن زەر باسقان سەللىمۇ مېنىڭ ئەقىل - پاراستىمنى ئاشۇرالمايدۇ . ئەقىل كىيىمدە ئەمەس باشتا . شۇنداق كىشىلەر باركى ، ئۇلار قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىشىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنى پەردازلىسىمۇ ، ئىلىم - مەرىپەتتىن ، ئەدەپ - ئەخلاقتىن ئەسلا خەۋىرى يوقتۇر . ئۇنداق كىشىلەرنى باشقىلاردىن يۇقىرى ، كونا كىيىملىكلەرنى تۆۋەن ساناش ئىنساپسىزلىقتۇر . ئەقىل - ئىدراك ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش كېرەك . «ئۆزىگە قارىما ، سۆزىگە قارا» دېگەن ھېكمەتلىك ماقالىدىكىدەك ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ كىيىم ـ كېچەك ، سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئىلىم ـ بىلىمىگە ، ئەقىل ـ پاراسىتىگە ، سۆزىگە ، ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قاراش كېرەك .

## بىرىگە ئۇرا كولىساڭ . . .

ئىراننىڭ بىر شەھىرىدە ئۆزىنىڭ ئەسكى مىجەز ـ خۇلقى بىلەن نام چىقارغان ئۇبەيد دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىقسىزلىقى بىلەن باشقىلارنىڭ پاراۋانلىق خامىنىغا ئوت قويۇپ ، ئۆزى يامان ئەخلاق ، بۇزۇقلۇقنىڭ ئېگىز ـ پەس ، ۋەيرانە خارابىزارلىقلىرىدا يۈرىدىكەن . مەردلىك ۋە ئىنسانىيەتچىلىك داستىخىنىنىڭ نېمەتلىرىدىن ئېغىز تەگمەيدىكەن . بىراق بۇ نومۇسسىز ، هاياسىز ئۇبەيدنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ، ئەخلاقلىق ، تەربىيە كۆرگەن بىر ئايالى بار ئىكەن . نائەهلى ئۇبەيد بۇ ئايالغىمۇ زادىلا ئوچۇق چىراي ، خۇشخۇي ، گۈزەل سۆزلەر بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىكەن . ھەرقانداق شارائىتتا ئايالغا زەردە بىلەن جاۋاب بېرىدىكەن . بۇ بىر شائىرنىڭ :

نەسىھەت تىڭلىماس دىل سەختى مەھجۇب[1] ،
كۆكەرمەس تاشقا يامغۇر ياغسىمۇ كۆپ .

دېگىنىدەك ، ئايالنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھەرقانداق نەسىھەتلىرى بۇ ئەدەپسىز ئادەمگە قىلچىمۇ تەسىر قىلمايدىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇبەيد ئۆيىگە كېلىپ ، ئايالىنى سەۋەبسىز ئۇرۇشقا باشلاپتۇ . جاھىللىقى بارغانچە ئۇرلەپ ، يوغان بىر تاشنى ئېلىپ ، ئايالنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇپتۇ . ئايال شۇ جايدىلا تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ .

بېيىت :

---

[1] سەختى مەھجۇب — قاتتىق ئۇرالغان ، قېتىپ كەتكەن ، ئۆيۈل تاشتەك ، قاتتىق .

ئەل ئامان ، يۈز ئەل ئامان ، ناجىنسلاردىن ئەل ئامان ،
ياخشى ئۆلپەتلەر بىلەن بولغىل ھەمىشە ، ئەي جەۋان .

ئۇبەيد ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىدىن قورقۇپ ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇ ئايالىنىڭ جەستىنى خالىيراق بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ . ئاندىن بىشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن ، تەجرىبىلىك بىر ئادەمنى تېپىپ ، بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەت سورىماقچى ۋە شۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرمەكچى بوپتۇ . ئۇ شۇ نىيەت بىلەن كوچىغا چىقىپ ، ئەزىم خوجا دېگەن بىر سودىگەرگە يولۇقۇپ قاپتۇ ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۇنى توختىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . بۇ پاجىئەنى قانداق قىلىپ يوشۇرۇش ۋە جازالىنىشتىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ ، سودىگەر بىرئاز ئويلىنىپ :
— كېلىشكەن بىر يىگىتنى ئۆيۈڭگە باشلاپ كىر ، شۇ ئۆيدە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، جەستىنى ئايالىڭنىڭ جەستى بىلەن بىر يەرگە ياتقۇز . ئاندىن ئەتراپتىكى قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىپ : «ئىشتىن قايتىپ كەلسەم ، ئايالىم بىر ياش يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ . ۋىجدانىم ئازابلىنىپ ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈردۈم» دەپ جاكارلا . شۇنداق قىلساڭ ، خەلق ساڭا ئىشىنىپ قالىدۇ . شۇ چاغدا جازادىن قۇتۇلۇپ قالىسەن ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ .
سودىگەرنىڭ بۇ ياۋۇز مەسلىھەتى ئۇبەيدكە ياراپتۇ . ئۇ شۇ بويىچە كېلىشكەن بىر يىگىتنى تېپىپ :
— ئىنىم ، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى . مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ زادىلا تاماق يېيەلمەيتتىم . ھازىر تاماقنى تەييارلاپ قويۇپ «كوچىدا كىم ماڭا بىرىنچى بولۇپ يولۇقسا شۇ كىشىنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىمەن» دەپ كوچىغا چىقىۋىدىم ، تەلىيىمگە سىز يولۇقتىڭىز ، ئۆيۈمگە كىرىپ ماڭا ھەم مېھمان ھەم ھەمراھ بولۇپ ئاندىن قايتىسىڭىز ، — دەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىگىت ھەرقانچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتسىمۇ ، ئۇبەيد زادىلا ئۇنىماي ، چاپلىشىپ تۇرۇۋېلىۋاپتۇ . ئاخىر يىگىت ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ . بەتنىيەت ئۇبەيد دەرھال ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ يىگىتنى ئۆلتۈرۈپتۇ . يىگىتنىڭ جەسىتىنى ئايالىنىڭ جەسىتى بىلەن بىر يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ ، قوشنىلىرىغا سودىگەرنىڭ دېگىنىدەك خەۋەر قىپتۇ . بۇ چاغدا سودىگەر ئەزىم خوجا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىكەن ، ئۇبەيد ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ :

— مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىشنى پۈتتۈردۈم ، — دەپ ھېلىقى يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپتۇ . ئەزىم خوجا داد ـ پەرياد دېگىنىچە ئۆزىنى جەسەتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ . بۇ ئەزىم خوجىنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەن . بەتنىيەت سودىگەر ئۆزىنى ئۇرۇپ ، زارلىغىنىچە يىغلاشقا باشلاپتۇ . ئاخىر ئەلەمگە چىدىماي بىر تاشقا ئۇسۇپ ، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ئۆلۈپتۇ . سودىگەر ئۆزىنىڭ شۇملۇقى بىلەن بەرگەن مەسلىھەتىنىڭ دامىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ .

كىمكى كوچا ئۈستىگە قويسا تۇزاق ،
ئۆزى سالغاي شۇ تۇزاق ئىچرە ئاياغ .

يىغلىغان كىشىلەر ئۇبەيدنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ . ئۆيدە ياتقان ئۈچ جەسەتنى كۆرۈپ ، يىغلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئاپتۇ . قاتىل ئۇبەيدنى چەمبەرچاس باغلاپتۇ . ئەھۋالنى شەھەر ھاكىمىغا مەلۇم قىپتۇ . ھاكىم نەق مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ . ئۇبەيدكە تام قوشنا ئولتۇرىدىغان بىر ئايال تۇڭلۇكتىن ئۇبەيدنىڭ قىلغان بۇ جىنايەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ . ھاكىم ئۇبەيدنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ ، ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىپتۇ .

بېيىت :

كىمكى بەدكارۇ بەدخەيال بولسا ،
ياخشىلىقنىڭ يۈزىن قاچان كۆرگەي ؟

# ياۋۇزلۇقنىڭ جازاسى

ئىسپاھانلىق بىرنەچچە دوستلار سەيلە قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار بىر يېزىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەكبەر دېگەن بىرى ئۆزىنىڭ بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپتۇ:

بىر قېتىم ساياھەتكە چىققان ۋاقتىمىزدا، يېنىمدا ئون مىڭ تەڭگە سېلىنغان پۇل قاپچۇقۇم بار ئىدى. بىز بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشتۇق. يېنىمدىكى پۇل قاپچۇقۇمنى ئېھتىيات قىلىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي يوشۇرۇن كۆمۈپ قويدۇم. مېڭىش ۋاقتىدا ئالدىراشچىلىقتا ھېلىقى كۆمۈپ قويغان تىللانى ئۇنتۇپ قېلىپ، كېتىپ قاپتىمەن. دەل مۇشۇ يېزىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ قاپچۇق ئېسىمگە چۈشتى. مەن ھېلىقى قونالغۇغا يالغۇز قايتىپ بېرىپ، ھېلىقى جاينى ئاختۇردۇم. كۆمگەن پۇلۇم شۇ بويىچە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ئېلىپ قايتتىم. شۇ ئارىدا كۈن ئولتۇرۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقىلى تۇردى. ئالدىمدا بىر يېزا كۆرۈندى. شۇ يەرگە قاراپ ماڭدىم. يېزىغا كىرىشىمگە بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ كىشى مېنى تەكەللۇپ بىلەن تۆرگە تەكلىپ قىلدى. داستىخان سېلىپ تاماق ئېلىپ كەلدى. ساھىبخان بىلەن بىرگە تاماق يېدىم. خېلى ۋاقىتقىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق.

ئۇخلاش ۋاقتى بولغاندا، ئۆي ئىگىسى ماڭا: «ئەزىز مېھمان، سىز مۇشۇ ئۆيدە ئۇخلاڭ. ئورۇن - كۆرپە ئاۋۇ تەكچىدە، ئەگەر يېنىڭىزدا ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق ئېسىل ماللىرىڭىز بولسا، ماڭا ئامانەت قويۇپ قويۇڭ، مۇبادا ئوغرىلار سىزدە ئۇنداق نەرسە بارلىقىنى بىلىپ قالغان بولسا، بىر دەمدىن كېيىنلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ» دېدى.

مەن خالتىنى ئۇنىڭغا بەردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر ئازدىن كېيىن ، ئۇ ئەر – خوتۇن ئىككىسى ياتقان ئۆيدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نېمىدۇر بىر نەرسە ھەققىدە دە تالاش باشلاندى . مەن ئۆزۈمچە ئويلىنىپ ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم . تونۇمىغان ، بىلمىگەن بىر ئادەمگە شۇنچە ئالتۇننى تۇتقۇزۇپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم . ئاخىر بولالماي ، ئۆي ئىگىسىنى چاقىردىم .

— ھەي ئەزىز بۇرادەر ، مەن ئەتىگەن مېڭىپ كېتىمەن ، سىزنى ئويغىتىپ ئاۋارە قىلماي ، ھېلىقى ئامانەتنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەرسىڭىز ، — دېدىم .

ئۇ ئادەم ئامانەتنى شۇ ھامان ئەكىرىپ بەردى .

مەن قاپچۇقۇمنى تەكشۈرۈپ قارىسام ، ئەينەن تۇرۇپتۇ . بېسىلغان مۆھۈرۈممۇ بۇزۇلماپتۇ . ئۆي ئىگىسىنىڭ ساپ ۋىجدانلىق ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم .

بىر ئازدىن كېيىن ، ئەر – خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا جېدەل قىلىشىۋاتقانلىقىنى يەنە ئاڭلاپ قالدىم ، بىرىنىڭ ئىشىكتىن تىڭشاپ باقتىم . ئايالى ئېرىگە :

— تازىمۇ نادان ، توخۇ يۈرەك ئادەمكەنسەن ، قولۇڭغا شۇنچە بايلىق چۈشكەندە ، بىكارغىلا قولدىن چىقىرىۋەتتىڭ . ئۇ بىر مۇساپىر يولۇچى تۇرسا ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسەڭ بۇ ئىشنى كىم بىلەتتى ؟ — دېدى . ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماڭا ۋەھىمە چۈشتى . بار – يوقۇمنى يىغىشتۇردۇم – دە ، ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ يوغان دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم . شاخ – شۇمبىلار بىلەن ئۆزۈمنى دالدا قىلدىم . ئۇلارنىڭ يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن . ئۇ دائىم ئىچىملىكنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئاتا – ئانىسىنى بىزار قىلىدىكەن . شۇ كېچىسىمۇ ئۇ مەست كەلگىنىچە ھېلىقى مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە مەن ياتقان ئورۇنغا دۈم چۈشكىنىچە ئۇخلاپ كەتتى . پاك ، ۋىجدانلىق ئەر ساھىبخانىنىڭ : «ئالتۇن – كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك

نەرسىلىرىڭىز بولسا ماڭا ئامانەت قويۇپ قويۇڭ ، ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ سىزدە بارلىقىنى ئوغرىلار سېزىپ قالغان بولسا ، هازىرلا يېتىپ كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئاشۇ ئوغلىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى هېس قىلدىم .

ئەر ـ خوتۇن جېدەلدىن توختىغاندىن كېيىن ، ئەر ئۇخلاپ قالدى . ئايال ئورنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ، يوغان بىر پارچە تاشنى قولىغا ئېلىپ ، مەن ياتقان ئۆيگە كىردى . ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا ، ياتقان ئادەمنى مەن دەپ ئويلاپلا ، مەست ياتقان ئوغلىنى قولىدىكى تاش بىلەن بىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويدى . ئاندىن ئۇ خاتىرجەم هالدا مېنىڭ تىللا سالغان قاپچۇقۇمنى ئىزدەشكە باشلىدى . ئۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن ئېرىنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا :

— يولۇچىنى ئۆلتۈردۇم . تېز ئورنىڭدىن تۇر . تاڭمۇ يېقىنلاپ قالدى . يولۇچىنىڭ جەسىتىنى بىر يەرگە كۆمۈۋېتەيلى ، ئاندىن ئۇنىڭ تىللا سالغان قاپچۇقىنى تاپايلى ، — دېدى .

ئېرى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى . خوتۇنىغا لەنەتلەر ئوقۇپ ، جەسەتنى ئالغىلى ئۆيگە كىردى . چىراغ يېقىپ ، قاراپ ئۆلگۈچىنىڭ يولۇچى ئەمەس ، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئايال داد ـ پەرياد سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى .

بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەن ئېرى خوتۇنىغا :

— ياۋۇزلۇقىڭنىڭ جازاسى مانا مۇشۇ بولدى . بىگۇناھ بىر كىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن دار قۇرغانىدىڭ ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئېسىلدىڭ . ئەمدى زارلىغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى ؟ — دېدى .

ئايال ئەلەمگە چىدىماي ، ئوغلىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن تاشنى ئېلىپ ، ئۆز بېشىغا ئۇرۇپ ئۆلۈۋالدى .

ئۆي ئىگىسى مېنى ئىزدەشكە كىرىشتى . مەن دەرەختىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم .

— قەدىرلىك مېھمىنىم ، — دېدى ئۇ ، — بۇ يۈز بەرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇدھىش ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم، ئەپۇ قىلغايسىز. باشقا يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ياخشى قىپسىز. بولمىسا مېنىڭ ئۇ ياۋۇز ئايالىم ياكى ھاراقكەش ئوغلۇم سىزگە زىيان سالغان بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەكبەر بىلەن ھېلىقى ئىنساپلىق ئادەم ئىككىسى شۇنىڭدىن باشلاپ سەمىمىي دوست بولۇپ قېلىشتى.

بېيىت:

مەردلەرنىڭ ئىشلارىن ئەندىشە قىل،
تا تىرىكسەن ياخشى ئىشنى پىشە قىل.

## قانائەتنىڭ پايدىسى

بۇرۇن كابۇل شەھرىدە تۇرىدىغان ئىككى كىشى تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىدىن ياردەم سوراش مەقسىتىدە غەزنە شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارغا يولدا بىر ھەمراھ قوشۇلۇپتۇ. بۇ ئىنتايىن قانائەتلىك ئادەم بولۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن، تاپقىنىغا قانائەت قىلىدىكەن. ھېلىقى ئىككى ئادەم بۇ قانائەتچان ئادەمگە نېمە مەقسەت بىلەن غەزنە شەھرىگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ كىشىنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن سەپەرگە چىققانلىقىنى سوراپتۇ. قانائەتچان كىشى ئۇلارغا:

— مەن بىر ياغاچچى، ئۆزۈمنىڭ كەسپىم بىلەن ئىشلەپ تاپقان ھالال پۇلۇمغا قانائەت قىلىمەن، ھېچكىمدىن بىر نەرسە تەمە قىلمايمەن. سۇلتاننىڭ ئىنئام-ئېھسانىغا ئېھتىياجىم يوق. پەقەت، غەزنە شەھرىنى بىر كۆرۈپ كېلىش ئارزۇسىدا سەپەرگە چىقىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار غەزنە شەھرىگە كېلىپ بىر ۋەيرانە جايغا چۈشۈپتۇ. بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئىككىيلەن سۇلتاننىڭ

ئوردىسىغا كىرىپ، نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ ۋە ھېلىقى قانائەتچان كىشىنىڭ ئوردىغا كېلىشكە ئۈنىمىغانلىقىنى سۇلتانغا مەلۇم قىپتۇ. سۇلتان ئادەم ئەۋەتىپ، قانائەتچان كىشىنىمۇ چاقىرتىپ كەپتۇ. سۇلتان بۇلاردىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى قايتىلاپ سوراپتۇ. بۇ ئۈچەيلەننىڭ بىرى سۇلتاندىن بىر خالتا ئالتۇن تەلەپ قىپتۇ. ئىككىنچىسى ئۆزىنىڭ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنلىكىنى، مۇمكىن بولسا سۇلتاننىڭ ئۆز ئوردىسىدىكى چۆرە قىزلاردىن بىرسىگە ئۆيلەپ قويۇشىنى تەلەپ قىپتۇ. سۇلتان بۇ ئىككىيلەننىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، قانائەتچان كىشىدىن:

— غەزنە شەھىرىگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا كېلىشكە ئۈنىمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قانائەتچان كىشى:

— مەن غەزنە شەھىرىگە سەيلە قىلىش ئۈچۈنلا كەلدىم. مەن ئۆز ھۈنىرىم بىلەن كۈن كەچۈرۈشنى خالايمەن، نومۇسۇمنىڭ تۆكۈلۈشىنى خالىمايمەن. سىزنىڭ بېرىدىغان ئىنئام - ئېھسانىڭىز ماڭا لازىم ئەمەس. شۇڭا، ھوزۇرىڭىزغا كەلمىگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن، سۇلتان مەھمۇت ئۇنىڭغا ئىنئام بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرىگە بىر خالتا ئالتۇن بېرىپتۇ. ئىككىنچىسىگە ئوردىدىكى چۆرە قىزلاردىن بىرسىنى نىكاھلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار سۇلتاننىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقچى بوپتۇ، ئۇلار شەھەردىن چىقىپ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئالتۇن ئالغىنى ھېرىپ قېلىپ، خالتىنى قانائەتچان كىشىنىڭ بىرئاز كۆتۈرۈپ مېڭىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ...

سۇلتان مەھمۇت قانائەتچان كىشىنىڭ بېرىلگەن ئىنئامنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، خىزمەتچىسىگە ھېلىقى ئۈچ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قولىدا خالتىسى، يېنىدا چۆرىسى يوقىنى دەرھال ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ .

سۇلتان خىزمەتچى ئېلىپ كەلگەن باشنىڭ خالتىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ، خىزمەتچىگە :

— خاتا ئۆلتۈرۈپسەن ، دەرھال بېرىپ ، خالتا ۋە چۆرە خوتۇنى يوقنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەل ! — دەپ بۇيرۇپتۇ .

بۇ چاغدا چۆرە ئايالى بار كىشى ئايالىنى قانائەتچان كىشىنىڭ يېنىغا قويۇپ ، تاھارەت ئېلىشقا يىراقراق يەرگە كەتكەنىكەن ، خىزمەتچى كېلىپ ، ئۇنى شۇ جايىدىلا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ ، بېشىنى ئېلىپ كەپتۇ . سۇلتان ھەيران بولۇپ : «خالتىسى ۋە چۆرە ئايالى بار كىشىنى ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇپ كەل !» دەپ خىزمەتچىسىگە يەنە بۇيرۇپتۇ . خىزمەتچى قوغلاپ بېرىپ ، قانائەتچان كىشىنى تۇتۇپ كەپتۇ .

سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى ؟ — دەپ سوراپتۇ . قانائەتچان كىشى مۇنداق دەپتۇ :

— سىز ئۇلارغا ئالتۇن ۋە چۆرە قىزنى ئاتا قىلدىڭىز ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جېنىنىمۇ ئۆزىڭىز ئالدىڭىز . مەن سىزدىن ھېچنېمە ئالمىغىنىم ئۈچۈن ساق قالدىم .

سۇلتان ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ :

— مەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىل ! — دەپ ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىپتۇ . قانائەتچان كىشى :

— بولىدۇ ، ئۇنداق بولسا سىزدىن ئۈچ نەرسە سورايمەن . ئاۋۋال ، خالتىدىكى ئالتۇنلارغا يەنە بىرئاز ئالتۇن قوشۇپ ، ۋاپات بولغان ئىككىيلەننىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ ئۇلاردىن گۇناھىڭىزنى سوراڭ ؛ ئىككىنچى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىھۇدە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرمەڭ ، ئۆزىڭىزگە ئادالەتلىكنى يېتەكچى قىلىڭ ؛ ئۈچىنچىسى ، سىزدىن ھېچ نەرسە تىلىمەيمەن . ئەگەر رۇخسەت بەرسىڭىز ، خوتۇن ـ بالامنى بۇ غەزنە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ ، ئۆز ھۈنىرىم بىلەن

تىرىكچىلىك قىلسام، — دەپتۇ.
سۇلتان مەھمۇت ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:
— مېنىڭ ئۈچ تەلىپىم بار. سىزمۇ قوبۇل قىلىڭ. بىرىنچىسى، مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمنى كەچۈرۈڭ؛ ئىككىنچىسى، مېنىڭ قىلغۇاتقان ئىشلىرىم توغرۇلۇق ماڭا مەسلىھەت بېرىپ تۇرۇڭ؛ ئۈچىنچىسى، ھەر جۈمە ئاخشىمى مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ، سۆھبىتىڭىزدىن بەھرىمەن بولاي.
قانائەتچان كىشىمۇ سۇلتاننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ.

بېيىت:
گەر قانائەتلىكنى قىلساڭ ئىختىيار،
بولمىغايسەن دۇنيادا ھېچ خارۇ - زار.

# توغرا سۆزلۈك بولۇشنىڭ پايدىسى

قەدىمي ئەرەب ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان ھەججاج بىر كىشىدىن خاپا بولۇپ، ئۇنى قاماپ قويۇپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ تۇغقانلىرى ھەججاجنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— تۇغقىنىمىزنى ئەيىبكار ھېسابلاپ قامىغانىكەنسىز، ئۇ بىر دەلدۈش، ساراڭ قېتىش ئادەم، بۇنداق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. ئىلاج بولسا تۇغقىنىمىزنى قويۇپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز، — دېيىشىپتۇ.
ھەججاج ئۇلارغا:
— سۆزۈڭلار توغرا بولسا، ئۇ تۇغقىنىڭلار ئۆزىنىڭ تەلۋە، ساراڭ قېتىش ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسۇن، ئاندىن قاماقتىن بوشىتىمەن، — دەپتۇ.
مەھبۇسنىڭ تۇغقانلىرى تۈرمىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەججاجنىڭ شەرتىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم ھەججاجنىڭ شەرتىنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ئەقىل ـ ھوشۇم جايىدا ، ساق ـ سالامەت تۇرسام ، نېمىشقا تەلۋە ، ساراڭلىقنى ئۇستۇمگە ئالىدىكەنمەن ؟ ھەججاج مېنى نېمە قىلسا قىلسۇن . مەن ئۇنداق شەرتنى ئۇستۇمگە ئالالمايمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .
ھەججاج ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ راست سۆزلۈكى ، مۇستەھكەم ئىرادىلىكلىكى ئۈچۈن ئۇنى قاماقتىن بوشىتىپتۇ .

## ساداقەتلىك ئايال

بەسرە شەھىرىنىڭ ھاكىمى بىر كۈنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ . باغۋەننىڭ ئىپپەتلىك ، نومۇسچان ۋە ئىنتايىن گۈزەل ئايالى بار ئىكەن . ھاكىم بۇ گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ، باغۋەننى ئۇزاق بىر يەرگە ئىشقا بۇيرۇپتۇ . ئاندىن ئايالغا باغنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ . ئايال ئىشنى ئورۇنداپ كەلگەندىن كېيىن ، ھاكىم :
— ھەممە ئىشىكنى تاقىدىڭمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ، ئايال پەقەت بىر ئىشىكنى تاقاشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . ھاكىم ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن ، ئايال مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ :
— ئۇ ئىشىك مېنىڭ ۋىجدانىم ۋە ئېرىمگە بولغان ساداقىتىمنىڭ ئىشىكى ئىدى .
ھاكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ خىجىل بولۇپ :
— سىڭلىم ، مېنى ئەپۇ قىل ، — دەپتۇ ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ ، ئۇ ئايالدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ .

## تۈز ھەققى

بىر ئوغرى كېچىسى لەخمە كولاپ ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىپتۇ . ئۇ يەردىن ئالتۇن ۋە قىممەت باھالىق گۆھەرلەرنى ئېلىپ قايتىشىغا ، خەزىنىنىڭ بىر چېتىدە ئالماستەك يالتىراپ

تۇرغان بىر نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇ خەزىنە ئىچىدىكى كىچىنىك بۇ قاراڭغۇلۇقتا ئۇنى پەرق ئېتەلمەي ، بەلكىم «گەۋھەرى شەبچىراغ» دېگەن نەرسە مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلاپ ، قولىغا ئېلىپ ، ئۇنى تىلى بىلەن يالاپ بېقىپتۇ . ئەسلىدە بۇ بىر پارچە ئۇيۇل تۇز ئىكەن . ئوغرى بىردىنلا ئالغان ھەممە نەرسىلىرىنى جاي - جايىغا قويۇپ قويۇپ ، خەزىنىدىن ئۆزى كولىغان لەخمە ئارقىلىق قۇرۇق قول چىقىپ كېتىپتۇ . ئەتىسى ئەتىگەندە خىزمەتچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھودۇقۇپ كىرىپ :

— بۇ كېچىسى ئوغرىلار لەخمە كولاپ ، خەزىنىگە كىرىپتۇ ، ئەمما ھېچنېمە ئالماي قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ ، — دەپ مەلۇم قىپتۇ .

پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ «لەخمە كولاپ خەزىنەمگە كىرىپ ، شۇنچە قىممەت باھا نەرسىلەرنى ئالماي چىقىپ كەتكەن قانداق ئوغرىلاردۇر ؟» دەپ ئويلاپ ، يارلىق چىقىرىپتۇ :

— خەزىنەمگە لەخمە كولاپ كىرىپ ھېچ نەرسە ئالماي چىقىپ كەتكەن ئوغرىلار ئۆزىنى مەلۇم قىلسا ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتسا ، ئۇلارغا جازا بېرىلمەيدۇ .

خەزىنىگە كىرگەن ھېلىقى ئوغرى پادىشاھنىڭ بۇ ئېلانىنى كۆرگەندىن كېيىن ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— خەزىنىڭىزگە لەخمە كولاپ ئوغرىلىققا كىرگەن كىشى مەن ئىدىم ، — دەپتۇ .

پادىشاھ ئوغرىدىن سوراپتۇ :

— شۇنچە جاپا چېكىپ ، لەخمە كولاپ خەزىنەمگە كىرىپسەنۇ ، ھېچ نەرسە ئالماي چىقىپ كېتىپسەن . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

— پادىشاھنىڭ تۇزىنى تېتىپ كۆردۈم . تۇز ھەققى ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئالماي چىقىپ كەتتىم . تۇز ھەققىگە رىئايە قىلماسلىق يارىماس ، پەسكەش كىشىلەرنىڭ ئىشى ، — دەپ بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي ئېيتىپتۇ ئوغرى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پادىشاھ ئوغرىنىڭ بۇ خىسلىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ئىنئام بېرىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

## ھۇۋقۇشلار سۆھبىتى

قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن ئانۇشىرۋان ياش چاغلىرىدا ئادىل ئەمەس ئىكەن، زۇلۇمغا، جەبىر - جاپاغا يول قويىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ مەشھۇر دانىشمەن ۋەزىرى بۇزۇرجمېھر بىلەن بىر چۆلدە كېتىۋېتىپ، بىر يەردە بىر توپ ھۇۋقۇشلارنىڭ ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان ئانۇشىرۋان ۋەزىرى بۇزۇرجمېھردىن سوراپتۇ:

— سىزنى كىشىلەر تولغان دانىشمەن، ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلىدۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ. ئېيتىپ بەرسىڭىز، بۇ قۇشلار نېمە ئۈچۈن ئىككى سەپكە بۆلۈنگەن، ئۇلاردىن ئىككىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ نېمە ھەققىدە دە تالاش قىلىشىۋاتىدۇ؟

بۇزۇرجمېھر ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن قۇدىلىشىۋاتىدۇ. ئوتتۇرىدا سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ بىرى يىگىتنىڭ، بىرى قىزنىڭ ئاتىلىرى. قىزنىڭ ئاتىسى: «قىزىمنىڭ تويلۇق ھەققى ئۈچۈن قىرىق پارچە يەردىكى خارابىلىكنى بېرىشىڭ كېرەك. ئەگەر، سورىغىنىمنى قوبۇل قىلمىساڭ قىزىمنى بەرمەيمەن، سېنىڭ بىلەن قۇدا بولمايمەن» دەيدۇ. يىگىتنىڭ ئاتىسى: «مەن قىزىڭغا تويلۇق بېرىشتىن باش تارتمايمەن، ھازىرچە تۆت پارچە خارابىلىك تەييار. شۇلارنى ئېلىپ تۇر، ھازىرقى پادىشاھ دائىم ئەيش - ئىشرەت بىلەن بولۇۋاتىدۇ، مەملىكەتنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز. كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىغا، داد - پەريادىغا قۇلاق سالمايدۇ. زالىملارنىڭ زۇلمىنى چەكلىمەيدۇ. ئۇ ئادىل پادىشاھ ئەمەس. ئەگەر، ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بۇ يۇرت پات ئارىدا خارابىلىككە

ئايلىنىدۇ . ئۇ چاغدا ساڭا قىرىق پارچە ئەمەس ، سەكسەن پارچە خارابىلىكنى بېرىمەن . شۇنىڭغىچە سەۋر قىل » دەيدۇ . قۇدىلاشقۇچىلار ئاشۇ ئىش ھەققىدە دەتالاش قىلىشىۋاتىدۇ .

بۇزۇرجمېھرنىڭ سۆزى ئانۇشىرۋانغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ . ئۇ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ، ئادالەت ۋە ئىنساپنى شۇنداق مۇستەھكەم ئورنىتىپتۇكى ، خەلق ئۇنى : «نۇشىرۋان ئادىل» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ .

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ھاكىم مۇسا

# شاھ قەسرى بىلەن ۋەيرانە ئۆي

پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ ناھايىتى مەشھۇر بىر ئايۋىنى بار ئىدى . بۇ ئايۋاننىڭ مەشھۇرلۇقى ئۇنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەملىكىدە ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭدىكى خاسىيەت ۋە پەزىلەتتە ئىدى . نۇشىرۋاننىڭ شۇنچە كەڭ ۋە ھۇزۇرلۇق بۇ ئايۋىنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر نامرات ئايالنىڭ ۋەيرانە ، كونا ئۆيى جايلاشقانىدى . ھەرقانداق كىشى بۇ ئايۋانغا كىرسە ئىختىيارسىز ئۇ كونا ئۆيگە نەزىرى چۈشۈپ ، تۈرلۈك پىكىرلەرنى قىلىشىپ ئويلاپ قالاتتى . نۇشىرۋان بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇردى .

بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېقىنلىرىنى سۆھبەتكە چاقىردى . ئۆيگە كىرگەنلەر سۆھبەت ۋە زىياپەت ئارىلىقىدا ئۆينىڭ سۈپەت ۋە ئۇستىكارلىقلىرىنى كۆزەتكەچ ، يەنە شۇ بۇلۇڭدا تۇرغان كونا ئۆيگە قاراپ تەئەججۇپلىنىپ قېلىشتى . پادىشاھ ئۇلاردىن :

— قانداق ، مېنىڭ بۇ ئايۋىنىمدا نۇقسان ۋە كەمتۈك جايلار كۆپمىكەن ، كۆڭلۈڭلەردە ئەجەبلىنىۋاتقاندەك قىلىسىلەرغۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى . ئۇلاردىن بەزىلىرى :

— پادىشاھنىڭ بۇ ئايۋىنىدا بىرەر نۇقسانىنى كۆرمىدۇق . بىزنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتقان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئەبجەق ئۆينىڭ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقى بولۇۋاتىدۇ . ھەر كۈنى ئۇنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىپ ، بۇ پاكىز قەسىرنىڭ تاملىرىنى قارا قىلىدۇ . بۇ ۋەيرانە ئۆينىڭ ئايۋان ئىچىگە ئورۇنلىشىشى زادى ئەقىلگە سىغمايدۇ . پادىشاھ ئالىيلىرى بۇ ئەبگار تامنى بۇ سۆيەتلىك ئايۋاندىن دەرھال يوقىتىۋەتسىڭىز ياخشى بولاتتى ، — دەپ دەۋەت قىلىشتى . نۇشىرۋان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ :

— بۇ ئۆي بىر قېرى ئايالنىڭ مۈلكى ۋەتىپىندۇر . ئۇنىڭ ئۆمرى خازانلىققا يېتىپ قالغان . ھاياتلىق قۇياشى ئولتۇرىدىغان جايغا بېرىپ قالغان . بۇ ئايۋاننىڭ سىياقىنى ئويلىغان ئۇستىلار پىلاننى تۈزگەن چاغدىمۇ بۇ ئۆينىڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى بايقىغاندۇق . مەن بۇ ئايۋاننىڭ ئورنىنىڭ تەكشى بولۇشىنى ئويلاپ ، ئۇ ئايالغا : «بۇ ئۆينى ئۆزى خالىغان باھادا سېتىپ بەرسۇن ياكى ئالتۇن مۇكاپات بېرەي ياكى بۇنىڭ ئورنىغا ياخشى بىر ئىمارەتنى سالدۇرۇپ بېرەي» دەپ كىشى ئەۋەتتىم . ئۇ ئايال ماڭا مۇنداق جاۋاب ئېيتتى : «مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلدۇم ، مۇشۇ ئۆيدە بېقىلىپ چوڭ بولدۇم . مۇشۇ ئۆيدە تويۇم بولدى . پۈتۈن ئالەم پادىشاھىنىڭ مۈلكى تۇرۇپ ، مەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلمايمەن ، پادىشاھىم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئاجىز ماكانىمغا كۆز قىزارتىدۇ ؟ »

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم . ئاخىردا بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى . شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئۆيدىن ھەمىشە تۈتۈن چىقىدۇ . ئايۋاننىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى ئىسلاپ قارا قىلىدۇ . خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن : «بۇ يەرنى نېمە ئۈچۈن تۈتۈن قىلىسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ . ئۇ : «تۈتۈن چىقىرىپ تاماق پىشۇرۇپ يەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمىدىم . ئەتىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچار قۇشلارنىڭ گۆشلىرىدىن كاۋاپ قىلىپ ، تاتلىق تائاملاردىن داستىخان تەييارلاپ كىرگۈزدۈم . ئۇلار : «بىز ھەر كۈنى سىزگە مۇشۇنداق تائاملارنى يەتكۈزۈپ بېرىمىز . سىز بۇ

جايدا ئوت يېقىپ تۈتۈن ماڭدۇرماڭ» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ . ئۇ : «ئەي ئەزىزلەر ، دۇنيادا نۇرغۇن ئاچ ـ زار كىشىلەر بار ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاچلىقتىن نۇرسىزلىنىپ ، يۈرەكلىرى ئۆرتىنىۋاتسا ، مەن بۇ يەردە قۇشلارنىڭ كاۋىپىنى يەپ ئولتۇرسام ، بۇ قانداق راۋا بولىدۇ . مەن ئۆزۈم مېھنەت سىڭدۈرۈپ ، غىزا قىلىپ يەپ ئۆمرۈمنى بۇ مەنزىلگە يەتكۈزدۈم . ئەمدى قېرىغان چېغىمدا بۇ شۈبھىلىك تائامنى يەپ نېمە قىلىمەن ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ هالال ئەمگىكىم بىلەن تاماق پىشۇرۇپ يەي ، مېنىڭ بۇ ماكانىمنى ئۆز پېتى قويۇڭلار ، بۇ بىر تەرەپتىن ئايۋىنىڭلارنىڭ بىر زىننىتى بولۇپ تۇرسۇن . چۈنكى ، سىلەرنىڭ بەگ ـ ئەمەلدارلىرىڭلار ماڭا ئادالەت ، ھەققانىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىڭلارنى ، شۇڭا بۇ كونا ئۆيۈمنى ئېلىۋېلىشنى راۋا كۆرمىگەنلىكىڭلارنى بىلسە ، ئۇلارمۇ پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە زۇلۇم قولىنى ئۇزاتمايدىغان بولىدۇ . شۇنىسى بەرھەقكى ، سىلەرنىڭ بۇ ئايۋىنىڭلار ئاخىر بىر كۈنى ۋەيران بولىدۇ . لېكىن ، بۇ مېنىڭ ۋەيرانە ئۆيۈم بىلەن سىلەرنىڭ ئايۋىنىڭلارنىڭ قىسسىسى كۆڭۈل سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ ، قىيامەت دەۋرىگىچە ساقلىنىپ بارىدۇ .» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولۇشقا رازى بولدۇم . بۇ ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپ سەھنىسى ئېسىل بىساتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى . ئۇ ئايالنىڭ بىر دانە كالىسى بولۇپ ، ھەر كۈنى ئوتلاقىقا چىقىرىلىپ كەچتە قايتۇرۇپ كېلىنەتتى . بۇ كالا ھەر كۈنى ئەنە شۇنداق ئالىي بىساتلىق سەھنىنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتكەچكە ، ئۇ يەرلەرنى بۇلغاپ پاسكىنا قىلاتتى . پادىشاھنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا : «سىز مۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلماڭ . پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ ھۆرمىتىنى بۇزماڭ» دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ . ئۇ ئايال قىلچە ئىككىلەنمەيلا : «پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئايۋىنى بىلەن ئەمەس ، ئادىللىقى بىلەن بەرپا بولغان . شۇڭا ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئادالەت بىلەن ئەمەس ، بەلكى زۇلۇم بىلەن بۇزۇلىدۇ . پادىشاھنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شان ـ شەۋكەت بىناسىنىڭ ئۇلى ئادالەتتۇر . مەن بۇ جايدا ھەرقانداق ئىشنى قىلسام ، پادىشاھنىڭ ياخشى نامىنى تىخىمۇ كەڭ تارىتىمەن . ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى زامانىنىڭ ئاخىرىغىچە مىراس قالدۇرىمەن» دەپتۇ .

ئۇ ئايال ھەقىقەتەن راست سۆزلىگەن . چۈنكى ، نۇشىرىۋاننىڭ دەۋرىدىن تاكى بۈگۈنكى مەنزىللەرگىچە نەچچە مىڭ يىل ئۆتتى . لېكىن ، بۇ ۋەقەلىك تارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىپ ، پۈتۈن خەلقلەر تىللىرىدا سۆزلىنىمەكتە .

## مېھماندارچىلىق قائىدىسى

ھۆكۈمالار «قىشتىغا كەلگەن مېھماننىڭ مەرتىۋە دەرىجىسىگە قارىماستىن ئۆز ساخاۋىتىگە لايىق زىياپەت قىلغىن» دېگەن . ئۇلار بۇ ھېكمەتنى دەلىللەيدىغان مۇنداق ھېكايەتنى قالدۇرغان .

ئەرەب ئۇلۇغلىرىدىن بولغان تەلھەگە بىر ۋەقە توغرا كېلىپ قالدى . ئۇ ئۆزى تەنھا ھالدا بىر ۋەقەنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن قەيس قەبىلىسىگە باردى . بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئەۋبىنىڭ ئوغلى مالىك بولۇپ تەلھەنى تونۇمىدى . ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق شاراپىتىدىن خەۋەر تاپمىدى . شۇ سەۋەبتىن ، تەلھەگە مېھماندارچىلىقنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى بويىچە ئىززەت ـ ئىكرام قىلمىدى . تەلھە سەۋر ـ تاقەت بىلەن خارلىق يۈكىنى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي كۈچى بىلەن كۆتۈرۈپ قايتتى . بىر مەھەلدىن كېيىن مالىكقا ھېلىقى مېھماننىڭ تەلھە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى . مالىك ناھايىتى خىجالەتچىلىك ھېس قىلدى . ئاندىن ئۆزرە ئېيتىپ تەلھەگە خەت يازدى :

«مەن سىزنى تونۇمىغانلىقتىن خىزمەتكارلىق رەسمىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم . شۇ سەۋەبتىن ، مەن ناھايىتى شەرمەندە ۋە ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدىمەن . يەنە ئۆزرە بىلەن ئۈمىد قىلىمەنكى ، مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرنى ئەپۇ قىلىسىز .

چۇنكى ، سىزنىڭ كەرەمگىزنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى ئۆزرىخاھلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش دەپ ئىشىنىمەن » .

تەلھە مالىكنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا جاۋابنامە يازدى :

«مەن سىزنىڭ ئۆزرەڭنى قوبۇل قىلدىم . سەن بۇ توغرىدىن كۆڭلۈڭنى كۆپ مالال قىلما . ئەمما ، ‹مەن سىزنى تونۇمىدىم› دېگەن سۆزۈڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . ئۇ سۆزۈڭ مېھماندارچىلىق ۋە ئادەمگەرچىلىك قائىدىسىدىن بەكمۇ يىراق . چۇنكى ، مېھماندارچىلىقتا ئىززەت ۋە ئىكرامنى ئۇلۇغ زاتلارغا ، شان - شۆھرەتلىك كىشىلەرگە دەپ بىلىش ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ ئالامىتى ئەمەس . دوستانىلىكنىڭ مۇھىم نىشانىسى ئاپتاپقا ئوخشاش ھەممە تەرەپكە تەكشى نۇر چېچىش ، يامغۇردەك ھەممە يەرگە بىر تەرىزدە يېغىشتۇر . شۇنداق قىلغاندا ئەگەر مېھمان ئۇلۇغ كىشىلەر بولسا ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھۆرمەت قىلغان بولىسەن . ئەگەر ، مېھمان ئاددىي كىشىلەردىن بولسا ، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ رەھىمدىللىقىڭنى ۋە ساخاۋىتىڭنى ئاشكارا قىلغان بولىسەن . »

## مەردانىلەرنىڭ تالىشى

پادىشاھ ياقۇپ لەئىس ياشلىق دەۋرىدە سۆزمەن يىگىتلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىپ قاپتۇ . سۆھبەتتە ھەر تەرەپتىن يېڭى - يېڭى ئاجايىپ سۆزلەر تۆكۈلۈپتۇ . بۇ چاغلار تېخى ياقۇپ لەئىسنىڭ مەردۇ - مەردانىلىك بايرىقىنى كۆتۈرمىگەن ، مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىق قەسرىگە قەدەم قويمىغان چاغلىرى ئىكەن . سۆزمەنلەر سۆزلىرىدە مۇنداق دېيىشىپتۇ . بىرى :

— ھەممە كىيىملەرنىڭ نەپىسرەكى چىن ئەتلىسى ، — دېسە ، يەنە بىرى :

— بارلىق تاجلارنىڭ نازۇكراقى رۇمنىڭ تاجى ، — دەپتۇ . بىرى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەممە ئورۇنلار ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى گۈل ۋە رەيھانلىق باغ ، — دېسە ، يەنە بىرى :

— ھەممە شارابلارنىڭ ئېسىلى كونا شاراب ، — دەپتۇ . بىرى :

— سايىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تال سايىسى ، — دېسە ، يەنە بىرى :

— ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئۇدنىڭ نەغمىسى ، — دەپتۇ . يەنە بىرى :

— ھەمسۆھبەت ، ھەمنەپەس بولۇشقا ئەڭ چىرايلىق قىز - چوكانلار ۋە خوتۇنلار ياخشى ، — دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ سۆھبەت نۆۋىتى ياقۇپ لەئىسكە كېلىپ قاپتۇ . ھەممىسى ياقۇپقا قارىشىپ :

— سىز مۇ كۆڭلىڭىزدە ئويلىغانلىرىڭىزنى ئېيتىڭ ، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ . ياقۇپ لەئىس جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ :

— كىيىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆمۈر كىيىم (جەڭدە كىيىدىغان ساۋۇت ) ، تاجلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى دۇبۇلغا (جەڭدە كىيىدىغان باش كىيىم ) ، ھەممە جايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى جەڭ مەيدانى ، شارابلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى دۈشمەننىڭ قېنى ، سايىلەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى نەيزە سايىسى ، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى جەڭ ئېتىنىڭ كىشنىشى ، ھەمسۆھبەت ، ھەمنەپەس بولىدىغانلارنىڭ ئەڭ لايىقراقى جەڭ كۈنىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ، شىجائەتلىك مەردانىلەر . شۇڭا ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ شېئىرلىرىدا :

«گۈلى رەيھانىمىزدۇر تىغى خەنجەر ،
كېرەكمەس گۈلى كاسىن بىلە نەرگەس .
شارابىمىز تېخى دۈشمەن قېنىدۇر ،
بىشىنىڭ كاسەسىدۇر جامىمىز ، بەس .»

دېگەن مىسرالار بار .

# جاسارەتنىڭ مېۋىسى غالىبىيەت

پادىشاھنىڭ نەيزىسى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىدىن داۋاملىق تۆشۈك ئېچىپ تۇرۇشى كېرەك . يۈرەكلىك پادىشاھ لەشكىرى

ئاملارنىڭ جۇرئىتىگە رىغبەت بېرەلەيدۇ . يۇرەكسىز پادىشاھ دۆلەت ئىگىسى بولۇشقا داۋاملىق مۇيەسسەر بولالمايدۇ . بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايەت بار :

ئەرەب پادىشاھلىرىدىن بىرىگە بىر كۈنى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش توغرا كەلدى . ئۇرۇش ۋاقتى يېتىپ كېلىپ ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىگە تىزىلدى . ئاردا ئەمەلدارلاردىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ پادىشاھتىن سورىدى :

— ئەي پادىشاھ ، جەڭ ئىشى — غەلىبە قازىنىپ ، نۇسرەت تېپىش بىلەن مەغلۇپ بولۇپ ، يېڭىلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشتۇر . مۇبادا بىزلەر يېڭىلىپ ، مەغلۇپ بولۇپ قالساق ، ئۆزىڭىزنى بىز نەدىن ئىزدەيمىز ؟

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە ھېلىقى ئەمىرگە :

— ئەگەر مېنى «قاچقان» دېگەن گۇمان بىلەن ئىزدەيدىغان بولساڭلار ، ئۇنداق كىشى تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولسۇن ، لېكىن دۈشمەنلەر غەلىبىگە ئېرىشىپ ، بىزلەر يېڭىلسەك ، مېنىڭ بېشىمنى ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن ئىزدەڭلار ، — دېدى .

ئۇرۇش باشلانغاندا ، ھېلىقى پادىشاھ دۈشمەن قوشۇنىغا خۇددى شىردەك جاسارەت بىلەن ئېتىلدى . شەمشەر بۇلۇتلىرىدىن دۈشمەن باشلىرىغا ئۆلۈم يامغۇرىنى ئايىماي ياغدۇرۇۋەتتى . چۈش ۋاقتى بولۇپ قۇياش تىكلەندى . ھاۋا قاتتىق قىزىپ كەتتى . جەڭگاھتىكى پۇتكۈل جەڭچىلەرنىڭ كۆكسىلىرىگە ھارارەت تەپتى ئۇرۇلماقتا ئىدى ، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلەر قورۇپ ، چىرايلار ئۆڭۈشكە باشلىدى . مۇشۇنداق پەيتتە پادىشاھنىڭ بىر ئادىمى ئات چاپتۇرۇپ ، سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى .

— ئەي پادىشاھىم ، — دېدى ئۇ كىشى سۇنى تەڭلەپ ، — ئۇسسىغاندۇرسىز ، بىرئاز توختاپ بۇ سۇدىن ئىچىۋېلىڭ .

پادىشاھ ئۇ كىشىگە :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ بۇ شەمشىرىم مەندىنمۇ بەك ئۇنسىدى. شەمشىرىم دۈشمەن قېنىدىن ئىچىپ قانمىغۇچىلىك، ئۆزۈمنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرمايمەن، — دېدى. پادىشاھنىڭ توغرا پىلانى ۋە ئۇلۇغۋار شجائىتى لەشكەرلەرگە زور ئىلھام بولدى. شۇ سەۋەبتىن، ئەگرى بۇ پادىشاھنى غالىب قىلدى.

## ئىسكەندەر بىلەن ئارىستوتېلنىڭ سۆھبىتى

ئىسكەندەر پادىشاھ دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئارىستوتېل ھېكىمنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي ھېكىم، مەن جاھاندارچىلىق مەيدانىغا قەدەم قويدۇم. بۇ مۇھىم ئىشنى ئۇستۇمگە ئالدىم. بۇ ئىشتا ئەلۋەتتە ماڭا دوستلار ۋە دۈشمەنلەر دۈچ كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟

ئارىستوتېل ھېكىم بۇ چوڭ سوراقنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەسلى قائىدە بويىچە ئىش قىلماقچى بولسىڭىز دۈشمەنلىشىشنى ئۆزۈڭىزچە داۋاملاشتۇرماڭ. ئۆزىڭىزگە دۈشمەننى كۆپەيتمەڭ. دوستلارنى خارلىماڭ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ. ئەگەر، سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا بىرەر دۈشمەن كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇمكىنقەدەر شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. مۇنداق قىلغانلارنىڭ دۈشمىنى تولا ھاللاردا دوستقا ئايلىنىپ قالىدۇ. دوستلارنىڭ كۆڭلىگە دائىم ئىكرام لازىم بولۇپ تۇرىدۇ. دوستلارنىڭ دىل ئېرىقىغا ئىززەت سۈيى يېتىپ بارسا، دوستلاردا ئەقىدە كۆچىيىپ بارىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئىسكەندەر شاھ ئارىستوتېلدىن تېخىمۇ تەپسىلى ئىزاھلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ھېكىم يەنە چۈشەنچە

بىرىشكە باشلىدى :
— دۈشمەن گەرچە ئىقتىدار جەھەتتىن ئاجىز ، سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەرگىز غاپىل بولماڭ . لەشكىرىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ . ئەگەر ، كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇھىم ئىشلىرىڭىز يۇمشاقلىق بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا ، خەنجەرنى غىلاپتىن چىقارماڭ .
ئىسكەندەر :
— ئەگەر مېنىڭ ئىشىم دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا بېرىپ قالسا ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن . قانداق قەدەم قويىمەن ؟ — دەپ سورىدى .
— جەڭ ۋاقتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى ھالەتتىن تاشقىرى ئەمەس ، — دەپ سۆز باشلىدى ھېكىم ، — ياكى سىز باشقىلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارىسىز ياكى باشقىلار سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كېلىدۇ . ئەگەر ، باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشماقچى بولۇپ بارسىڭىز ، ئۇ چاغدا ، سىز تۆۋەندىكى ئون شەرتكە رىئايە قىلىشىڭىز كېرەك . بىرىنچى ، بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىدىن كۆزدە تۇتقان مەقسىتىڭىز ھەقىقەتەن خەيرلىك ئىش بولسۇن . بارلىق ئارزۇيىڭىز ھەققانىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، بۇزۇقچىلىقلارنى ، زالىملارنى ، پىتنە - پاساتچىلارنى ئالەم سەھنىسىدىن يوق قىلىش بولسۇن . ئىككىنچى ، بارلىق تەلەپ ۋە ئىشلىرىڭىزنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇڭ . خەيرلىك ئىشلارنى ، ئاجىزلارنىڭ ئاھىغا يېتىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىڭ . ئۈچىنچى ، زېرەك بولۇڭ ، غاپىل بولماڭ ، مۇخبىر ۋە ئەلچىلەرنى ئىشقا سېلىپ ، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتى ، پىلانى ۋە ھىيلە - مىكرلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن بىلىپ تۇرۇڭ . تۆتىنچى ، ئۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىر دىل ، بىر تىللىق بولسۇن ، سىپاھلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى غالىبىيەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىدۇر . ۋەزىر – ئەمىرلەر بىلەن قابىلىيەتلىك ھەكىملەر – ئالىملارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى چىڭ ساقلاش ۋە ئۇنى ئاسراشنى مۇھىم دەپ بىلىڭ . بەشىنچى ، لەشكىرىي قوشۇنلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتىڭىزنى ئورۇن ئالغۇزۇڭ ، قىلغان ۋەدىلىرىڭىزگە ۋاپا قىلىشنى كۆڭلىڭىزدىن ھەر ۋاقىت چىقىرىۋەتمەڭ . ئالتىنچى ، جەڭ باشلانغاندا مۇمكىنقەدەر جەڭ مەيدانىغا ئۆزىڭىز كىرىڭ . چۈنكى ، ئەھۋال ئۆزگىرىپ ئوڭۇشسىزلىق يۈز بېرىپ قالسا ، تەدبىر كۆرۈشكە ئاسان بولىدۇ . يەتتىنچى ، لەشكىرىي قوشۇنلىرىڭىزغا تۆۋەندىكى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى ئەمىر ۋە قوماندان قىلىپ تەيىنلەڭ : بىرى ، ئۇ كىشى شىجائەتلىك ، كۈچلۈك ، چوڭ يۈرەك – باھادىر بولسۇن ، قوشۇن ئىچىدە سۆز – ھەيۋىسى ۋە ئابرۇيى بار مەشھۇر كىشى بولسۇن . مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن دۈشمەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكى دائىم ئەندىشە تارتىپ تۇرىدۇ . بىرى ، ئۇ كىشى كېڭەشلىك ، تەدبىرلىك ، پىلانچان بولسۇن ، شۇنداق بولغاندا جەڭنىڭ جەريانى ئۇلارنىڭ مۆلچەرىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ . ئۇلار ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرالايدۇ . ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھىيلە — پەم – پاراسەتنىڭ ئېپادىسىدۇر . خەۋەرلەردە دائىم «جەڭ قىلماق — ھىيلە قىلماق» دەپ نەقىل كەلتۈرىدۇ . يەنە بىرى ، ئۇ كىشى كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان ، تەدبىرلىك ، جەڭ ئىشلىرىنى كۆپ قېتىم سىناق قىلغان كىشى بولسۇن . ئۇرۇش ئۈستىدىكى ھۆكۈم ۋە قارارلار تەبىئىيكى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا چىقىرىلىدۇ . سەككىزىنچى ، جەڭ ئۈستىدە شىجائەت قىلغان ، باشقىلاردىن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە مۇكاپات ۋە مەرتىۋە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ روھىغا تەھسىنلەر ئوقۇپ ، مەدھىيە كۆرسىتىش كېرەك . بۇ چارىلەر جەڭ كەيپىياتىغا ئىلھام ۋە رىغبەت بەخش ئېتىپ ، كىشىلەرنى ئەقىدە ۋە ئىرادە جەھەتتىن

مۇستەھكەملەپ باردۇ . توققۇزىنچى ، ھەر ۋاقىت غەپلەت ۋە غاپىللىقتىن ئېھتىيات قىلىش ، غالىبىيەتكە يېقىنلاشقاندا ، تولا ھاللاردا بىپەرۋالىق سادىر بولۇپ قالىدۇ . ئازغىنە بىپەرۋالىقتىن ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . بۇ خىل ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن . ئونىنچى ، ئەگەر دۈشمەن سەپلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاچسا ، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىش ، ئۇزۇلدۇرمەي زەربە بېرىپ ، پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك . ئەگەر ، ئۇلارنىڭ تارمار بولغىنىغا قانائەتلىنىپ قالسا ، چوڭ خاتالىق يۈز بېرىدۇ . ئۇلار بېرىپ قالدۇق كۈچلىرىنى توپلاپ ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، ھەتتا سىزنىڭ سىپىڭىزگە ئادەم كىرگۈزۈپ قايتا ئۇرۇش قوزغايدۇ . قوشۇنىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ . ئەگەر ، دۈشمەن سىزنىڭ ئۇستىڭىزگە كېلىپ ئۇرۇشماقچى بولسا ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ چوقۇم ئىككى ئېھتىمالدىن يىراق بولمايدۇ ياكى ئۇ دۈشمەنگە باراۋەرلىك قىلالايسىز ياكى باراۋەر كېلەلمەيسىز . ئەگەر ، باراۋەرلىك ئىقتىدارىڭىز بولسا ، ھوشيارلىق بىلەن تەدبىر كۆرۈپ ، دۈشمىنىڭىزنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ ، تىنچلىق بىلەن ئىش قىلىشقا مايىل بولۇشىڭىز كېرەك . ئەگەر ، بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولماي ئىش ئۇرۇش قىلىشقا تەيىن تاپسا ، ئۇ چاغدا يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن شەرتلەر بويىچە ھوشيار ۋە دادىل ئۇرۇش قىلىش كېرەك . ئەگەر ، سىز دە دۈشمەنگە باراۋەر كەلگۈدەك ئىقتىدار بولمىسا ، بارلىق يوشۇرۇن تەييارلىقلارنى كۈچەيتىپ ، مۇداپىئە شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ ، ئىشنى پاراسەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ، سۈلھى قىلىپ ئۇرۇشماسلىققا يۈزلىنىش كېرەك . ئەگەر ، دۈشمەن سۈلھى تەرەپدارى بولسا ، ئۇنى قوبۇل قىلىش ، مۆتىدىللىككە ئۆتۈش كېرەك . ھەرقانداق كىشى سۈلھى تەرەپكە مايىل بولسا پاراسەت تەرەپكە ئۆتكەن بولىدۇ .

ئىسكەندەر ئارىستوتېل ھېكىمدىن بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دەستۇرى قىلىش ئۈچۈن، بىر - بىرلەپ نەقىش قىلىپ يازدۇرۇۋالدى ھەمدە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشتۇردى.

## خالىس مۇھتەسىپ①

شەيخ ئەبۇلھەسەننىڭ يامان ئىشلارنى كۆرسە چەكلەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ توسۇماقچى بولغان ئىشلىرىنى ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى كۆرۈلسىمۇ دادىل توساتتى.

بۇ كىشى بىر كۈنى دەريا بويىغا چىقتى. دەريادا ئىچىگە تۇرغۇن كوزىلارنى قاچىلىغان بىر كېمىنى كۆردى. قارىسا، بۇ كوزىلارغا «لەتىپ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. شەيخ تەئەججۈپ بىلەن كېمىچىدىن:

— مەن ھېچبىر سودىگەرنىڭ ماللىرىدا مۇنداق «لەتىپ» دەپ يېزىلغان كوزىلارنى كۆرمىگەنىدىم، بۇ كوزىلاردا نېمە بار؟ — دەپ سورىدى. كېمىچى:

— سىز بولسىڭىز بىر دەرۋىش كىشى ئىكەنسىز. بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ھېچ ئالاقىڭىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ، بۇنى سوراپ ئولتۇرماڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شەيخنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى بىلىپ بېقىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

— مەن ئەلۋەتتە بۇنى بىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ كېمىچىگە، — سەن بۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك.

— بۇ كوزىلاردىكى شاراب، بۇنى باغدات پادىشاھى مۇھتەزىد خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى كېمىچى.

① مۇھتەسىپ — شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچى، يامان ئىشلارنى ئېنىقلاپ چەكلىگۈچى ئەمەلدار.

شەيخ كېمىگە قاراپ بىر دانە تاياقنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ ، كوزىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۇرۇپ سۇندۇردى . كېمىچى بۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسىنى كۆرۈپ ، قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ تاشلىدى . ئەھۋال ئۈستىگە باغداتنىڭ يۇنۇس ئەقلەھ ئىسىملىك بىر پاششىپى كېلىپ قالدى . ئۇ شەيخنى تۇتۇپ خەلىپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى . ئاندىن بولغان ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتتى .

مۇھتەزىد بولسا ئىنتايىن زالىم پادىشاھ ئىدى . ئۇنىڭ تولا سىياسەتلىرى شەمشەر بىلەن ئورۇندىلاتتى . باغدات خەلقى شەيخنىڭ مۇھتەزىد خەلىپە ھۇزۇرىدا سوراقتا تارتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىر قورقۇنچقا چۈشتى . ھەممە كىشى «ئەمدى شەيخنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى» دەپ گۇمان قىلىشتى . چۈنكى ، بۇ چاغدا مۇھتەزىد ئۈستىگە قىزىل كىيىم كىيىپ ، قولىغا تۆمۈر گۈرزى ئېلىۋالغاندى . بۇ ھال ئۇنىڭ ياماننىيىتىدىن دېرەك بېرەتتى . خەلىپە شەيخكە قاراپ غەزەپ بىلەن سوراق قىلدى .

— سەن نېمە سەۋەبتىن مېنىڭ ئىشلىرىمغا مۇنداق ئەدەپسىزلىك بىلەن قول تىقىسەن ؟ — شەيخ بولسا تەمكىن تۇراتتى . ئۇ شاھقا بىر ئېغىزلا جاۋاب بەردى :

— چۈنكى مەن بولسام مۇھتەسىب .

— سېنى كىم مۇھتەسىب قىلغان ؟ — دەپ يەنە سورىدى خەلىپە . شەيخ بۇنىڭغا :

— ساڭا پادىشاھلىقنى بەرگەن بۈيۈك تەڭرى ماڭا مۇھتەسىبلىكنى بەرگەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

خەلىپە شەيخنىڭ بۇ دادىل سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ھازاغىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويلىنىپ قالدى . خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— بۇ كوزىلارنى سۇندۇرۇپسەن ، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە زىيان يەتكەن ؟ — دېدى .

— ماڭا زىيان يەتكىنى يوق ، — دېدى شەيخ ، — ئالدى بىلەن ساڭا ، ئاندىن پۇقرالارغا شەپقەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ كوزىلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇندۇردۇم .

خەلىپە :

— ماڭا قانداق شەپقەتتە بولدۇڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەگەر سەن ھارام ئىشلارنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالساڭ ، — دېدى شەيخ خەلىپىگە ، — باشقا خەلقلەرمۇ ساڭا ئەگىشىپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن يامان يولغا مېڭىش ئومۇملىشىپ كېتىدۇ . ئەگەر ، سەن ئالدى بىلەن بۇ يولدىن ئۆزۈڭنى يىغساڭ ، باشقىلار مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولىدۇ . خەلقلەر بۇزۇق ئىشلارنى پادىشاھقا ئەگىشىپ قىلىدۇ . ئەگەر ، پۇقرالار ئۆز پادىشاھىنى ياخشى ۋە توغرا ئىشلار ئۈستىدە كۆرسە ، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مايىل بولىدۇ . ئەگەر ، پۇقرالار ئۆز پادىشاھىنى بۇزۇقلۇق ئۈستىدە كۆرسە ، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم يامان ئىشلارغا ، ناچار ئادەتلەرگە ، قەبىھ ھەرىكەتكە بېپەرۋالىق بىلەن قەدەم قويۇشقا باشلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ۋە بارلىق پۇقرالارغا مېھرىبانلىق ۋە شەپقەت كۆرسەتتىم . مېنىڭ ھەقىقەتنى قوغداش ، ياخشىلىقنى ھىمايە قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق .

خەلىپە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى . ئاندىن شەيخكە قاراپ :

— ئەي ئەزىز ، مۇھتەسىبلىك ئىشلىرى ھەقىقەتەن ساڭا لايىقكەن ، بۇنىڭدىن كېيىن مەندە ۋە باشقىلاردا كۆرۈلگەن تۈرلۈك يامان ئىشلارنى سەن تۈزەتكىن ، پىقىر سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنى قوللاپ ، مەدەت بېرىشكە كېپىل بولىمەن ، سەن ھەقىقەتەن ھەققانىي ۋە غەرەزسىز ئادەمكەنسەن ، — دەپ ۋەدە بەردى .

## ھوشيار پادىشاھ

قەدىمكى زاماندا زىرەكلىكتە داڭقى چىققان بىر ھوشيار پادىشاھ بولۇپ ، يۇرت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك بىلەتتى . كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ نام ـ ئەمەللىرىنى ، ئائىلە تۇرمۇش ،

مەشغۇلات ـ مەئىشەتلىرىنى ياخشى بىلەتتى . بۇ پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ ، پادىشاھقا دائىم ساختىپەزلىك بىلەن ئىشلەيتتى . ئۆزى بۇزۇق نىيەتلىك ئىدى . لېكىن ، كۆرۈنۈشى ئىنتايىن سەمىمىي كۆرۈنەتتى . ئۆزىنى دائىم ناھايىتى ساداقەتلىك ، توغرا يوللۇق ئادەم قىلىپ كۆرسىتەتتى . كىشىلەر ئۇنى بىلسىمۇ ، لېكىن پادىشاھقا پاش قىلغۇدەك جۈرئىتى يوق ئىدى . ۋاقىتلار ئۆتۈپ ، ھوشيار پادىشاھ بۇ ۋەزىرنىڭ مەككارلىقىنى بىلىپ قالدى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارىلىغاندا ، مەملىكەتنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ۋە سەلتەنەتنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۇنى مەخپىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش قارارىغا كەلدى . پادىشاھ ئۇ ۋەزىرنى چاقىرىپ :

— ماڭا بىر قۇش كېرەك . ئۇنىڭ تۇمشۇقى قىزىل ، قاناتلىرىنىڭ ئۇچى قارا ، باشقا ئەزالىرىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇشى كېرەك . بۇ قۇشنى سەندىن باشقىسى تاپالمايدۇ . سەن بېرىپ شۇ قۇشنى تېپىپ كەل ، — دەپ بۇيرۇدى .

ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى ئورۇنداشقا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدى . پادىشاھمۇ ماقۇل بولدى . ۋەزىر ئۆيىدىن چىقىپ بۇ سۈرەتتىكى قۇشنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى . ئۇ ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ ، پۈتۈن شەھەر ـ قىشلاقلارنى قويماي ئىزدىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنداق قۇشنى تاپالمىدى . ئاخىر ئاجىز بولۇپ ، شاھنىڭ قېشىغا قايتىپ ، يىلىنىش ئاۋازىدا ئۆزرە ئېيتتى :

— ئەي شاھىم ، مەن ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنداش يولىدا ھەممە ئىقتىدارىمنى سەرپ قىلدىم . لېكىن ، ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرالمىدىم . ئەگەر ، مۇمكىن بولغىنىدا ئىجازەت بەرسىلە ، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىر قۇش ئېلىپ كەلسەم .

پادىشاھ :

— مېنىڭ شەرتىم شۇ خىل قۇشتىن باشقا قۇش ئەمەس . مەن ئومۇمىي ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ھوقۇقىنى ساڭا بەرگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
www.uyghurkitap.com

سەن شۇنچىۋالا ۋاقىتنى سەرپ قىلغان تۇرۇقلۇق ، شۇنچىلىك جانىۋارنى تېپىشقا نېمە ئۈچۈن ئاجىز كېلىسەن ؟ ھازىر مەن ساڭا ئۈچ كۈنلۈك ئىجازەت بەردىم ، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە جەزمەن شۇ قۇشنى تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك ، — دەپ كېسىپ ئېيتتى .

ۋەزىر يەنە بىرىپ بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئىزدىدى . لېكىن ، ئۇ خىل قۇش كۆرۈنمىدى . شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتىپ كېلىپ ، شاھقا ناماقۇل بولدى . پادشاھ بۇنى كۆرۈپ :

— بارىكاللا ، سەن پۈتۈن شەھەر ئەھۋالىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇقلۇق ، يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇش مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە بىر ئۆيدە بار تۇرۇقلۇق ، سەن ئۇنىڭدىن بىخەۋەرسەن . ھازىر ، چىقىپ شەھەر چارسۇسىگە بىرىپ ، شەرقىي بازار بىلەن يۈرسەڭ بىر مەسچىتنىڭ ئىشىكىگە بارىسەن . شۇ مەسچىت ئالدىدا تۇرۇپ ئوڭ قول تەرەپكە قارىساڭ ، ئۇ يەردە بىر مەھەللىنى كۆرىسەن ، ئۇ مەھەللىدە بىر تار كوچا بار . ئۇ كوچا بىلەن ماڭساڭ مۇنداق شەكىللىك بىر ھويلا بار . ئۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە ئېچىلىدىغان بىر ئۆي بار . شۇ ئۆينىڭ ئالدىدا بىر سۇپا بار . سەن شۇ سۇپىغا چىقىپ ئالدى بىلەن سول قول تەرەپكە قارىساڭ ، بىر ئۆي كۆرىسەن . بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسەڭ ، ئۇ يەردە سىرىق يوپۇق يېپىلغان بىر قەپەس بار ، شۇنى ئېلىپ چىقساڭ ، مەن ئېيتقان قۇش شۇنىڭ ئىچىدە بار . ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ ، — دەپ بۇيرۇدى .

ۋەزىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى . پادشاھ كۆرسەتكەن يولغا كىرىپ ، ئىزدەپ ھېلىقى قۇشنى قەپەس بىلەن ئېلىپ كىردى . پادشاھ بۇنى كۆرۈپ ئەمىرگە قاراپ :

— ھۆكۈمەت ۋەزىرلىرى دېگەن ئۆز شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خۇددى ئۆز ئائىلىسىنى بىلگەندەك خەۋەردار بولۇشى كېرەك ، — دېدى .

ۋەزىر بۇ قېتىم پادشاھنىڭ ئۆزىگە قويغان ئىمتىھان ۋە مۇئامىلىسىدىن بۆلەكچە تەسىر ئالدى . ئاندىن كۆڭلىدە «پادشاھ

شەھەرنىڭ بازار، كوچا، مەھەللە، ئۆي ـ ئايماق ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن بۇ قەدەر پىششىق خەۋەردار ئىكەن، ئۇنداقتا مېنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىمدىن ئەلۋەتتە خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى خۇپىيانە ئىش قىلماسلىقىم كېرەك» دەپ نىيەت قىلىپ، توغرا دىللىق بولۇش يولىنى تۇتتى. دېمەك، پادىشاھلار ھوشيار ۋە زېرەك بولسا، ھەر بىر كىچىك ئىشلارغىچە چوڭقۇر ۋە ئىدىتلىق خەۋەردار بولسا، سەلتەنەت راۋاج تاپىدۇ، دۆلەت ئەمىن بولىدۇ.

## مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيىتى

بۇرۇنقى ئۇلۇغلار ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مېھماندارچىلىق قائىدىلىرىنى ئادا قىلاتتى. كىرمان پادىشاھى ئىنتايىن سېخىي ۋە مېھماندوست كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مېھماندارچىلىق ئىشىكى داۋاملىق ئوچۇق ئىدى. ساخاۋەت داستىخىنى ھەمىشە يېيىقلىق تۇراتتى. ھەرقانداق كىشى ئۇ تۇرۇۋاتقان جايغا كەلسە، ئۇنىڭ ساخاۋەت داستىخىنىغا قاتناشمىغىنى يوق دېيەرلىك ئىدى.

بىر چاغدا ئىززۇددەۋلە لەشكەر تارتىپ كىرمان شاھى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ بېسىپ كىردى. ئۇلار بېسىپ كىرگەندە، كىرمان پادىشاھى ئۆز شەھرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىۋەتتى. كۈندۈزى ئۇلار ھۇجۇم ۋە مۇقابىلە بولۇپ ئۇرۇشاتتى. لېكىن، كېچىسى بولسا كىرمان پادىشاھى ئىززۇددەۋلەنىڭ لەشكەرلىرىگە نان، سۇ بېرەتتى. بىر كۈنى ئىززۇددەۋلە كىرمان شاھىغا كىشى قويۇپ:

— كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىپ، كېچىسى تائام بېرىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراتتى.

كىرمان پادىشاھى ئۇنىڭغا:

— كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش مەردلىك ۋە شىجائەت سەۋەبىدىن، كېچىسى تائام بېرىش ئادەمگەرچىلىك ئەخلاقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەقەززاسىدىن . گەرچە سىلەر دۈشمەن بولساڭلارمۇ ، لەشكەرلەر ھوقۇقىنىڭ زورى ۋە بۇيرۇقىنىڭ كۈچى بىلەن كەلگەن ، شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ يۇرتقا مۇساپىر ، — دەپ جاۋاب بەردى .

ئىززۇددەۋلە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئويلاپ كەتتى . «ئەگەر كىشى مۇنداق مۇررۇۋۋەتلىك بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتچىلىكتىن ئەمەس» دەپ دەرھال ئۇرۇشتىن ياندى .

«ئەخلاقۇل ـ مۇھسىنىن» ناملىق كىتابتىن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى .
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەتقاسىم ئەكرەم

# ھېكايەتلەر

شەھەردە بىر پاختا ئامبىرى بولۇپ ، بىر كۈنى ئامباردىكى پاختىلار ئوغرىلاندى . پاختاپۇرۇشلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىشتى . پادىشاھ ھەرقانچە قاتتىق ئىزدەتكۈزۈپمۇ ئوغرىنى تۇتالمىدى . ئاخىر بىر ئەمىر پادىشاھقا :

— ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز ئوغرىلارنى مەن تۇتاي ، — دېدى .

پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئەمىر ئۆيىگە بېرىپ ، شەھەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك بارلىق ئادەملىرىنى زىياپەتكە چاقىردى . ھەممە كىشىلەر يىغىلىپ ئولتۇرۇشقاندا ، ئەمىر كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن :

— قانداق ھارامزادە ، بىھايا ۋە ئەخمەق نىمكىن ، پاختا ئوغرىلاپتۇيۇ ، پاختىنىڭ پارچىلىرى ساقىلىنىڭ ئاستىغا ئورناپ قاپتۇ . يەنە تېخى شۇ ھالىتى بىلەن مېنىڭ زىياپىتىمگە كېلىشىپتۇ . . . — دېدى .

بۇ چاغدا بىرقانچە ئادەملەر ساقاللىرىنى قوللىرى بىلەن سىلاپ پاكىز قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەمىرگە بۇلارنىڭ ئوغرى

ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. پادىشاھ ئەمىرنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

*　　　　*

بىر كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئۆتكەن كېچە ھەزرىتى پادىشاھنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى زورلۇق بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ، كېنىزىكىم بىلەن زىنا قىلدى، — دەپ ئەرز قىلدى. پادىشاھ:
— ئەگەر ئۇ كىشى يەنە زورلۇق بىلەن ئۆيۈڭگە كەلگۈدەك بولسا، شۇ ھامان دەرھال ماڭا خەۋەر قىلغىن، — دېدى.
ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى كىشى يەنە كېلىپ ئۆيىگە كىردى. ئۆي ئىگىسى پادىشاھقا خەۋەر بەردى. پادىشاھ قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ ئۆي ئىگىسى بىلەن بىللە كەلدى - دە، ئۆيگە كىرىپلا چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە چىراغنى ياندۇردى. ئۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكرىلەر كەلتۈردى. ئاندىن ئۆي ئىگىسىگە قاراپ:
— ئەمدى ئۆيۈڭدە ھەرقانداق تائام بولسا كەلتۈرگىن، — دېدى. ئۆي ئىگىسى تاماق كەلتۈردى. پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن يېدى. ئۆي ئىگىسى:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، نېمىشقا ئۆيگە كىرىپلا ئالدى بىلەن چىراغنى ئۆچۈردىلە، كېيىن چىراغنى ياندۇرۇپ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپلا خۇداغا شۈكرى ئادا قىلدىلا ۋە تائامنى ۋاقىتسىز يېدىلە؟ — دەپ سورىدى.
پادىشاھ ئېيتتى:
— مېنىڭ ئوغلۇمدىن باشقا كىشىنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلغىلى قۇدرىتى يوق، دەپ گۇمان قىلغانىدىم. شۇڭا، ئاۋۋال چىراغنى ئۆچۈردۈم. چۈنكى، ئوغلۇمنىڭ يۈزىنى كۆرگۈدەك بولسام، مۇھەببەتتىن ئۇنى ئۆلتۈرگىلى جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئەمدى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلدى ، دەپ چىراغنى ياندۇرۇپ ، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكرى كەلتۈردۈم . چۈنكى ، ئۆلگۈچى ئوغلۇم ئەمەسكەن . سەن مەندىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ بارغاندا ئۆز ـ ئۆزۈمگە : «تاكى گۇناھكارنى ئۆلتۈرمىگۈچە ھېچنېمە يېمەيمەن» دېگەنىدىم . شۇنىڭدىن ھازىرغىچە ھېچ نەرسە يېمىگەنلىكىم ئۈچۈن قورسىقىم ئاچ ئىدى . شۇڭا ، تائامنى ۋاقىتسىز يېدىم .

* *

بىر دانىشمەن ئادەم بىر ئەتتار (يايمىچى)غا مىڭ ئالتۇننى ئامانەت قويۇپ سەپەرگە كەتكەنىدى . نەچچە ۋاقىتلاردىن كېيىن دانىشمەن سەپەردىن يېنىپ كېلىپ ، ئەتتاردىن ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى . ئەتتار :

— بىكار گەپ قىلما ، ماڭا ئالتۇن ئامانەت قويمىدىڭ ، — دېدى . دانىشمەن ئۇنىڭ بىلەن ياقا بوغۇشقىلى باشلىدى . بۇ يەرگە ئادەملەر توپلاندى . كىشىلەر دانىشمەننى يالغانچىغا چىقىرىپ :

— بۇ ئەتتار ناھايىتى دىيانەتلىك ئادەم . ئەسلا خىيانەت قىلمايدۇ . ئەگەر ، ئۇنىڭ بىلەن جاڭجاڭلاشقۇدەك بولساڭ ، ئۆزۈڭگە پاراكەندىچىلىك تاپىسەن ، — دېيىشتى .

دانىشمەن ئىلاجسىزلىقتىن ئەھۋالنى بىر قەغەزگە يېزىپ پادىشاھقا تۇتتى .

پادىشاھ :

— سەن بېرىپ ئەتتارنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرغىن . ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۆز قىلما . تۆتىنچى كۈنى مەن ئۇ تەرەپتىن ئۆتىمەن ۋە ساڭا سالام قىلىمەن . سالىمىمغا جاۋابتىن باشقا گەپ قىلمىغىن . مەن ئۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن پۇللىرىڭنى ئەتتاردىن سورىغىن . ئۇ ھەرقانداق سۆز قىلسا ماڭا خەۋەر قىلغىن ، — دېدى .

دانىشمەن پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ئەتتارنىڭ دۇكىنىنىڭ

ئالدىدا ئولتۇردى . دىگەندەك تۆتىنچى كۈنى پادىشاھ تامامى ھەشەمەت بىلەن ئۇ يەردىن ئۆتتى ۋە دانىشمەننى كۆرۈپلا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى . دانىشمەن پادىشاھنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەردى . پادىشاھ :

— ئەي بۇرادەر ، نېمىشقا قېشىمغا پات - پات بېرىپ تۇرمايسەن ۋە ھېچقانداق ئەھۋالىڭنى ماڭا سۆزلىمەيسەن ؟ — دېدى . دانىشمەن ئىندىمەستىن بېشىنى قىمىرلاتتى ، باشقا سۆز قىلمىدى . ئەتتار بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ قورقتى . پادىشاھ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن دانىشمەنگە :

— ئامانەتلىرىڭنى ماڭا تاپشۇرغان ۋاقتىڭدا مەن قەيەردە ئىدىم ، مېنىڭ قېشىمدا كىم بار ئىدى ؟ دەپ باققىن . بەلكى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن ، — دېدى .

دانىشمەن ھەممە ۋەقەنى تولۇق سۆزلىۋىدى ، ئەتتار :

— راست ئېيتتىڭ . ئەمدى يادىمغا چۈشتى ، — دېدى ۋە مىڭ ئالتۇننى دانىشمەنگە تاپشۇرۇپ ، ئۇنىڭغا كۆپ ئۆزرە ئېيتتى .

* *

ئىككى كىشى ماللىرىنى بىر قېرى كەمپىرگە تاپشۇرۇپ :

— قاچانلا بولمىسۇن بىز ئىككىمىز بىللە كەلسەك ئالىمىز ، — دېيىشتى .

بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن ھېلىقى ئىككى كىشىدىن بىرى كەمپىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— مېنىڭ شېرىكىم ئۆلۈپ كەتتى . ئەمدى مالنى ماڭا بەرگىن ، — دېدى .

كەمپىر ئىلاجسىزلىقتىن ماللارنى ئۇنىڭغا قايتۇردى . يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ ، ماللارنى تەلەپ قىلدى . كەمپىر :

— شېرىكىڭ كېلىپ سېنى ئۆلدى دېدى . مەن ھەرقانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىك ئالدىرىسى
www.uyghurkitap.com

سەۋەب كۆرسەتسەمۇ سۆزۈمنى ئاڭلىماي ھەممە مالنى ئېلىپ كەتتى ، — دېدى .

ھېلىقى ئادەم كەمپىرنى قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئادالەت تەلەپ قىلدى . قازى كۆپ سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن ، كەمپىرنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇ ئادەمگە :

— سەن ، ھەرقانداق چاغدا بىر ئىككىمىز بىللە كېلىمىز ۋە مالنىمۇ ئىككىمىز بىللە ئالىمىز ، دەپ شەرت قىلغانىكەنسەن . دېمەك ، ئەمدى سەن شېرىكىڭنى كەلتۈرۈپ ئاندىن مالنى ئالغىن . نېمىشقا ئۆزۈڭ يالغۇز بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ — دېدى .

ھېلىقى كىشى جاۋاب بېرەلمەستىن ئۆز يولىغا كەتتى .

* *

بىر چاكار خوجىسىنىڭ ئالدىدىن قاچتى . نەچچە زاماندىن كېيىن ئۇنىڭ خوجىسى باشقا بىر شەھەرگە باردى . ئۇ يەردە ئۇ چاكىرىنى كۆرۈپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە :

— نېمىشقا قاچتىڭ؟ — دېدى .

چاكار دەرھال ئىككى قولى بىلەن خوجىسىنىڭ ئېتىكىنى چىڭ تۇتۇپ :

— سەن مېنىڭ چاكىرىمسەن ، مېنىڭ نۇرغۇن مال - دۇنيالىرىمنى ئوغرىلاپ قېچىۋېدىڭ ، ئەمدى سېنى تاپتىم . ساڭا جازا بېرىمەن ، — دەپ يېپىشتى .

ئاخىر ھەر ئىككىسى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئادالەت تەلەپ قىلىشتى . قازى ھەر ئىككىسىنى دېرىزىنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ :

— ھەر ئىككىڭلار بېشىڭلارنى دېرىزىدىن چىقىرىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى .

ئۇلار دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىشىغا قازى جاللاتىنى چاقىرىپ ، چاكارنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرۇشقا بۇيرۇدى . بۇنى

ئاڭلىغان چاكار دەرھال بېشىنى ئىچكىرىگە تارتتى . خوجىسى ئەسلا قىمىرلىمىدى . بۇنى كۆرگەن قازى چاكارغا سىياسەت قىلىپ خوجىسىغا تاپشۇردى .

*　　　　　*

بىر كىشى نۇرغۇن ماللىرىنى بىر سەرراپقا ئامانەت قويۇپ سەپەرگە كەتكەنىدى . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېلىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى . سەرراپ ئىنكار قىلىپ «ماڭا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغانىدىڭ» دەپ قەسەم قىلدى . ھېلىقى كىشى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى . قازى بىر پەس ئويلىغاندىن كېيىن :

— سەن ، پالان سەرراپ مېنىڭ مېلىمنىمۇ بەرمىدى ، دەپ كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرمىگىن . مەن سېنىڭ مېلىڭ ئۈچۈن بىر تەدبىر قوللىنىمەن ، — دېدى .

ئەتىسى قازى سەرراپنى چاقىرتىپ :

— مېنىڭ بېشىمغا بىر مۇشكۈلچىلىك چۈشتى . ئۇنى يالغۇز ھەل قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمىدى . شۇڭا ، سېنى ئۆزۈمگە نائىب (ئورۇنباسار ) قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن . چۈنكى ، سەن كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان دىيانەتلىك كىشى ، — دېدى . سەرراپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ قوبۇل قىلدى . سەرراپ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، قازى دەۋاگەرنى چاقىرتىپ :

— ئەمدى ماللىرىڭنى سەرراپتىن سورىغىن ، ئۇ چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ ، — دېدى .

دەۋاگەر دەرھال سەرراپنىڭ ئالدىغا باردى . سەرراپ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا :

— كەلگىن ، كەلگىن . قانداق ، سالامەتمۇسەن ؟ سېنىڭ ئامانەت قويغان مېلىڭنى ئۇنتۇغانىكەنمەن . بۈگۈن كېچە يادىمغا چۈشتى ، — دېدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەرراپ ئۇ كىشىنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، نائىب بولۇش ئۈمىدىدە قازىنىڭ ئالدىغا باردى. قازى ئۇنى كۆرۈپ:

— بۈگۈن مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم. ساڭا پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ بىر ئىشنى تاپشۇرۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. خۇداغا شۈكرى قىلغىن، ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئېرىشىدىغاندەك تۇرىسەن. ئەمدى ئورۇنباسارلىققا باشقا بىرىنى ئىزدىمىسەم بولمىدى، — دېدى. دېمەك، قازى ئۇنىڭغا يوقىرىقىدەك ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆزىتىپ قويىدى.

*　　　　　　　　　*

مۇسا ئاتلىق بىر ئەرەب سەھەر ۋاقتىدا مەسچىتتىن بىر ھەميان ئالتۇن تېپىۋالدى. دەل شۇ چاغدا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلدى. ئۇ ھېلىقى ھەمياننى ئوڭ قولىغا ئېلىپلا سەپكە كېلىپ تۇردى. ئىمام سۈرە پاتىھەدىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «ۋەما تىلكە بىيەمىينىكە، يا مۇسا[1]» يەنى، ئەي مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نىمە؟ دېدى. ھېلىقى ئەرەب بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «ۋەللاھى ئەنتە ساھىرۇن» يەنى، خۇدا ھەققى سەن سېھىرگەركەنسەن، دېدى ۋە ھەمياننى مېھرابنىڭ ئالدىغا ئاتتى ـ دە، تۆھمەت بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى.

*　　　　　　　　　*

بىر كىشى يول ئۈستىدە ھەججاجدىن[2] بىر نەرسە تىلىگەندى، ھېچنېمە بەرمىدى. ئۇ كىشى ھەججاجنىڭ ئالدىغا

---

① «قۇرئان كەرىم» 20 ـ سۈرە تاھا، 17 ـ ئايەت.
② تارىختا ئۆتكەن زالىم پادىشاھ.

چۈشۈپ يۈگۈرگەن پېتى يەنە بىر ئورۇندا توختاپ ئۇنىڭدىن يەنە بىر نەرسە تىلىدى . ھەججاج :
— ئەي پالاكەت ، ھازىرلا پالان يەردە تىلىگەنىدىڭ ، ھېچنېمە بەرمىسەم نېمىشقا يەنە بۇ يەردە تىلەيسەن ؟ — دېدى . ئۇ كىشى :
— بەزى جايدا بەرىكەت بولىدۇ ، بەزى جاينى نەس ۋە شۇملۇق قاپلىغان بولىدۇ . ئاۋۋالقى تىلىگەن يېرىم شۇم كەلدى . شۇڭا ، بەرىكەت تاپسام ئەجەب ئەمەس ، دەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم ، — دېدى . ھەججاج كۈلۈپ كېتىپ ، ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بەردى .

* *

بىر كۈنى مىرزا ئىبراھىم ئاتلىق ، ئەدەب تەخەللۇسلۇق بىر شائىر بىر شاھزادىنىڭ ئولتۇرۇشىغا كىردى . شاھزادە ھۆسن - جامالدا تەڭداشسىز ئىدى . بىردەمدىن كېيىن داستىخانغا شاپتۇل كەلتۈرۈلدى . مىرزا ئىبراھىم شاھزادىگە :
— شاپتۇل دېگەن سۆز موغۇللارنىڭ ئىستېمالىدا بۇسە (سۆيمەك ) دېگەن بولىدىكەن . ماڭا بىر شاپتۇل بەرسىلە ، — دېدى .
— ئالسىلا ، — دېدى شاھزادە .
مىرزا ئىبراھىم قوپۇپ شاھزادىنىڭ يۈزىگە سۆيۈۋالدى . شاھزادە ئۆيلىنىپ ، مىرزا ئىبراھىمنىڭ قورسىقىغا پىچاق ئۇردى . ئادەملەر ئۇنى ئارىدىن كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى . بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن مىرزا ئىبراھىم ساقىيىپ يەنە شاھزادىنىڭ ئولتۇرۇشىغا كىردى . شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا :
— قارايسەنغۇ ، يەنە شاپتۇل يەمسەن ؟ — دېدى .
مىرزا ئىبراھىم :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— پىچاقمۇ شاپتۇلنىڭ بىر قىسمى ، مەن پىچاق بولمىسا شاپتۇل يەيمەن ، — دېدى .

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت ، يالقۇن قاھار

# ئارزۇسىنى ئۆلچەم قىلىش ئادىللىق ئەمەس

مىسىر پادىشاھلىرىدىن بىرى بىر ئەدەپسىز كىشىنى شەرىئەت بويىچە جازالاش ئۈچۈن سىياسەتگاھقا ئېلىپ كېلىپ :

— ئۇنىڭغا ئەدەپ تايىقى ئۇرۇڭلار ، — دەپ بۇيرۇپتۇ . ئۇ ئادەم تاياق ئاستىدا تۇرۇپ ، يامان تىل بىلەن پادىشاھنى ھاقارەتلەپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ :

— ئۇنى ئۇرماي قويۇۋېتىڭلار ، — دەپتۇ . ئەجەبلەنگەن ئوردا ئەربابلىرىدىن بىرى :

— ئەي پادىشاھ ، بۇ شوخ بىھايانى تېخىمۇ زىيادىرەك ئەدەپلەش لازىم ئىدى . ئەپۇ قىلىشقا نېمە سەۋەب بولدى ؟ — دەپ سوراپتۇ . پادىشاھ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ :

— مەن ئۇنى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن تاياق بىلەن ئەدەپلىگەنىدىم . ئۇ مېنى ھاقارەتلىك تىلى بىلەن ئەدەپلىدى . نەپسىم ئىزا تارتىپ ، غەزەپلىنىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭراق جازا بەرگۈم كەلدى . لېكىن ، مېنىڭ شەرىئەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئۆز نەپسىم ئارزۇسىنى دەپ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشىم مۇۋاپىق ئەمەس . شەرىئەت ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشقا ئۆزۈمنىڭ شەخسىي ئارزۇ - ھەۋىسىمنى ، خۇسۇسىي ئاداۋىتىمنى قوشۇۋالسام بۇ ئادىللىق بولمايدۇ . ياخشى ئىشنى قىلماقچى بولغان كىشى ئۇ ئىشقا شەخسىي غەرىزىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويسا ، بۇ خالىسانىلىك بولمايدۇ . بۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ساۋاب ئەمەس ، گۇناھقا ، ئالقىش ئەمەس ، قارغىشقا ئىگە بولىدۇ .

# سەۋرچان ۋە چىداملىق بولۇشنىڭ ئاخىرى بەختتۇر

تۇران پادىشاھلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن مۇنداق خەۋەر كەلتۈرۈلىدۇ: ئافراسسىياب ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىگە: «مەردلىك ۋە مەردانىلىك جەھەتتە سىناپ كۆرمەي تۇرۇپلا، كىشىنىڭ سۇرتىگە، بوي تۇرقى، چىراي ۋە شەكلىگە، لاپ ئۇرغانلىقىغا قاراپ ئالدىنىپ كەتمەڭلار» دېگەنىكەن.

بىر كۈنى ئافراسىياب ئەمىرلىرىدىن بىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەش قىپتۇ. توساتتىن بىر چايان كېلىپ ئەمىرنىڭ كىيىمى ئىچىگە كىرىۋاپتۇ ـ دە، چېقىپ نەشتەر سانجىغىلى تۇرۇپتۇ. چايان شۇنداق قاتتىق چېقىپتۇكى، ئۇنىڭ بارلىق زەھىرى ۋە نەشتىرى كاردىن چىقىپتۇ. ئەمىرمۇ شۇ دەرىجىدە چىدام ۋە سەۋر ـ تاقەت كۆرسىتىپتۇكى، چىرايىنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتىپ قويماپتۇ. مەسلىھەتتىن توختاپمۇ قالماپتۇ.

كېڭەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەمىر ئۆيگە بېرىپ چايانى كىيىمىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. كېيىن بۇ ئەھۋال پادىشاھقا ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن ھەيران بولۇپتۇ. ئەمىر ئىككىنچى قېتىم پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئۇچۇن كەلگەندە، پادىشاھ تەئەججۇپلەنگەن ھالدا ئەمىردىن سوراپتۇ:

— ئىنسان زىيانلىق نەرسىنى ئۆزىدىن يىراق قىلىش زۆرۈر ئىدى. سەن نېمە ئۈچۈن چايانى دەرھال ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزۈڭنى ئازابتىن ئازاد قىلمىدىڭ؟

ئەمىر جاۋاب بېرىپ:

— مەن ئۆزلىرىدەك بۈيۈك پادىشاھنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەت رىشتىسىنى چايانىنىڭ نەشتەر ئۇرۇشى بىلەن ئۈزۈۋەتمەيمەن. ئەگەر، بۈگۈنكى كېڭەشتە چايانىنىڭ چېقىشىغا بەرداشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرەلمىسەم ، كەلگۈسىدە ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەننىڭ زەھەرلىك تىغىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بىرەلەيمەن ، — دەپتۇ .
پادىشاھ ئەمىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ . مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپتۇ . ئەمىر چىدام ۋە سەۋر ـ تاقىتى ئارقىلىق يۇقىرى مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بوپتۇ .

## باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىش

خەلىپە مەئمۇننىڭ دەۋرىدە ، شورلۇق زېمىندە ياشىغان بىر ئەرەب بار ئىكەن . ئۇ ئۆمرىدە تاتلىق سۇمۇ ئىچىپ باقمىغان ۋە تاتلىق مېۋىمۇ يەپ باقمىغان ئىكەن . بىر چاغدا ئەرەبنىڭ يۇرتىدا قەھەتچىلىك بولۇپتۇ ، ھېلىقى ئەرەب ئاشلىق ئىزدەپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ . ئەرەب تۆپرىقى مۇنبەت بىر زېمىنغا يېتىپ بارغاندا ، ئۇنىڭ تاتلىق سۇ تولىشىپ قالغان بىر ئويمانغا كۆزى چۈشۈپتۇ ، ئەرەبنىڭ كۆزىگە شامالدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان بۇ سۈزۈك سۇ بەكمۇ پاك ۋە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ . ئەرەب بەكمۇ ھەيران بولۇپتۇ . ئۇ دەرھال سۇ لېۋىگە كېلىپ بىرئاز ئىچكەنىكەن ، سۇ ئۇنىڭ تامىقىغا چەكسىز ھۇزۇر ۋە لەززەت بېغىشلاپتۇ . ئۇ كۆڭلىدە : «تەڭرىنىڭ جەننەتتە شېرىن ۋە ھۇزۇرلۇق سۈيى بار ، دەپ ئاڭلىغانىدىم . ئەگەر ، گۇمانىم توغرا بولسا ، تەڭرىنىڭ موھتاجلىقىم ۋە تەشنالىقىمغا رەھمى كېلىپ ، بۇ سۇنى جەننەتتىن ماڭا يەتكۈزگەن بولسا كېرەك . بۇ سۇدىن بىرئاز ئېلىپ بېرىپ ، پادىشاھقا تۆھپە قىلسام ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھ ماڭا ئىنئام بەرسە ، بالا ـ چاقىلىرىممۇ مۇشۇ سۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن قەھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالار . . .» دەپ ئويلاپتۇ ، ئەرەب بىر تۇلۇمغا ھېلىقى يامغۇر سۈيىدىن قاچىلاپ ، باغدات يولىغا راۋان بولۇپتۇ ـ دە ، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ .

بىرقانچە مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن ، شىكارغا چىققان خەلىپە مەئمۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ . ئەرەب خەلىپىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، دۇئاغا ئېغىز ئېچىپتۇ . پادىشاھ ئەرەبكە قاراپ :
— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ .
ئەرەب :
— مەن پالانى سەھرادىن بولىمەن ، ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى قەھەتچىلىك بالاسىغا دۇچار بولۇپ ، قىيىن ئەھۋالدا قالدى ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .
— سىز قايسى تەرەپكە بارىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە .
ھېلىقى ئەرەب :
— سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم ، لېكىن قۇرۇق قول كەلمىدىم . سىزگە شۇنداق ئۇلۇغ تۆھپە ئېلىپ كەلدىمكى ، ھېچبىر كىشىنىڭ ئارزۇ قولى ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكەن ئەمەس ، ھېچبىر مەخلۇقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئەمەس ، — دەپتۇ .
خەلىپە بۇ سۆزدىن ئەجەبلىنىپ :
— ئەكەلگەن تۆھپىلىرىڭىزنى كەلتۈرۈڭ ، مەن كۆرۈپ باقاي ، — دەپتۇ .
ئەرەب تۇلۇمنى خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ :
— مانا بۇ جەننەت سۈيى ، بۇ سۇنى ئالەمدە ھېچكىم ئىچكىنى يوق ، — دەپتۇ .
خەلىپە بىر خادىمىغا تۇلۇمدىن بىر قاچا سۇ ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ .
خەلىپە سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ . تۇلۇمنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى بۇزۇلۇپ قاڭسىق بولۇپ قالغانىكەن .
خەلىپە ئەرەبنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپتۇ . ئەمما ، ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ ، ئۇ ئەرەبنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆرمەپتۇ .
— ھەي قېرىنداشىم ، — دەپتۇ ، خەلىپە ئۇنىڭغا ، — راست

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېيتىپسىز . بۇ ھەم تاتلىق ھەم سۈزۈك سۇ ئىكەن . بۇنى ھەرقانداق كىشىگە بېرىشكە بولمايدىكەن ، ئەمدى قالغان سۈنى مېنىڭ مەخسۇس سەرپىياتىم ئۈچۈن قالدۇرغايسىز .

خەلىپە سۈنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەرەبكە :

— ھەي بۇرادەر ، سىز ماڭا ناھايىتى ياخشى تۆھپىلەرنى كەلتۈرۈپسىز ، ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ھاجەتلىرىڭىزنى سۆزلەڭ ، — دەپتۇ .

— ئەي مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ، — دەپتۇ ئەرەب ، — بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى خەلقلەر ئاچارچىلىق ۋە سۇسىزلىق دەردىدە ئۆلەر ھالەتكە يېقىنلاشتى . ئەھلى يۇرتلىرىمىنىڭ ، بالا ـ چاقىلىرىمنىڭ ھالى خاراب ، شۇ ھاجەت ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم .

خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خەزىنىچىلەر ئەرەبكە مىڭ دىنار پۇل بېرىپتۇ . ئاندىن خەلىپە ئەرەبنى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ، يۇرتداشلىرىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇپتۇ .

ئەرەب كەتكەندىن كېيىن ، خەلىپىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى :

— ئەي پادىشاھ ، سىز نېمە ئۈچۈن ئۇ ئەرەب ئېلىپ كەلگەن سۇدىن باشقىلارغىمۇ بەرمەيسىز ، نېمىشقا ئۇنى بۇ يەردىن ئۆتكۈزمەي قايتۇرۇۋېتىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا :

— بۇ سۇ بەكمۇ قاڭسىق ۋە بەتبۇي ئىكەن ، ئەرەب ئۆزى ئىچىپ كۆنگەن سۇيىگە سىڭىشتۇرۇپ ، بۇ سۈنى جەننەتنىڭ سۈيى دەپ خىيال قىپتۇ . ئەگەر ، بۇ سۈنى سىلەرگە بەرگەن بولسام ، سىلەر ئۇ ئەرەبنى ئەيىبلىگەن ، مەسخىرە قىلغان بولاتتىڭلار . ئۇ بىچارە ئۆزىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان ئىشىدىن شەرمەندە بولغان بولاتتى . ئەگەر بۇ يەردىن قايتۇرۇۋەتمىسەم ، ئۇ بىرىپ دەريانىڭ تاتلىق ۋە تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق سۈيىدىن ئىچىدۇ ـ دە ، مۇنچە بەتبۇي سۈنى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىنىگە خىجالەتچىلىك تارتىپ قالىدۇ . بىر موھتاج كىشى مېنىڭ مۇكاپات ۋە ئېھسانىمدىن ئۈمىد كۈتۈپ كېلىپ ، ئاقىۋەت نائۈمىد بولۇپ ، چىرايىغا خىجالەتچىلىك چاڭ ـ توزانلىرىنى قوندۇرۇپ قايتىشىدىن ھايا قىلدىم ، — دەپتۇ .

# ئەدەپ ـ ئەخلاق بىباھا بايلىق

مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن بولغان ئاداۋىتىنى تۈگىتىپ، ئوتتۇرىدا ئىناقلىق ـ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىزىنى رۇم سۇلتانىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. رۇم سۇلتانىمۇ ئۆز قىزىنى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ. ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر ۋە مەكتۇپلار ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇپتۇ. بۇ ئىككى پادىشاھ ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن ھەر ئىككى دۆلەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلماقچى بولغان ھەربىر چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ تۇرىدىكەن. مۇھىم ئىشلىرىغا بولسا ئۆزئارا مەسلىھەتلەشمەي قەدەم قويمايدىكەن.

بىر كۈنى مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىز — تىرىكلىكىمىزنىڭ ئاساسى، ھاياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. بىزلەر ئالەمدىن ئۆتسەك، نام ـ نىشانىمىز ئەنە شۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى ئارقىلىق ساقلىنىدۇ. ھېكمەتلەردە «تىرىكدۇر دىيارىدە ھەر كىمكى ئول، قويۇپ كەتتى ئورنىدا ياخشى ئوغۇل» دېيىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىزلەردىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئەسۋابلىرىنىڭ پىكرىنى قىلىشىمىز كېرەك. مەن ئوغلۇم ئۈچۈن قىممەت باھالىق نەپىس ماللار، سانسىز ياخشى ئات، تۆگىلەر ۋە باشقا ھەر خىل چارۋىلار، كېنىم ـ كېچەكلەر، ئۆي ـ ئىمارەتلەر، تۇگمەنلەر ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنى مىراس قىلدىم. سىز ئوغلىڭىزنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈن نىمە تەدبىر كۆردىڭىز، نىمىلەرنى تەييار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدىڭىز ؟ — دېدى .
بۇنى ئاڭلىغان رۇم سۇلتانى كۈلۈپ كېتىپ :
— مال ـ مۈلۈك ۋاپاسىز ، يارۇ ـ دوست تۇراقسىزدۇر ، مال ـ دۇنيانىڭ ھېسابىنى قىلىش كېرەك . لېكىن ، بۇ دۇنيانىڭ بايلىقلىرىغا ئالدانماسلىق لازىم . مەن ئوغلۇمنى ئەدەپ كىيىملىرى بىلەن جابدۇپ قويدۇم ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياخشى سۇپەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى مىراس قويدۇم . مالغا زاۋال يەتسىمۇ ، لېكىن ئەدەپ ـ ئەخلاق مەڭگۈ قىممەتلىكتۇر ، — دەپتۇ .
بۇنى ئاڭلىغان مىسىر پادىشاھى «ئەل — ئەدەبۇ خەيرۇن — مىنەززەھەبى» (ئەدەپ ـ ئەخلاق ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك) دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ ، رۇم سۇلتانىنىڭ پىكرىگە قايىل بولۇپتۇ . بۇ مەنىدە مۇنداق بىر نەزم بارلىققا كەلگەن :

ئەدەپ بايلىقى قارۇن گەنجىدىن خوپ ،
ئەدەپ قەدرى پەرىدۇن مۈلكىدىن خوپ .
نەزەردە تۇتمىغاي پۇل ـ مالنى دانا ،
مۈلۈك چۈنكى بولالماس مەڭگۈ ھەمراھ .
ئۇلار ئارزۇ قىلار ئىلمى ئەدەپنى ،
ئۇلار تاپقان ئەدەپتىن شان ـ شەرەپنى .

## خەلقنىڭ دىلى ئادالەتتىن مەڭگۈ سۆيۈندۇ

بۇرۇنقى زاماندا ، سۇلتان مەلىك شاھ سەلجۇقى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . ئۇ بىر كۈنى زىندەرۇد ئېقىنى بويىدا شىكار قىلىۋېتىپ ئىستىراھەت ئۇچۇن كۆكلەمزارلىغا چۈشۈپتۇ . ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بىرى كەنتتىكى ئېرىق لېۋىدە ئوتلاپ يۈرگەن بىر كالىنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئۆز ئادەملىرىگە تۇتتۇرۇپ كېلىپ ، ئۆلتۈرۈپ ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ . كالىنىڭ ئىگىسى شۇ

جايدا ئۆلتۈرۈشلۈق بىر تۈل خوتۇن بولۇپ ، ئاشۇ كالىنى سىغىپ سۇتىنى سېتىش ئارقىلىق تۆت بالىسىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن . ئۇ خوتۇن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، يىغلاپ بىھوش بولۇپتۇ . هوشىغا كەلگەندىن كېيىن ، ھېلىقى پادىشاھ ئۆتىدىغان يولدىكى كۆۋرۈكتە ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ . پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن يېتىپ كېلىۋاتقاندا ، ھېلىقى خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ، شاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەھۋال ئېيتماقچى بولغانىكەن ، كالىنى ئۆلتۈرگەن خادىم ئۇ بىچارىنى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپتۇ .

— توسما ، — دەپتۇ سۇلتان مەلىك شاھ ، — بۇ ئاجىز بىچارە كۆرۈنىدۇ . سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار جۇرئەتلىك ۋە تىلى ئۆتكۈر كېلىدۇ .

ئايال ئەرز تىلىنى ئېچىپ دەپتۇكى :

— ھەي ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ، ئەگەر سىز بۇ زىندەرۇد دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدە دادىمغا يەتمىسىڭىز ، قىيامەت كۈنى سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئاداۋەت قولۇمنى ياقىڭىزدىن ئالماسمەن ، قايسىبىرىنى ئىختىيار قىلىسىز ، ئويلاپ كۆرۈڭ .

ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىنىڭ ھەيۋىتىدىن سۇلتان دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولۇپتۇ .

— ھەي ئانا ، — دەپتۇ سۇلتان ئۆتۈنۈپ ، — مېنىڭ ئۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە جاۋابكار بولۇشقا تاقىتىم يوق . ھازىر ئېيتىڭ ، كىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىڭىز ، مەن دادىڭىزغا يېتىمەن .

خوتۇن :

— ئەي پادىشاھ ، باياتىن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ماڭا ئازاب قامچىسىنى كۆتۈرگەن مۇشۇ خادىمىڭىز مېنىڭ تىرىكچىلىك بولىقىمنى زۇلۇم تۇپراقلىرى بىلەن تولدۇردى . يېتىم باللىرىم ۋە مەن ئاجىزەنىڭ تىرىكچىلىك دەسمايىمىز بولغان بىر كالامنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ غىزاسى ئۈچۈن كاۋاپ قىلدى . ياق ئۇ كالىنى ئەمەس ، مەن بىچارىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى كاۋاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلدى ، — دەپتۇ .

پادىشاھ بۇ تۇل خوتۇننىڭ دادىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇ خادىمغا سىياسەت تەمىنى تېتىتىپتۇ . ئۇ خوتۇننىڭ بىر كالىسى ئورنىغا ئۇ خادىمنىڭ ھالال مىلىدىن يەتمىش سىغىن كالا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ . ماللار دەرھال ئۇ خوتۇننىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ .

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ رەھىم - شەپقىتىگە ئېرىشكەن خوتۇن پادىشاھنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ، ھاجەت يۈزىنى دۇئا قىبلىسىگە قارىتىپ تۇرۇپ دۇئا قىپتۇ : «ئەي تەڭرىم ، مەن دەردمەندە بولغان ۋاقتىمدا بۇ تۇپراق ئىچىدە ياتقان بەندەڭ ياردەم قىلىپ مېنىڭ ھاجىتىمنى راۋا قىلغانىدى . ئەمدىلىكتە ئۇ سېنىڭ رەھمىتىڭگە موھتاج بولۇپتۇ . ئۇ مېنىڭ بىچارىلىك ۋاقتىمدا ماڭا رەھىم قىلغانىدى . ئۇ ھەم بىچارە بولۇپتۇ . سەنمۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن » .

# قەلبلەرنى بويسۇندۇرۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى

پادىشاھ خۇسرەۋنىڭ شان - شەۋكەت ۋە باتۇرلۇق - شىجائەتتە تەڭداشسىز بىر قوماندانى بار ئىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ لەشكىرىي ئىلمىدىكى مىسلىسىز ئىستېداتى بىلەن مەشھۇر ئىكەن . كارامەت تەدبىرلىك ۋە ئاجايىپ جۈرئەتلىك كىشى ئىكەن . پادىشاھمۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە خىزمىتىدىن كۆپ مەمنۇن ئىكەن . شۇڭا ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دانا مەسلىھەتچىسى دەپ بىلىدىكەن . ئۇ قوماندان شاھنىڭ ھۇزۇرىدا گوياكى :

مەملىكەتنىڭ ھۆسنىگە زىننەت ئىدى ،
سەلتەنەت قوللىرىغا قۇۋۋەت ئىدى .

دېگەن مىسرالاردىكىدەك مەرتىۋىدىكەن .

بىر كۈنى ئايغاقچىلار پادىشاھقا :

— بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، سىزنىڭ ئۇ پالۋىنىڭىز ئىتائەت قىلىش يولىدىن چىقىپ، باشتۇڭلۇق بىلەن سىزگە دۈشمەن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا چارە كۆرۈش كېرەك، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

خۇسرەۋ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەم - قايغۇغا چۆكۈپتۇ. كۆڭلىدە: «ئۇ پالۋىنىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ، مەملىكەت شەھەرلىرىدىن بىرىگە ئورۇنلىشىپ، ماڭا قارشى سەپ تۈزسە، چوڭ - چوڭ سىپاھلىرىم ۋە ئاساسلىق لەشكەرلىرىم ئۇنىڭ تەرەپدارى بولىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەن بولۇپ قوشۇن تارتىپ كېلىشى بىلەن سەلتەنىتىم مىزانىغا نۇقسان، شاھلىقىم گۈلزارىغا خازان يەتسە قانداق قىلارمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. پادىشاھ ئاخىر بۇ مەسىلە ھەققىدە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. كېڭەشتە ئۇ قوماندانىنى بەند قىلىش قارار قىلىنىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ قوماندانىنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئەكېلىپ بۇرۇنقى دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئىبسىل پەزىلەتلىرى ۋە ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى كۆپ مەدھىيىلەپتۇ. قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپ، ئۇنى تارتۇقلاپتۇ. ئاندىن يەنە ئوردا دەرۋازىسىغىچە چىقىپ ئۇنى ئىززەت بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بەتنىيەت ئايغاقچىلار بۇ ئىشقا يەنە شىكايەت تىللىرىنى سوزۇپ:

— پادىشاھ تونۇغۇن قىلىشقان كېڭەشكە نېمە ئۇچۇن بۇگۈن خىلاپلىق قىلىدۇ، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن كېڭەشكە خىلاپلىق قىلمىدىم، قىلغان سۆزلىرىمدىنمۇ يېنىۋالمىدىم. كېڭەشتە ئۇ ئەمىرنى بەند قىلىش قارار قىلىنغان. مەن ئۇنى ئەڭ ئۇنۇملۇك ھالدا بەند قىلىشنى قارار قىلدىم. ئەڭ ياخشى بەند قىلىشتا ئۇنىڭ قەلبىدىن باشقا مۇۋاپىق ئەزاسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئىنئام - ئېھسان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارغامچىسى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى باغلىيالىساملا باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭ قەلبىگە ئىتائەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالغان بارلىق ئەزالىرىنىمۇ ئۇنۇملۇك بەند قىلغان بولىمەن. سىلەر ئويلىغان تۆمۈر بەندكە كىشىلەر ئىككەك سالسا بۇزۇلۇپ ئاجرايدۇ. ھالبۇكى، قەلبكە سالغان بەندكە ھېچ نەرسە تەسىر قىلالمايدۇ. «قۇشلارنى دان بىلەن، ئىنسانلارنى ئېھسان بىلەن ئوۋلاش كېرەك» دىگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا پادىشاھ كۆڭلىگە: «پالۋىنىمنىڭ دىلىدىكى دۈشمەنلىك داغلىرىنى ياخشىلىق ۋە ئىنئام بۇلىقىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇپ، ئاداۋەت دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى، ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قولىنىڭ كۈچى بىلەن يۇلۇپ تاشلاي» دىگەن ئاقىلانە پىكىر چوڭقۇر ئورۇنلاشقانىكەن. شۇ قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن ئۇ قوماندانىنىڭ شاھ خۇسرەۋگە بولغان ئىخلاس ۋە ساداقىتى تېخىمۇ چىڭىپتۇ. جان پىدالىق كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپتۇ.

## ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت ھەممىنى قايىل قىلىدۇ

سېخىي ئادەملەرنى ئۇنىڭ خەير - ساخاۋىتىدىن بەھرىمەن بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىگە دوست ھېس قىلىدۇ. مەسىلەن، قەشقەر خەلقى ھىندىستاندا بىر سېخىي كىشى بار، دەپ ئاڭلىسا، ئۇنى كۆرمەستىن دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئېھسانىغا تەھسىن ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ سېخىي دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنى ئەسلەيدۇ. پەزىلەت ۋە ساخاۋىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.

ھاتەم تەيىنىڭ ۋاپاتىغا توققۇز ئەسىردىن ئاشتى. لېكىن، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەسلىگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ خاتىرە سۆزلىرىنىڭ باھارى مەدھىيە ۋە ئاپىرىن شاماللىرى ئارقىلىق خۇش پۇراق چاچماقتا. ئۇنىڭ جانىنى ياشارتقۇچى

ھېكايەتنامىلىرى ئالقىش گۈللىرى بىلەن زىننەتلەنمەكتە .
ئۆز دەۋرىدە ھاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى ۋە قىلغان ساخاۋىتىنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشقا باشلاپتۇ . ئۇنىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان ياخشى ئىش - پائالىيەتلىرىدىن بارغانسېرى ھەسەت ئوتىغا گىرىپتار بولغان يەمەن سۇلتانى ، شام پادىشاھى ۋە رۇمنىڭ ھۆكۈمدارى ھاتەمگە ئاداۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا سېخىيلىق دەۋاسىنى قىلىشىپ ، مەردانىلىك لاپلىرىنى ئۇرۇپ يۈرۈشىدىكەن . ھالبۇكى ، ھاتەمنىڭ سېخىيلىقى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەيدىكەن . شۇڭا ، پادىشاھلار ھاتەمنى ئۆز ئالدىغا سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپتۇ . ئالدى بىلەن شام پادىشاھى ھاتەمنى سىناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز دانە قىزىل يۈگلۈق تۆگە تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتىپتۇ . ئۇ چاغدا مۇنداق تۆگىلەر پۈتۈن ئەرەب ۋىلايەتلىرىدە كەمدىن - كەم تېپىلىدىكەن . تېپىلغاندىمۇ ئىنتايىن قىممەت سېتىلىدىكەن . ھاتەمنىڭ ماللىرى ئىچىدە بولسا ، بۇنداق سۈپەتلىك تۆگە يوقكەن . شام پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى ھاتەمنىڭ قېشىغا كېلىپ پادىشاھنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ . ھاتەم پۈتكۈل ئەلچىلەرنى خاس مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . ئۇلارنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ . ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خادىملىرىنى يىغىپ :
— ھەممە يۇرت - قەبىلىلەرگە بېرىڭلار ، «ھەر كىمنىڭ قىزىل يۈگلۈق قارا كۆزلۈك تۆگىسى بولسا ھاتەم قېشىغا ئېلىپ بارسا ، ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھادا ئالىدۇ ، تۆگىنى ئېلىپ بارغان كىشىگە يول مۇشەققىتىنىڭ ئەجرى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ» دەپ ئېلان قىلىڭلار ، — دەپ بۇيرۇپتۇ .
ھاتەم شۇ ئۇسۇل بىلەن ئەرەبلەردىن يۈز دانە تۆگە قەرز ئېلىپ شام پادىشاھىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ . ئەلچىلەر بۇ تۆگىلەرنى شاھقا كۆرسىتىپتۇ . شاھ ئەھۋالدىن ھەيران قېلىپ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن بۇ ئەرەبنى مۇنداقچە سىناپ كۆرۈۋىدىم ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئۆزىنى بىھېساب قەرزگە بوغۇپتۇ ، — دەپتۇ . ئاندىن پادىشاھ بۇ تۆگىلەرگە مىسىر ۋە شامنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ماللىرىنى يۈكلەپ ، قايتۇرۇپ ھاتەمگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ . ئەلچىلەر تۆگىلەرنى نۇرغۇن ماللار بىلەن ھاتەم قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ . ھاتەم بارلىق تۆگە ئىگىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۆز تۆگىسى بىلەن تۆگىدىكى ماللارنى قوشۇپ بېرىۋېتىپتۇ .

بۇ ئىشلارنىڭ خەۋىرى شام پادىشاھىغا يېتىپ بېرىپتۇ . شام پادىشاھى ئۆز يېقىنلىرىغا :

— مۇنداق ئاجايىپ مەردلىكنىڭ ئادەمزات قولىدىن كېلىشى بەكمۇ تەس ، مەن ھاتەمنىڭ ھەقىقەتەن ساخاۋەت بابىدا تەڭداشسىز كىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم ، — دەپتۇ .

* * *

رۇمنىڭ پادىشاھى ھاتەمنىڭ ساخاۋەت دەبدەبىسىنى ئاڭلاپ ، ئۇنى سىناپ بېقىشنىڭ خىيالىغا چۈشۈپتۇ .

پادىشاھ بىر كۈنى ھاتەمنىڭ ئۇقتەك تېز چاپىدىغان بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ . شاھ ۋەزىرىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا :

— ھاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى ئەرەب ۋە ئەجەم دۇنياسىغا پۇر كەتتى . ئۇ ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتتە مەغرىبتىن - مەشرىققە قەدەر تونۇلدى . مەن ئۇنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم . كىشى ئەۋەتىپ ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېتىنى تەلەپ قىلماقچىمەن ، — دەپتۇ .

پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن ، لايىق سوۋغا - سالاملارنى قوشۇپ ھاتەم قېشىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ . ئەلچىلەر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ بارغاندا ، ھاۋا سوۋۇپ كېتىپ ، قار يېغىپتۇ . ھاتەم ئەلچىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئىستىقبالىغا چىقىپتۇ

ۋە ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ ، ئالىي مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . ھاتەم خادىملىرىغا مېھمانلارنىڭ زىياپىتى ئۈچۈن ئات ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ . مۇلازىملار ھاتەمگە :

— ئاتلارنىڭ ھەممىسى يايلاقتا ، بۇ يەردە پەقەت ھېلىقى تەڭداشسىز ئۇچقۇر ئاتتىن باشقا ئات يوق ، — دەپتۇ . ھاتەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ :

— مەيلى ، ئاشۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈڭلار ، — دەپ بۇيرۇپتۇ .

مېھمانلار رۇم سۇلتانى تەلەپ قىلغان ئاتنىڭ گۆشىدە مېھمان بولۇپتۇ . ئاندىن كېيىن ھاتەم مېھمانلارنى ئازادە ئىستىراھەت قىلىشقا قالدۇرۇپ ، ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كېتىپتۇ . تاڭ ئاتقاندا ھاتەم مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزرە ئېيتقان ھالدا كىرىپتۇ . ئەلچىلەر رۇم سۇلتانىنىڭ خېتىنى ۋە سوۋغاتلىرىنى ھاتەمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . ھاتەم پادىشاھنىڭ خېتىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلىپ ، ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش ئىپادىسىدە بولۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئەلچىلەر :

— ئەي ھاتەم ، سىز پادىشاھىمىزنىڭ تەلىپىگە مۇنچىۋالا پەرىشانلىق كۆرسەتسىڭىز ، بىزنىڭمۇ سىزنى ئارتۇقچە تەڭلىكتە قويۇشقا ئامالىمىز يوق ، — دېيىشىپتۇ .

ھاتەم بۇلارنى ئاڭلاپ :

— يوقسۇ ، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ، رۇم سۇلتانى مېنىڭدىن بىر ئات تىلەپتۇ . مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا بۇ قەدەر كۆپ ئەلچىلەرنى ۋە ئېسىل سوۋغىلارنى ئەۋەتىپتۇ . مېنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن خىزمەتكە لايىق كۆرۈپتۇ . مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال . مېنىڭ ھازىرقى پەرىشانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى ، تۈنۈگۈن سىلەرگە زىياپەت قىلغانلىرىم دەل ئاشۇ ئاتنىڭ گۆشى ئىدى . ئىسىت ، ئەھۋالدىن نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق خەۋەر تاپمىدىم . ئەگەر ، ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپسام پادىشاھنىڭ ئۈمىدىنى زايا قىلماس ئىدىم ، خىزمىتىدىن مەھرۇم بولماس ئىدىم ، — دەپ مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئەھۋال تۈپەيلىدىن رۇم سۇلتانىغا بۇ ئات نېسىپ بولماپتۇ . لېكىن ، ھاتەم بۇ ئەلچىلەرگە نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ ، ھېسابسىز سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قايتۇرۇپتۇ . ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ سۇلتانغا ئەھۋالنى بىر ـ بىر بايان قىپتۇ ، پادىشاھ ئۇنىڭ ئىنساپ ـ ساخاۋەتتە مىسلىسىز ، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە تەڭداشسىز مەرد ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپتۇ . ئۇنى «سېخىيلىق بابىدا جاھاندا يېگانە ئادەمكەن» دەپ تەرىپلەپتۇ .

دېسە بولغاي ئادەم ئەۋلادى ئارا ،
كەلمىدى ئۇنداق سېخىي ئادەم يانا .
ناننى مۆھىم بىلدىلەر بارچە كىشى ،
كەتتى ھاتەم بىلەن ساخاۋەت ئىشى .

*　　　*

يەمەن پادىشاھى ساخاۋەت ۋە ياخشىلىق بىلەن مەشھۇر بولغان ، پېقىر ۋە موھتاجلارغا داستىخىنىنى كەڭ يايىدىغان ، مەرد كىشى ئىكەن . بۇ پادىشاھ ئۆز ساخاۋىتىدىن باشقا سۆزنىڭ ئەل ئاغزىدا سۆزلىنەلمەسلىكىنى ، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ يېگانە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن . باشقىلارنىڭ بۇ خۇسۇستا مەشھۇر بولۇپ قالماسلىقىنى ئويلايدىكەن . شۇ سەۋەبتىن ، ئۇنىڭ قېشىدا ھاتەم تىلغا ئېلىنسا غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداپ ، ھاتەمگە ھاقارەت قىلىشقا باشلايدىكەن : «ھاتەم بولسا مېنىڭ ۋىلايىتىمنىڭ پۇقراسى ، ھەتتا ئۇ بىر سەھرالىق . ئۇنىڭدا يا جاھاندارلىق مەنسىپى ياكى مۇلۇكدارلىق مەرتىۋىسى يوق . ئۇ بۇنداق نېسىۋىلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم . ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ، ئۇنىڭ قولىدىن كىشىلەر ماختاپ مەدھىيىلىگۈدەك قانچىلىك ساخاۋەت كېلىدۇ . ھاتەمنىڭ پەقەت بىر قانچىلا ئات ـ تۆگىلىرى بار . بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ساخاۋەت ئىشكىنى ئاچالايدۇ ، مەن ھاتەمنىڭ بىر يىللىق ساخاۋىتىنى بىر

كۇندە بىر ئادەمگىلا بېرىمەن . ئۇنىڭ يۈز مېھماندارچىلىقىنى ماڭا كەلگەن بىر مېھماننىڭ ناشتىلىقىغا بېرىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ھاتەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە شەك كەلتۈرىدىكەن .

پادىشاھ بىر كۈنى شۇنداق چوڭ ھەشەم بىلەن بىر زىياپەت قىلىپتۇ . شاھانە داستىخانلىرىنى كەڭ يېيىپتۇ . پۈتۈن ئامۇ ـ خاسلارنى جەم قىلىپ ، تۈن بويى خەير ـ ساخاۋەت قىلىپتۇ . ئالتۇن كۇمۇشلەرنى تۆكۈپتۇ . ياقۇت ، مەرۋايىتلارنى چېچىپتۇ . زىياپەت خۇشلۇقى سەۋەبىدىن بىر كىشى توساتتىن ھاتەمنىڭ ئىسمىنى يادلاپتۇ . بېيىت :

بىرى ھاتەم ئىشىنى زىكرى قىلماقتا ئېغىز ئاچتى ،
سېخىيلىقنى بايان قىلماق بىلەن مەجلىسكە دۇر چاچتى .

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزگە زەردىسى قايناپ ، پەرىشان بولۇپتۇ . ھەسەت قانلىرى تومۇرلىرىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشلاپتۇ . ئۇنىڭ كۆڭلىگە : «بۇ كۇنلەردە كىشىلەرنىڭ تىلىدىن ھاتەمنىڭ نامى چۈشمەيدىغان بولدى . ھەممە كىشىنىڭ ئېغىزىدا ھاتەمنىڭ مەدھىيىلىرىدىن باشقا گەپ يوق ، ئۇنىڭ ياخشىلىق ۋە ساخاۋەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە نەقەدەر چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ـ ھە ؟ !» دېگەن ئەندىشىلەر پەيدا بولۇپتۇ . پادىشاھ شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر چارە قوللىنىپ ، ھاتەمنى دۇنيادىن يوق قىلىش نىيىتىگە كېلىپتۇ . بېيىت :

جاھان سەھنىدە مەۋجۇت بولسا ھاتەم ،
مېنى ياخشى دېمەسلەر ئەھلى ئالەم .

پادىشاھنىڭ كىشىلىرى ئىچىدە بىر پۇل ئۈچۈن يۈز كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن يانمايدىغان ، ئانچىكىم ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىنى رەنج ۋە ئازار تاشلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇندۇرۇپ ئۆتىدىغان بىر مەككار كىشى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىلتىپاتلار قىلىپتۇ. يەنە نۇرغۇن ئىنئام ـ مۇكاپاتلارغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇنداق پەرمان بېرىپتۇ:

— سەن تېزلىك بىلەن ھاتەم قەبىلىسىگە بارغىن، كۆڭلۈڭگە يەتكەن ھەممە نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغىن، خاتىرەڭ قوبۇل كۆرگەن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بولسىمۇ ئۇ ھاتەمنى ھاياتلىق مۈلكىدىن ماماتلىق سارىيىغا يوللىغىن، «ھاتەم» دېگۈچى بارلىق كىشىلەرنى «ماتەم» دېگۈزۈۋەتكىن. ئەگەر، شۇ ۋەزىپىنى بېجىرەلىسەڭ، سېنى شاھانە ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلايمەن.

ئۇ مەككار كىشى شاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن، قىن ـ قىنىغا پاتماي ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ھاتەمنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپتۇ. بىرقانچە مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاخىر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئۇ بۇرۇن بۇ يەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھاتەمنىڭ قورۇسىنى تاپالماي ھەر تەرەپلەرگە دوقۇرۇپ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگىنىدە، تۇساتتىن بىر يىگىت ئۇچراپ قېلىپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ چىرايىدىن خۇشخۇيلۇقى ۋە مېھماندوستلۇقى بىلىنىپ تۇرار ئىكەن. يىگىت ئۇ مەككارنىڭ شۇ مەھەللىگە مۇساپىر ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ شېرىن تىل بىلەن سوراپتۇ.

— قەيەردىن كەلدىڭىز، قاياققا بارىسىز؟!

مەككار:

— مەن يەمەندىن كەلدىم، شامغا بارماقچىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت:

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن مېنىڭ ئۆيۈمگە ئىلتىپات قىلىڭ، پېقىر خىزمەتكارلىق سۈپىتىدە شەرەپ نەزەرىڭىزگە ئىلىنغايمەن، ئۆيۈمنىڭ سەھنىسىنى پايى قەدىمىڭىزنىڭ زىننىتى بىلەن يورۇتسىڭىز، مەن جان ـ دىلىم بىلەن مىننەتدار بولغان

بولاتتىم ، — دەپتۇ .

مەككار ئۇ يىگىتنىڭ خۇشخۇيلۇقى ، كۆڭۈلچەكلىكىگە مەھلىيا بولۇپتۇ ـ دە ، يىگىتنىڭ مەنزىلىگە بېرىپتۇ . يىگىت مېھماندارچىلىقنىڭ رەسمىيەتلىرىنى شۇ قەدەر ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈرۈپتۇكى ، ئۇ مەككار ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ . ئۆمرىدە ئۇ تېخى مۇنداق زىياپەتنى كۆرۈپ باقمىغان ، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىكەن . رەڭمۇرەڭ نېمەتلەر ، خىلمۇخىل تائاملار ، تۈرلۈك ـ تۈمەن شەربەتلەر تەرتىپ بويىچە ئۇزۇلمەي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ . مېھمان بۇ يىگىتنىڭ مۇنچە كاتتا ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز ئاپىرىن ئوقۇپتۇ . زوق ـ شوق بىلەن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي : «بارىكاللا ، ئادەمدە پەزىلەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا ، ئەردە ھىممەت دېگەن مۇشۇنداق بولسا» دەپ ماختاپتۇ . ئۇلار بۇ كېچىنى ئەنە شۇنداق زىياپەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ .

تاڭ ئاتقاندا ، بۇ مېھمان ئۆيدىن ئۆز مەقسىتى تەرەپكە قاراپ يول ئالماقچى بولۇپتۇ . يىگىت مېھماننىڭ خوشلىشىش تەرەددۇتىدىن پەرىشان بولۇپ ، ئوتلۇق بېيىتلارنى تىلىغا جارى قىلىپتۇ . بېيىت :

يۇز داغ تۇشتى كۆڭلۇمگە يەتكەچ جۇدالىقىڭ ،
ھەي ئىست ، بولمىسا بوپتىكەن بۇ ئاشنالىقىڭ .

يىگىت ئاندىن تېخىمۇ كۆڭۈل ئىزدىگەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ :

— ھەي بۇرادەر ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن بۇ يەردە تۇرساڭ ، سۆھبىتىڭنىڭ پەيزى بىلەن مېنى خۇشال قىلساڭ قانداق بولار ؟ !

مەككار :

— ئەي ئەزىز ، شۇنچە كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدىڭ . ئۆزرە ئېيتىشقا ئاجىزمەن ، مېنى كۆپ ھايال قىلمىساڭ ، چۈنكى بېشىمدا مۇشكۇل ئىشىم بار ئىدى ، — دەپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشلىرىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلغىن، قولۇمدىن كەلگىنىچە ئۇ ئىشلىرىڭغا ياردەم قىلىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

مەككار ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دۇچ كەلگەن بۇنداق مەردانە كىشىگە قايىل بولۇپتۇ. كۆڭلىدە: «مەن مۇنچە چوڭ ئىشقا قەدەم قويۇپتىمەن. يارىسىز، مەدەتكارسىز بۇ ئىشىمنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تەس. بۇ ھىممەتلىك، تەجرىبىگە باي، سېخىي ۋە مۇساپىرلارنى يۆلەيدىغان يىگىت ئىكەن. شۇڭا، ئۇنى بۇ مۇشكۇل ئىشىمدا ھەمراھ قىلسام يامان بولماس» دەپ ئويلاپتۇ.

مەككار ئۇ يىگىتكە ئۆز سىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن يىگىتتىن سىر ساقلاش ھەققىدە نۇرغۇن قەسەم، ۋەدىلەرنى ئېلىپتۇ. ئاندىن ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ يەردە ھاتەم ئاتلىق بىر كىشى بار ئىمىش، ساخاۋەت ۋە مەردلىك لاپلىرىنى تولا ئۇرارمىش، ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق داپلىرىنى زىيادە چالارمىش، بۇ خەۋەردىن يەمەن پادىشاھىنىڭ كۆڭلىگە ھەسەت ئوتلىرى چۈشۈپ، مېنى ئۆز قەسرىگە چاقىرىپ كېلىپ، ناھايىتى كۆپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى، ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئاندىن ئۇ ھاتەمنى ئۆلتۈرۈشكە، بېشىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا سوۋغا قىلىشقا بۇيرۇدى. پەرمان سەۋەبىدىن ۋە تىرىكچىلىكنىڭ زورۇرىيىتىدىن ھۆكۈمنى بويىنۇمغا ئېلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. ھازىر مەن ياكى ھاتەمنى تاپالماي ياكى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. سەن ماڭا بۇنچىۋالا ئىلتىپات كۆرسەتتىڭ، ئەمدى يەنە ماڭا ئاخىرغىچە ياردەم قىلىپ، ھاتەمنى تېپىشىمغا يار ـ يۆلەكتە بولساڭ. مەن سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ۋەدىنى ئورۇنداپ، پادىشاھنىڭ بەرمەكچى بولغان ئىنئام ۋە مۇكاپاتلىرىنى ئېلىپ تۇرمۇشۇمنى غەمسىز ئۆتكۈزسەم.

يىگىت بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ.

— ئەي ئەزىز مېھمان ، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، ئەھلى ئايال ۋە خىزمەتكارلىرىم خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن بېشىمنى ئېلىپ يولغا چىقىڭ . شاھىڭىزغا بېشىمنى تۆھپە قىلىپ ، شاھ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتلارنى ئېلىڭ .

مەككار شۇ ھامان ئالدىدىكى يىگىتنىڭ دەل ھاتەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ . ھاتەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كۆزىنى ئۇنىڭ تاپانلىرىغا سۈرتۈپتۇ . يىغلاپ تۇرۇپ تۈمەن مىڭ ئۆزرىلەر ئېيتىپتۇ . ھاتەم ئۇنىڭغا يول جابدۇقلىرىنى تەل قىلىپ بېرىپ يولغا سېلىپتۇ . مەككار ئۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ، يەمەن شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىپتۇ ـ دە ، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر بايان قىلىپتۇ . پادىشاھ ئىنساپ يۈزىسىدىن ھاتەمنىڭ مۇنچە سېخىي ۋە مەردلىكىنى ئېتىراپ قىلىپتۇ . كۆڭلىدە : «ئادەمزات ئىچىدە مۇنداق كۆكسى ـ قارنى كەڭ كىشى كەم ئۇچرايدۇ . ئەھۋال شۇنداق بولسا ، ھاتەمنىڭ دەريادەك ساخاۋىتىگە مەن تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ .

«ئەخلاقۇل ـ مۇھسىنىن» ناملىق كىتابتىن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى .
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەتقاسىم ئەكرەم

## ھاكاۋۇر ئېشەك

ئېشەك بىلەن كالا بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ . ئېشەك ئىتتىك مېڭىپ پات ـ پات ئارام ئېلىشقا ، كالا سالماق قەدەم بىلەن بىر خىل مېڭىپ ئۆزىنى ھارغۇزماي يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا خۇشتار ئىكەن . ئېشەك يول يۈرۈش داۋامىدا كالىنىڭ ئالدىرىماي مېڭىشىدىن زېرىكىپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ مېڭىشتا مۇسابىقىلىشىشنى ئېيتىپتۇ . كالا مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتا ئېشەكتىن يېڭىلىپ قېلىشنى نومۇس بىلىپ ، بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپتۇ . مۇسابىقە باشلىنىش بىلەنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىغا تەۋە
www.uyghurkitap.com

ئېشەك چىشلىرىنى ھىڭگايتقان ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقان ھالدا جان - جەھلى بىلەن چېپىشقا باشلاپتۇ . ئېشەك ھەش - پەش دېگۈچە كالىنى خېلىلا كەينىدە قالدۇرۇپ ئۇزاپ كېتىپتۇ . ئارقىدا قېپقالغان كالا بولسا ھېچقانداق مەيۇسلەنمەستىن سالماق قەدەمدە يولىنى يۈرۈۋېرىپتۇ .

ئېشەك شۇ چاپقانچە بىرمۇنچە يول باسقاندىن كېيىن ھېرىپ ، تەرلەپ كېتىپتۇ . ئۇ كەينىگە قاراپ كالىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن : «مۇشۇ يەردە يېتىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالاي . كالا كەلگەندە يەنە چاپسام ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن ۋە مەنزىلگە يەنىلا ئۇنىڭدىن بالدۇر يېتىپ بارالايمەن ، كالا دېگەن مېنىڭ ئالدىمدا نېمىدى ؟ !» دەپ ئويلاپتۇ . بىر ھازادىن كېيىن كالا ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە يېتىپ كەپتۇ :

— قوپ ئاداش ، يول ماڭمىز . بولمىسا ئۇخلاپ قالىسەن ، — دەپتۇ كالا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ .

ئېشەك بۇ گەپكە پىسەنت قىلماپتۇ - دە ، شۇ ياتقىنىچە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

ئۇزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر بۆرە ئېشەكنىڭ ياتقان يېرىگە كېپقاپتۇ ۋە ئۇخلاۋاتقان ئېشەككە ئېتىلىپ بېرىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەززىلىك ئوزۇقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ .

كالا تىرىشچانلىق ۋە بىر خىل سالماق قەدەم بىلەن يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ .

## ۋاپادار يىگىت

بۇرۇنقى زاماندا كوسەن دېگەن يۇرتتا بىر ۋاپادار يىگىت بولۇپ ، ياشانغان ئانىسىنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ كەلگەنىكەن . بىراق ، يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ياشانغانلار بىلەن خۇشى يوق ئىكەن . شۇڭا ، ئۇ ياشانغانلارنىڭ ھەممىسىنى تاغ ئىچىگە سۈرگۈن قىلىش ، باش تارتقانلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق

چۈشۈرۈپتۇ .
يىگىت ئانىسىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەپ ، تاغ ئىچىگە ئاپىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ . ئۇ ئانىسىنى يۈدۈپ تاغقا يامىشىپتۇ . ئانا ئوغلىنىڭ قايتقۇچە ئېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ يەرگە تاشلاپ مېڭىپتۇ .
يىگىت ئانىسىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە زادىلا كۆڭلى چىدىماي ، يوشۇرۇنچە يەنە ياندۇرۇپ ئەكېلىپ گەمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ .
دەل شۇ كۈنلەردە ، قوشنا يۇرتنىڭ ئاقساقىلى بۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلىغا بىر پارچە ئۇرۇش خېتى ئەۋەتىپتۇ . خەتتە : «ماڭا كۈلدىن بىر ئارغامچا لازىم . يەنە ، بىر تال يىپنى ياقۇتنىڭ ئەگرى - بۈگرى تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىسەن . ناۋادا بۇ ئىشلارنى بېجىرەلمىسەڭ قوشۇن ئەۋەتىپ يۇرتۇڭنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن » دېيىلگەنىكەن . يۇرت ئاقساقىلى دەرھال دانىشمەن مەسلىھەتچىلەرنى يىغىپ كېڭەشكەن بولسىمۇ ھېچقانداق ئامال تاپالماي ، پۇقرالارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىنى سوراپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپتۇ . خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يىگىت ئانىسىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ . ئانىسى :
— ئارغامچىنى تۇز سۈيىگە چىلاپ ئاندىن ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرسە ، ئارغامچا ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ قالىدۇ . ياقۇتنىڭ تۆشۈكىنىڭ بىر تەرىپىگە بىرئاز ھەسەل سۈركەپ ئاندىن بىر تال يىپنى چۈمۈلىگە چىگىپ ، ئۇنى ياقۇتنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قويۇپ بەرسە ، چۈمۈلە ھەسەلنىڭ ھىدىنى پۇراپ ، يىپنى سۆرىگەن پېتى تۆشۈكتىن چىقىدۇ ، — دەپتۇ .
يىگىت بۇ چارىلەرنى يۇرت ئاقساقىلىغا مەلۇم قىپتۇ . ئاقساقال خۇشال بولۇپ ، بۇ خەۋەرنى قوشنا يۇرتقا يەتكۈزۈپتۇ . دېگەندەك ، بۇ چارىلەر بۇ قېتىملىق ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئاپتۇ . يۇرت ئاقساقىلى بۇ يىگىتكە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ، ھەرقانداق تەلىپى بولسا قاندۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . يىگىت :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ ئەقىلنى ماڭا گەمىدە ياشاۋاتقان ئانام كۆرسەتكەن. ياشانغانلارنىڭ بىز بىلەن بىللە ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

يۇرت ئاقساقىلى شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، سۈرگۈن قىلىنغان قېرىلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ يەردە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان كەيپىيات شەكىللىنىپ، كىشىلەر خاتىرجەم، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# ئامبالنىڭ چارىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. بۇ باينىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مال - مۈلكى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياقۇتتىن ياسالغان بىر دانە شىرە بار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باي ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار ئاتىسىدىن قالغان مال - دۇنيانى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ، لېكىن، ھېلىقى ياقۇت شىرەنى بۆلۈشەلمەي جېدەللىشىپ يامۇلغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. ئامبال ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئەرز - شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەپتۇ - دە:

— سىلەر ھازىر قايتىپ كېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭلار. شۇ چاغدا ھۆكۈم چىقىرىمەن، — دەپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار يامۇلدىن قايتىپ كېلىپ، ياقۇت جوزىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشۇپ، ھەر ئىككىلىسى «ئامبال پارا ئېلىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ. ئاكىسى ئالدىراپ - تېنەپ ئون سەر تەڭگىنى ئېلىپ، ئامبالغا يوشۇرۇن ئاپىرىپ بېرىپتۇ، ئۇكىسىمۇ ئاكىسىغا بىلىندۇرمەي ئون بەش سەر تەڭگىنى ئامبالغا بېرىپتۇ. ئۇلار يەنىلا بىر - بىرىنىڭ ئامبالغا ئارتۇق تەڭگە بېرىپ شىرەنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەممە تەڭگىلىرىنى ئامبالغا

بىرىپ تۇگىتىپتۇ . مۆھلەت توشقان كۈنى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ياقۇت شىرە ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئامبالنىڭ ئالدىغا كىرىپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ . چۈنكى ، ھۆكۈم زالىدا ياقۇت شىرەدىن ئىككىسى ۋە ئۈستىدە بىرمۇنچە تەڭگىلەر تۇرغانىكەن . ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئامبال :

— بۇ ئىككى شىرەنى بىردىن ئېلىڭلار ، ئۈستىدىكى تەڭگىلەرنى يىغىپ ، بىرىڭلار ئېلىپ يەنە بىر شىرە سېتىۋېلىڭلار . ئۆيدىكى ياقۇت شىرەنى يەنە بىرىڭلار ئېلىڭلار ، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ . ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئامبالنىڭ ھۆكۈمىدىن ھەيران بولغانىكەن ، ئامبال يەنە :

— ھەيران قالماڭلار . بۇ ئىككى ياقۇت شىرەنى سىلەر ماڭا پارا ئۈچۈن بەرگەن تەڭگىلەرگە سېتىۋالدىم . قالغان تەڭگىلەر مانا شۇ ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھەم ئاخىرىدا ، — ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ، قېرىنداشلىق مېھرىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ . لېكىن ، ياقۇت شىرە سېتىۋېلىش ئاسان . ئىناق ئۆتسەڭلار تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشىسىلەر ، — دەپتۇ .

ئامبالنىڭ چارىسىدىن خۇشاللانغان ئاكا ـ ئۇكىلار قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ ، ئۆز تەئەللۇقىنى ئېلىشىپ قايتىپتۇ ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ ، ئىناق ئۆتۈپتۇ .

# ئالتۇن ئوقيا

بۇرۇن بىر پادىشاھ بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن . پادىشاھ ئوغلىغا زور ئۈمىد باغلاپ ، شۇ زاماننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئوغلىنى ئوقۇتقان بولسىمۇ ، شاھزادە بىلىم ئېلىشنى خالىمىغاچقا ، ھۇرۇن ۋە نادان پېتىچە چوڭ بوپتۇ . بىر كۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ ـ دە ، ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ :

— ئوغلۇم ، ياشلىقىڭدا ئۆگەنمىدىڭ . مەندىن كېيىن قالساڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتنى قانداقمۇ باشقۇرارسەن؟ مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ھايات ۋاقتىمدىكى دۈشمەنلىرىمىز ئېلىمىزگە ھۇجۇم قىلىشى ئېھتىمال. مەن ساڭا شۇنداق بىر چارە ئۆگىتەي، تەگرىتاغدىكى غارغا بىر ئوقيا قويۇپ قويغاندىم. ئۇ بىر خاسىيەتلىك ئوقيا. سەن ئۇنى قولغا چۈشۈرسەڭ ياۋنى تارمار قىلالايسەن، — دەپتۇ ۋە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ.

شاھزادە تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرالماي قاپتۇ. قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھى بۇ ئەلگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىغان پادىشاھ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە تەگرىتاغدىكى غارغا قاراپ يول ئاپتۇ. لېكىن، ئاسمان ـ پەلەك تەگرىتېغىغا چىقماق بەكمۇ تەس ئىكەن. بولۇپمۇ ھۇرۇن پادىشاھقا بۇ ئىش ئاسانغا توختىماپتۇ. لېكىن ئۇ دۆلەت، خەلق، تاجۇ تەختىنى ئويلاپتۇ ـ دە، تاشتىن ـ تاشقا يامىشىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدە تاغدىكى غارغا يېتىپتۇ ۋە شۇئان ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ھوشىغا كېلىپ غارغا كىرىپتۇ ۋە غاردىكى ۋال ـ ۋۇل چاقناپ تۇرغان ئالتۇن ئوقياغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ ئالتۇن ئوقيانى ھەم بىر خالتا ئىچىدىكى لىقمۇلىق ئوقنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدە تاغدىن ئاران چۈشۈپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. بۇ چاغدا دۈشمەنلەر ئاللىقاچان شەھەرنى بېسىۋالغانىكەن. لېكىن، شاھزادە ئوقيانى قانداق ئېتىشنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ ھېچ ئىلاج تاپالماي تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغىنىدا، شەھەردىن قېچىپ چىققان بىر بوۋاي:

— ھەي ئەخمەق، نادانلىقىڭ، ھۇرۇنلۇقۇڭ ئەلنىڭ بېشىغا چىقتى. قولۇڭدا ئەڭ ئاخىرقى ئامال تۇرۇپتۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن يانى كېرىپ، ئوقنى دۈشمەنگە قارىتىپ دەللەپ ئات، — دەپتۇ. شاھزادە بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. شۇ ھامان بىر تال ئوق مىڭ تالغا ئايلىنىپ، ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ، دۈشمەننى يەر چىشلىتىپتۇ. بۇ كارامەتنى كۆرگەن شاھزادە يەنە بىر تال ئوق ئۈزۈپتۇ. شەھەر خەلقىمۇ قولىغا نېمە

چىقسا شۇنى ئېلىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ، شاھزادىگە ياردەملىشىپتۇ . ھېلىقى قېرى بوۋايمۇ شاھزادىگە ئەقىل كۆرسىتىپتۇ . ئاخىر دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، قالغىنى قېچىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ پادىشاھ ئالدىنقى ئىشلارنى تەجرىبە قىلىپ ، ھۇرۇنلۇقنى تاشلاپ ، ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپتۇ ۋە ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭىپ ، ئۆز دۆلىتىنى گۈللەندۈرۈپتۇ . خەلقى روناق تېپىپ خاتىرجەم بوپتۇ .

# ئەڭ قىممەتلىك بايلىق

قەدىمكى زاماندا ئەخمەت ۋە تاشمەت ئىسىملىك ئىككى بالا ئۆتكەنىكەن . ئەخمەت ئەقىللىق ، ئويلاپ ئىش قىلىدىغان بالا ئىكەن . ئەگەر ، بىرەر يەردە بىر تال دان ياكى نان ئۇۋۇقىنى كۆرۈپ قالسا ئۇنى دەررۇ ئېلىپلا توخۇ ، قۇشلارغا بېرىدىكەن . ئۆزى يەپ بىر چىشلەم نان ئېشىپ قالسىمۇ ئۇنى ئاۋايلاپ ئوراپ قويۇپ ، قورسىقى ئاچقاندا يەيدىكەن .

تاشمەت بولسا ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدىكەن ، قورسىقى تويسا ئېشىپ قالغان ناننى توغرا كەلگەن يەرگە تاشلىۋېتىدىكەن .

بىر كۈنى ئەخمەت تاشمەتكە :

— مۇشۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى ئەمەس . نان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ، — دەپتۇ .

— ياق ، — دەپتۇ تاشمەت ، — ئەڭ قىممەتلىك نەرسە گۆھەرغۇ !

— ياق ، نان !

— ياق ، گۆھەر !

— بولمىسا يۇر ھەممە ياقنى ئايلىنىمىز . ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرىمىز ۋە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلىمىز ، — دەپتۇ ئەخمەت .

تاشمەت ماقۇل بوپتۇ . ھەر ئىككىلىسى بەلۋېغىغا تۆتتىن توقاچ تۈگۈپ يولغا چىقىپتۇ . ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

قورساقلىرى ناھايىتى ئېچىپ بىر دەرەخ تۈۋىدە توختاپتۇ. بەلۋېغىنى يېشىپ ھەر ئىككىلىسى ئۆز نېنىنى ئۇشتۇپتۇ. شۇ چاغدا يەنە ئەك قىممەتلىك نەرسە ئۇستىدە تالىشىپتۇ.

— نان قىممەتلىك، — دەپتۇ ئەخمەت.

— گۆھەر، — دەپتۇ ناننى چىشلەپ تۇرغان تاشمەت، — قېنى ئەمدى ھەممە نەرسە گۆھەر بولۇپ قالسا تازا قىزىق بولاتتى.

شۇ پەيتتە دەرەخقە بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ قونۇپتۇ ـ دە، تىلغا كىرىپ:

— مەيلى، سېنىڭ ئېيتقىنىڭ بولسۇن. ھەممە نەرسەڭ گۆھەر بولۇپ قالسۇن! — دەپتۇ.

شۇ ھامانلا تاشمەتنىڭ ئاغزىدىكى نان شاراق ـ شۇرۇق قىلىپ، چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكىلى تاس قاپتۇ. تاشمەت باشقا توقاچنى ئېلىپ ئۇشتاي دېسە ئۇشتالماپتۇ. ئۇلارمۇ گۆھەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. بۇلار يالت ـ يۇلت قىلارمىش. ئەخمەت بولسا ئۆزىنىڭ نېنىنى يەۋېرىپتۇ. ئۇ:

— ئالغىن، مېنىڭ نېنىمدىن يېگىن، — دەپتۇ تاشمەتكە. تاشمەت ئۇنىڭ نېنىدىن بىر چىشلەم ئېلىپ ئاغزىغا سالغانىكەن، بۇ نانمۇ گۆھەر بولۇپ قاپتۇ. تاشمەت ئاچلىقتىن يىغلىۋېتىپتۇ.

— خوش، — دەپتۇ ئەخمەت، — ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە ئىكەن؟

— ئەمدى بىلدىم. ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نان ئىكەن، — دەپتۇ تاشمەت. شۇ پەيتتە، سېھىرگەر قۇش تىلغا كىرىپ يەنە سۆزلەپتۇ:

— ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە كەلسۇن!

تاشمەتنىڭ ئاغزىدىكى گۆھەر يەنە باشقىدىن نانغا ئايلىنىپتۇ. تاشمەت ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئىككى دوست ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىشنىڭ سىرى ئېچىلىپتۇ. ئۇلار ئامان ـ ئېسەن ئۆيلىرىگە قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، تاشمەت ناننى بەك ئەزىزلەيدىغان بوپتۇ.

# يوغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئادىللىق بىلەن شەھەر سورىغاچقا، يۇرتى ئاۋات، خەلقى خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بىراق، بۇ شەھەردە شەھەرلىكلەر يېزىلىقلارنى كۆرگەندە ھە دېسىلا «ئۇماچ تاۋاق سەھرالىق» دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن.

بىر كۈنى بىر دېھقاننىڭ بالىسى سودىلىق قىلغىلى شەھەرگە يول ئاپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆيدىن بىر بالا چىقىپ:

— ھەي ئۇماچ تاۋاق سەھرالىق، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ زاڭلىق قىپتۇ. سەھرالىق بالا ئىغىر - بېسىق بولۇپ يولىغا مېڭىۋەرگەن بولسىمۇ، ھېلىقى شەھەرلىك بالا ئۆزىنى سورىماي زاڭلىق قىلىۋېرىپتۇ. سەھرالىق بالا ئاچچىقىنى باسالماي:

— ھە، نېمە دەيسەن؟ مەن ئۇماچ ئىچىدىغان سەھرالىق ئىكەنمەن. سەن پولۇ يەيدىغان شەھەرلىك ئىكەنسەن. قېنى بىر سىنىشىپ باقمايلىمۇ؟ قايسىمىزنىڭ كۈچى كۆپ؟ — دەپتۇ. شەھەرلىك بالا كۆڭلىدە: «ئۇ قانچىلىك نېمىدى، بەربىر مەن ئۇنى يېڭىمەنغۇ» دەپ ئويلاپ ماقۇل كەپتۇ. ئىككىسى چاپاننى سېلىپ چېلىشىشقا باشلاپتۇ. چېلىشا - چېلىشا، ئاخىر سەھرالىق بالا شەھەرلىك بالىنى يېڭىپتۇ. شەھەرلىك بالا ئولىشىپ كەتكەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىزا - ئاھانەتكە قاپتۇ.

بۇ چاغدا شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان پادىشاھ يىراقتا ئولىشىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر نۆكەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئەھۋال ئۇقۇلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئىككى بالىنى ئالدىغا چاقىرتقۇزۇپ، شەھەرلىك بالىنى سەھرالىق بالىدىن ئەپۇ سوراشقا ۋە ئۇنى ئىككى تىللا پۇل تۆلەشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇيرۇپتۇ . ئاندىن پۈتۈن شەھەرلىكنىڭ سەھرالىقلارنى مەسخىرە قىلماي ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى جاكارلاپتۇ .

## بەخت قۇشى

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن ، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن . بۇرۇنقى زاماندا بىر دۆلەتمەن ئائىلە بولغانىكەن . بۇ ئائىلە كۆپ بالا ـ چاقىلىق ، نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولۇپ ، ئۇزۇن زامان خۇشال ـ خۇرام ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەپتۇ . چۈنكى ، بۇ ئائىلىگە بەخت قۇشى كېلىپ قونۇپ ، ئۇزۇن يىل كەتمەي تۇرغانىكەن . بىر كۈنى بەخت قۇشى شۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئاقساقال بوۋايغا :

— مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەردە ئۇزۇن يىل تۇردۇم . بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ قالدىم . جاھاننى ساياھەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ . مەن كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن ، ئەمدى مېنىڭدىن سوراپ ئېلىپ قالىدىغان نەرسەڭلار بولسا سوراڭلار ، — دەپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرسىلە ، مەن خوتۇنۇم ، بالا ـ چاقا ، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىم بىلەن باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق جاۋاب بېرەي ، — دەپتۇ بوۋاي .

بوۋاي خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ، ئۇلارغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ، بەخت قۇشىدىن سوراپ ئېلىپ قالىدىغان نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلاپتۇ .

بىر ئوغلى :

— تۆت تۇرلۇك چارۋا ـ مال سورايلى ، — دەپتۇ . يەنە بىر ئوغلى :

— ياق ، يەر ـ زېمىن ، سوقا ـ تۆگمەن ، باغۋاران ئالايلى ، — دېسە ، يەنە بىر قىزى :

— كاتتا، خىلمۇخىل مال بىلەن تولغان دۇكان سورايلى، — دەپتۇ. كىچىك قىزى:

— ھەممىدىن ئېسىل نەرسە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، بىز شۇنى سورايلى، — دەپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن تالاش - تارتىش قىلىپ، ھېچ نەرسىدە بىرلىككە كېلەلمەپتۇ.

بوۋاي ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خىيال دەرياسىنى بويلاپ توختاپ:

— ھەي خوتۇن، بۇ مەسلىھەتكە قاتناشمىغانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:

— يېڭى چۈشكەن كېلىن قاتناشمىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنىمۇ چاقىرىڭلار، — دەپتۇ بوۋاي. شۇنىڭ بىلەن يېڭى كېلىن چاقىرىلغاندىن كېيىن، نەچچە كۈندىن بۇيان بولغان ئەھۋالنى كېلىنگە ئۇقتۇرۇپ:

— بەخت قۇشىدىن نېمىلەرنى سوراپ ئالساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ. يېڭى كېلىن كۆپ ئويلانمايلا:

— بىز بەخت قۇشىدىن ئىتتىپاقلىقنى ئىنئام قىلىشنى سورايلى. ئىتتىپاق بولساق، ھەممە ئىشىمىز راۋاج تاپىدۇ، ئائىلىمىزگە بەرىكەت ياغىدۇ، جېدەل - ماجىرالاردىن خالىي بولۇپ، يەنىلا ھازىرقىدەك بەختلىك ياشايمىز، — دەپتۇ. بوۋاي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— مانا ئەمدى بەخت قۇشىدىن سوراپ ئالىدىغان ئەڭگۈشتەر تېپىلدى، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى بەخت قۇشى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھە، سىلەر مەندىن نېمىنى سوراپ ئالماقچى بولدۇڭلار، — دەپتىكەن، بوۋاي:

— بىز سىلىدىن ئىتتىپاقلىقنى ھەدىيە قىلىپ كەتسىلە دېگەن پىكىرگە كەلدۇق، — دەپتۇ. بەخت قۇشى:

— مېنىڭمۇ سىلەردىن ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىم دەل شۇ ئىتتىپاقلىق ئىدى. بۇنى يەنە سورىساڭلار مەن سىلەرگە بېرەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەنمۇ سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەردىن كەتمەي . چۈنكى ، ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۆزى بەخت . مەن ئۇنى سىلەرگە تاشلاپ بېرىپ كېتەلمەيمەن ، — دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بەخت قۇشى بۇ ئائىلىدىن كەتمەي يەنە تۇرۇپ قاپتۇ . بۇ چوڭ ئائىلە يەنىلا مەڭگۈ بەختلىك ، خۇشال - خۇرام ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپ ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ .

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : پازىل قادىر ، مەتمىن ياسىن

# ئادىل ۋەزىر

ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئابدۇللا دېگەن دانا ۋەزىرى بار ئىكەن . ئۇ باشقا ئىشلارغا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ ، پادىشاھنىڭ يېنىغا بىر يىلغىچە كىرمەپتۇ . شۇ چاغلاردا خەلق ئىچىدە تىنچسىزلىق باشلىنىپ قالغانىكەن .

ئابدۇللا بىر يىلدىن كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا خەلق ئۇنى يولدا توسۇۋاپتۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ۋەزىرنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇپ سىلكىشلەپتۇ ، بەزىلەر ئۇنى ئاجرىتىپ قويۇپتۇ . ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا تەستە يېتىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھتىن خەلقنىڭ دەردىگە يېتىشنى ، ئۆزىگە ئەدەپسىزلىك قىلغان ھېلىقى كىشىگە جازا بەرمەسلىكنى ئۆتۈنۈپتۇ .

ئەتىسى ئەتىگەندە ، ئابدۇللا ۋەزىرنىڭ يېنىغا بىر سودىگەر كىرىپ كەپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ :

— تۈنۈگۈن سىزنىڭ ساقىلىڭىزدىن تۇتۇپ سىلكىشلىگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سىزگە ئېيتىپ قويۇشقا كەلدىم . ئۇ مېنىڭ قوشنام ، ئىسمى سادىق ، ئۇنىڭغا جازا بېرىلىشى كېرەك .

ئابدۇللا بۇ سودىگەرگە ئۆز لايىقىدا سۆز قىلىپ قايتۇرۇپتۇ . ۋەزىر بىر خىزمەتكارنى چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا سادىقنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، قورقىنىدىن رەڭگىروبى ئۆچكەن سادىقنى ئېلىپ كەپتۇ . سادىق ۋەزىرنىڭ

ئايغىغا يىقىلىپ ، گۇناھىنى تىلەپتۇ . ۋەزىر سادىقنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ . ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، مۇنداق دەپتۇ :

— مەن سېنى جازالاش ئۈچۈن ئەمەس ، سودىگەر قوشناڭنىڭ ئوسال ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن چاقىرتتىم . ئۇ قوشناڭ چېقىمچى ، ئىغۋاگەر ئادەم ئىكەن . بايا ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ سەن توغرۇلۇق چېقىمچىلىق قىلدى . سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل ، ئۇ قوشناڭدىن ھەزەر ئەيلە .

## تۆھمەتچى ۋە شاتۇتىلار

ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ شۆھرەت قازانغان ھاكىمنىڭ گۈزەل ، ئىپپەتلىك ، نومۇسچان بىر ئايالى بار ئىكەن . ھاكىمنىڭ قۇشنى باققۇچى قۇشبېگى ئۆز خوجىسىنىڭ شۇ ئايالىغا سىرتتىن ئاشىق بولۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشى ئايالنىڭ ئىشق تۇزىقىغا ئىلىنىپتۇ . خىزمەتكار ۋىسال ئىشىكىنى قانچە قاقسىمۇ ، ئىشىك ئېچىلماپتۇ . ئۇنىڭ ئەپسۇن ۋە ئەپسانىلىرى ئۇ ئىپپەتلىك ، نومۇسلۇق ئايالغا كار قىلماپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ھاكىمنىڭ بۇ پاك ۋە ساپ ئايالىنى تۆھمەت قاپقىنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ . شۇ نىيەت بىلەن بازاردىن ئىككى تۇتى قۇش سېتىۋېلىپ ، ئۇنىڭ بىرىگە ، «مەن ھاكىمنىڭ ئايالىنىڭ قاراۋۇل بىلەن بىر ئۆيدە ياتقانلىقىنى كۆردۇم» دېگەن سۆزنى ، يەنە بىرىگە ، «مەن ھېچنېمە دېمەيمەن» دېگەن سۆزنى بەلخ تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگىتىپتۇ . شاتۇتىلار بىر ھەپتىدىلا بۇ سۆزلەرنى يادلىۋاپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، قۇشبېگى بۇ شاتۇتىلارنى ھاكىمغا تەقدىم قىپتۇ .

شاتۇتىلار ئۆگەنگەن شۇ سۆزلەرنى خۇش ئاۋازدا ئېيتىۋېرىپتۇ . ھاكىم بەلخ تىلىنى بىلمەيدىكەن . لېكىن ، ئۇ شاتۇتىلارنىڭ خۇش ئاۋازىغا مەھلىيا بولۇپ ، ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ . ئايال بىچارىمۇ شاتۇتىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي ، بۇ ئىككى جانىۋارنى ياخشى بېقىپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى ھاكىمغا بەلخلىق بىر نەچچە كىشى مېھمان بولۇپ كېلىپ قاپتۇ . شاتۇتىلار ئۆگەنگەن سۆزلىرىنى تەكرارلاپتۇ . مېھمانلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىشقىنىچە جىم بولۇشۇپ قاپتۇ . ھاكىم مېھمانلارنىڭ بۇ ھالىتىنى سېزىپ، ئۇلاردىن نىمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ . مېھمانلاردىن بىرى ھاكىمغا شاتۇتىلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ . ھاكىم شۇئان تاماقتىن قولىنى تارتىپ :

— ئەزىز مېھمانلار ، كەچۈرۈڭلار ، مەن شۇ ۋاقىتقا قەدەر شاتۇتىلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەنىدىم ، بۈگۈن ئۇنى ئۇقتۇم . سىلەرگە رەھمەت . بىزنىڭ رەسىم ـ يوسۇنىمىز بويىچە بۇزۇق ئايال ئەتكەن تاماقنى يېيىشكە بولمايدۇ ، — دەپتۇ .

شۇ چاغدا تۆھمەتچى قۇشبېگى سىرتتىن :

— ئايالىڭىزنىڭ قاراۋۇل بىلەن بىر ئۆيدە ياتقانلىقىنى مەنمۇ بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم ، — دەپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ .

ھاكىم ئايالىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئىپپەتلىك ئايال ئېرىگە بىر كىشى ئارقىلىق :«مۆھتەرەم ھاكىم ، مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماڭ ، ئاۋۋال ياخشىراق ئويلىنىڭ . ئەگەر ، تەكشۈرۈشتە گۇناھىم بارلىقى ئىسپاتلانسا ، ئۆلۈشكە رازىمەن . دەلىل ـ ئىسپاتسىز ئۆلتۈرسىڭىز ، ئۇۋالىمغا قالىسىز» دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ .

ھاكىم ئايالىنى چاقىرتىپ :

— شاتۇتىلار ئادەم نەسلىدىن ئەمەس ، ئۇلار مەلۇم غەرەز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇشبېگىمۇ گۇۋاھلىق بەردى ، — دەپتۇ .

ئايال ھاكىمغا مۇنداق دەپتۇ :

— بەلخلىق مېھمانلاردىن سوراپ بېقىڭ ، شاتۇتىلار ئاشۇ سۆزلەردىن باشقا سۆزلەرنىمۇ بىلەمدىكەن؟ ئۇ نائىنساپ قۇشبېگىنىڭ ئىپلاس نەپسى مەندىن سۇ ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن شاتۇتىلارغا ئاشۇ بولمىغۇر سۆزلەرنى ئۆگىتىپ ، مېنىڭدىن ئۆچ

ئالماقچى بولغان ئوخشايدۇ . ئەگەر ، شاتۇتىلار باشقا سۆزلەرنىمۇ سۆزلىيەلىسە ، ئۇ چاغدا مېنى ئۆلتۈرسىڭىز رازىمەن .

ئايالنىڭ پىكرىگە ھەممەيلەن قايىل بوپتۇ . ھاكىممۇ ، مېھمانلارمۇ شاتۇتىلارنى بىرنەچچە كۈن كۆزەتمەكچى بولۇشۇپتۇ . ئەمما ، ئۇلار بۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شاتۇتىلاردىن ھېلىقى ئىككى جۈملە سۆزدىن باشقا سۆزنى ئاڭلىماپتۇ ، ھاكىم ۋە مېھمانلار ئايالنىڭ ساپ ، پاكلىقىغا ئىشىنىپتۇ . ھاكىم ھېلىقى تۆھمەتچى قۇشبېگىنى چاقىرتىپ كەپتۇ . ئايال نائىنساپ تۆھمەتچىگە :

— ھەي ئىپلاس زالىم ، مەن بۇ گۇناھنى ئۆتكۈزگەندە سەن راست كۆرگەنمىدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ . قۇشبېگى «كۆردۈم» دەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بوپتىكەن ، قولىغا قوندۇرۇۋالغان قۇشى ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى بىرلا چوقۇپ كور قىلىپ قويۇپتۇ ، تۆھمەتچى تېگىشلىك جازاسىنى تارتىپتۇ .

## ئاتىنىڭ ۋەسىيىتى

باغدات شەھرىدە ئابدۇللا ئىسىملىك خەير - ساخاۋەتلىك ، مېھىر - شەپقەتلىك ، ئادالەتپەرۋەر بىر كىشى بولغانىكەن . ئۇ ئالدىغا ياردەم سوراپ كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدىكەن . شۇ ۋەجىدىن ، بۇ ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى ئىكەن .

ئابدۇللانىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ، بۇلارغا ئاتاپ قويغان ئىككى قورۇ جاي بىلەن ناھايىتى گۈزەل بىر بېغى بار ئىكەن .

بىر كۈنى ئابدۇللا باللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ ، ئۇلارغا :

— باللىرىم ، مەن ئەمدى قېرىدىم ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا قولۇمدا بار بولغان قورۇ - جاي بىلەن باغنى سىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەي ، ئۆزئارا كېلىشىپ ، بىرىڭلار باغنى ، ئىككىڭلار بىردىن قورۇ - جاي ئېلىڭلار ، — دەپتۇ . باللارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسى باغنى تالىشىپتۇ . ئابدۇللا باللىرىنىڭ كېلىشەلمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىر ئويغا كەپتۇ ـ دە ، باللىرىغا دەپتۇ :

— باللىرىم ، سىلەر ساياھەتكە چىقىپ ، جاھان كېزىپ كېلىڭلار ، قايسىڭلار ماڭا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئېلىپ كېلەلىسەڭلار ، باغنى شۇنىڭغا بېرىمەن .

ئۈچ بالا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە تېپىش ئۈچۈن ساياھەتكە چىقىپ كېتىپتۇ ، چوڭ ئوغلى بىرنەچچە ئاي سەرسان ۋە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ، ئەرەب قەبىلىسى بار بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ . بۇ يەرنىڭ باشلىقى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نەرسىنى تەقدىم قىپتۇ . كېيىن ئۇنىڭدىن قولىدىكى ياقۇتنى خاتىرە ئۈچۈن بېرىشنى سوراپتۇ . قەبىلە باشلىقى ماقۇل بولۇپ ، قولىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ . ئۇ خۇشاللىقىدا ئۇدۇل ئۆيگە يول ئاپتۇ .

ئابدۇللا چوڭ ئوغلى ئېلىپ كەلگەن ياقۇتنى كۆرۈپ :

— ھەقىقەتەنمۇ قىممەت باھالىق ياقۇت ئېلىپ كەپسەن . ئەمدى سەۋر قىل . ئىنىلىرىڭنىڭ قانچىلىك نەرسە ئېلىپ كېلىشىنى كۆرۈپ باقايلى ، — دەپتۇ .

ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ جاھاندا قىممەت باھالىق نەرسە ئىزدەپ ، بىر دېڭىز بويىغا كېلىپ قاپتۇ . بۇ يەردىكى غەۋۋاسلار دېڭىز تېگىگە شۇڭغۇپ ، ھەر خىل ئېسىل ۋە قىممەت باھالىق تاشلارنى سۈزۈپ چىقىدىكەن . ئۇ غەۋۋاسلارغا ئۆز ئەھۋالى ۋە مەقسىتىنى ئېيتىپ ئۇلاردىن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ . غەۋۋاسلار بۇنىڭ تىلىكىنى ماقۇل كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا بىر دانە قىممەت باھالىق ئېسىل تاش تەقدىم قىپتۇ .

دېڭىزدىن سۈزۈۋېلىنغان بۇنداق ئېسىل تاشلارنىڭ ئۈستىنى تازىلاپ ، سىلىقلاپ ، ھەل بېرىپ پارقىرىتىش تەلەپ قىلىنىدىكەن . شۇڭا ، ئۇ تاشنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ ، بىر ئۇستىنىڭ شاگىرتلىقىغا كىرىپ ، تاش تازىلاشنى ، ھەل بېرىشنى ئۆگىنىپتۇ .

ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئېسىل تېشىنى كۆڭۈلدىكىدەك تازىلاپ ، ھەل بېرىپ ، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ . ئۆيىگە كېلىش بىلەنلا ئېلىپ كەلگەن ئېسىل تاشنى دادىسىغا تاپشۇرۇپتۇ . بوۋاي ئوغلىنىڭ بۇ سوۋغىسىنى كۆرۈپ :

— ئوغلۇم ، سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ سوۋغاڭمۇ ھەقىقەتەن ئېسىل ئىكەن . ئەمدى ئىنىڭلارنىڭ نېمە ئېلىپ كېلىشىنى كۈتەيلى ، — دەپتۇ .

كەنجى ئوغلى ئالتە ئاي سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ، ھېچنەدىن كۆڭلىگە ياققۇدەك ئېسىل تاش تاپالماي ، ئاخىر ئۈمىدسىز ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ . ئۇ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئۆيىگە يېقىن قالغاندا بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا ھويلىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ، يوچۇقتىن ھويلا ئىچىگە قاراپتۇ .

ھويلا ئوتتۇرىسىدا بىر ئۆلۈك كالا ياتقان ، ئۈچ كىچىك بالا كالىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانىكەن . ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ كۆز يېشى قىلىشىۋاتقانىكەن . كەنجى ئوغۇل ئۇلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىغا چىداپ تۇرالماي ، دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپتۇ . قورۇ ئىگىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ، بۇ يىغىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ . قورۇ ئىگىسى كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپتۇ :

— بىز بىر نامرات ئائىلە ئىدۇق . دۇنيالىقتا مۇشۇ بىر كالىدىن باشقا ھېچ نەرسىمىز يوق . مۇشۇ كالىنىڭ سۈتى بىلەن كۈن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتۇق . بۈگۈن بۇ كالا ئۆلۈپ قالدى . ئەمدى نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي يىغلاۋاتىمىز .

كەنجى ئوغۇل باللارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ ، كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ . ئۇ كىچىك باللارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ ، ئۇلارغا ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپتۇ . ئاندىن قورۇ ئىگىسىنى باشلاپ توپتوغرا مال بازىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ . كەنجى ئوغۇل بازاردىن ئەڭ ياخشى بىر سىيىرنى تاللاپ سېتىۋاپتۇ . نان ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

گۆرۈچ ، ماي ، ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ ، قايتىپ كەپتۇ .

بۇ كەمبەغەل بىچارىلەر ئالىيجاناب بۇ يىگىتنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۆرۈپ ، ئۆزلىرىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىشىپتۇ . يىگىت ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ ، ئاندىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ .

كەنجى ئوغۇل ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىپتۇ . ئاتا ـ ئانا ، ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ . ئاتىسى ئوغلىغا زەن سېلىپ قاراپ ، ئۇنىڭ مۇرىلىرىدە يالتىراپ تۇرغان ھېلىقى كەمبەغەلنىڭ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ :

— سەنمۇ ئېسىل ، قىممەت باھالىق تاش ئېلىپ كەلدىڭمۇ ؟ مۇرىلىرىڭدە پارقىراپ تۇرغان نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ئوغلى ئۇنداق ئېسىل نەرسە ئېلىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ، مۇرىسىدىكى پارقىراپ تۇرغان كەمبەغەل ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆز يېشى ئىكەنلىكىنى جەريانى بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ .

ئابدۇللا كىچىك ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، بۇ ئالىيجاناب ئوغلىنى قۇچاقلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا :

— ھەي ئالىيجاناب ، مۇرۇۋۋەتلىك ئوغلۇم ، سەن ئۇ بىچارىلەرگە ياردەم قىلىپ ، ئىنسانىي ۋەزىپەڭنى ئادا قىپسەن . ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە دوست ـ بۇرادەر ئىكەنلىكىنى ، ئادالەتپەرۋەر بولۇش لازىملىقىنى ئاشۇ ئىشىڭ بىلەن كۆرسىتىپسەن ، مەن سەندىن رازى . ماڭا بىر بىچارە ئاجىز كىشىنىڭ خۇشاللىق كۆز ياش تامچىسى مىڭلىغان جەۋھەردىن ئەۋزەلدۇر . بۇ باغنى ساڭا بەردىم ، — دەپتۇ .

## ئۇستازنىڭ ھىيلىسى

چېلىشىشنىڭ 360 خىل سەنئىتىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بىر پالۋان بار ئىكەن . ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىدىن بىرىگە 359 خىل چېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ ، بىر خىل ئۇسۇلنى ئۆگەتمەي ساقلاپ

قاپتۇ .
شاگىرت كۆچ - قۇۋۋەتتە ، چېلىشىش سەنئىتىدە ئەلا دەرىجىدە يېتىشىپتۇ . شۇڭا ، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشقا چۈشەلمەيدىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بوپتۇ . بىر كۈنى ئۇ پادىشاھقا ئۇستازى توغرىسىدا سۆزلەپ :
— يېشىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ماڭا ئۇستاز بولغانلىقىنى دېمىسەم ، ئۇنىڭدىن كەم ئەمەسمەن ، — دەپتۇ .
ئۇنىڭ بۇنداق ماختانچاقلىقى پادىشاھقا ياقماپتۇ . پادىشاھ ئاخىر ئۇستاز بىلەن ماختانچاق شاگىرتنى چېلىشىشقا بۇيرۇپتۇ . چېلىشىش مەيدانىغا پادىشاھ ، ۋەزىرلەر ، ئەمەلدارلار ۋە مەشھۇر پالۋانلار يىغىلىپتۇ .
چېلىشىش باشلىنىپتۇ . شاگىرت ئۇستازىغا خۇددى مەست بولغان پىلدەك ھۇرپىيىپ كەپتۇ . ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «چۆيۈندىن پۈتۈلگەن تاغ بولسىمۇ ، ئۇنى ئورنىدىن يۇلۇۋېلىپ تاشلايمەن» دەپ ئويلاپتۇ . ئۇستاز ئۆز شاگىرتىنىڭ كۆچ - قۇۋۋەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ، شاگىرتىغا ئۆگەتمىگەن ئۇسۇلى بىلەن تاقابىل تۇرۇپتۇ . شاگىرت ئۇستازىنىڭ بۇ ئۇسۇلىغا تاقابىل تۇرالماپتۇ . ئۇستاز ئۇنى بېشىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرۇپتۇ . تاماشىبىنلار قىقاس - چۇقان سېلىپ ئۇستازنى ئالقىشلاپتۇ . پادىشاھ ئۇستازغا ئېسىل سوۋغات تەقدىم قىپتۇ . شاگىرتقا : «ئۆزۈڭنى ئۇستازىڭدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويماقچى بولدۇڭ» دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ .
شاگىرت :
— ئۇستاز كۆچ - قۇۋۋەتتە ماڭا تەڭ كېلەلمەيتتى ، ئۇ ماڭا ئۆگەتمىگەن بىر خىل چېلىش ھىيلىسى بىلەنلا مېنى يېڭىۋالدى ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ .
ئۇستاز :
— مەن مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بولۇشىنى ئويلاپ ، چېلىش تەدبىرلىرىدىن بىرىنى بۇنىڭغا ئۆگەتمىگەنىدىم . دانىشمەنلەر :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«دوستۇڭغا تولىمۇ ئىشىنىپ كېتىپ ، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە مەدەت بەرمە ، مۇبادا بىر كۈنى ئۇ ساڭا دۈشمەن بولۇپ قالسا ، ئۆزۈڭنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مەدەتلىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى يېڭىدۇ» دېگەن ، — دەپتۇ .

چوڭلار ئالدىدا بولما بەتقىلىق ،
جاھاندا بارچىگە قىلغىن ياخشىلىق .

# جاھىل قازى

بىر شەھەردە ھەم ئالىم ھەم ئادىل بىر قازى بار ئىكەن . بۇ قازى كېيىنلىكە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ، قازا تاپقاندىن كېيىن ، جامائەت ئۇنىڭ ئوغلىنى قازىلىققا سايلاپتۇ . ئەمما ، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن جاھىل ، نادان ئىكەن . ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىش ، ئەدەپ - ئەخلاق قائىدىلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر مۇئەللىمنى بەلگىلەپتۇ .

بىر كۈنى تىل دەرسىدە مۇئەللىم نەھۋى (سىنتاكسىس)گە بىر مىسال كەلتۈرۈپ ، قازىدىن سوراپتۇ :

— بالام ، مانا بۇ «ئەخمەت مەھمۇتنى ئۇردى» دېگەن جۈملىدىكى ئىگە ۋە خەۋەر قايسى ؟

جاھىل قازى خاپا بولغان ھالدا :

— ۋاھ ، ئەخمەت ئۇ مەھمۇتنى نېمىشقا ئۇرغان ؟ باشقىلار نېمىشقا ئۇنىڭغا گەپ قىلمىغان ؟ ئۇ بىچارە مەھمۇتنىڭ تاياق يېگىنى يېگەن بولامدۇ ! — دەپتۇ .

مۇئەللىم بۇ جاھىلنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپ :

— مەسىلە سىز ئويلىغاندەك ئەمەس ، بۇ يەردە ئۇرغان ، ئۇرۇلغان كىشىمۇ يوق ، پەقەت جۈملىدىن ئىگە بىلەن خەۋەرنى تېپىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بىر مىسال بۇ ، — دەپتۇ .

جاھىل قازى ئۇنىڭغا ھېچ قايىل بولماي :

— تېنىۋېلىۋاتىسەن ، ئۆزۈڭ : «ئەخمەت مەھمۇتنى ئۇردى»

دەپ گۇۋاھلىق بەردىگەنۇ . بۇنىڭدىن نېمىشقا يېنىۋالىسەن ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ .
مۇئەللىم ھەيران بولۇپ :
— سىز ياخشىراق چۈشىنىڭ ، «ئۇردى» دېگەن بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئىش . . .
— نېمە دەۋاتىسەن . ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئىش دەۋاتامسەن ؟ ئۇنداقتا سەن ئەخمەتتىن پارا يېگەن ئوخشايسەن . ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ، ئەيىبىنى ياپماقچىمۇ سەن ؟ مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن . ھازىر ، ئەخمەتنى تاپتۇرۇپ جازا بېرىمەن . مېنىڭ قازىلىقتا تۇرغان ۋاقتىمدا بۇنداق زۇلۇمغا يول قويمايمەن ، — دەپ بىچارە مۇئەللىمنى قاماشقا ، ئەخمەتنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىپتۇ .
جاھىل ۋە تەلۋىلىك كېسىلىگە يولۇققان بۇ قازىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ ، مىڭ تەسلىكتە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ، مۇئەللىمنى تۈرمىدىن بوشىتىۋاپتۇ . بېيىت :

جاھىللىقتىن كۆپ كىشىگە قايغۇ ، دەرد كۆلپەت يېتەر ،
جاھىل ئادەم سۆھبىتىدىن قىل ھەزەر ، مىڭ - مىڭ ھەزەر .

## ھەققانىي ھۆكۈم

بىر شەھەر ھاكىمىنىڭ سابىت دېگەن خىزمەتچىسى ئىنتايىن گۈزەل بىر ئايالغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ . ئۇ ئايالنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ، ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ . ئايال ئىپپەتلىك ، ئىنتايىن پاك بولغىنى ئۈچۈن سابىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ . ئەمما ، سابىت نىيىتىدىن يانماي ئايالنىڭ قېشىغا ئادەم كىرگۈزۈۋېرىپتۇ . بۇ ئىپپەتلىك ئايال ئاخىر ئېرىگە سابىتنىڭ بەتنىيەتلىك ھەرىكىتىنى ئېيتىپتۇ ۋە بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە ئېرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېرى ئايالىغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ : «ئېرىم ئۆيدە بولمايدىغان بىر كۈنى مەن خەۋەر قىلاي ، دەپ خەۋەرلەندۈر . ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئەدىپىنى تازا بېرەيلى» دەپتۇ . ئايال ئېرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر كۈنى توختىتىپ سابىتقا خەۋەر بېرىپتۇ . ئېرى ئىشىك تۈۋىگە چوڭقۇر بىر ئورا كولاپ تەييارلاپتۇ .

ۋەدە قىلىنغان كۈنى سابىت ئۆزىنى بىر بىلىپ ، بىر بىلمەي خۇشال ھالدا يېتىپ كەپتۇ . ئايالنىڭ ئېرى ئىشىك كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن . سابىت ئىشىكتىن بېشىنى تىقىشىغىلا ، ئۇنىڭ بېشىغا تەگكەن كالتەك بىلەن تەڭ سابىت كولانغان ئورىغا دۈم چۈشۈپتۇ . ئايال بىلەن ئەر ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاپ ، ئۇنى تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىپتۇ .

سابىتنىڭ دېرەكسىز يوقالغانلىقىغا ھەيران بولغان ھاكىم ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ .

بىر كۈنى ھاكىم كوچىدا بىر كىشىنىڭ بولۇشىچە تۇۋلاپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، نۆكەرلىرىگە ئاشۇ كىشىنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . نۆكەرلەر ھېلىقى ئادەمنى تۇتۇپ كەپتۇ . ھاكىم ھېلىقى كىشىگە سىياسەت قىلىپ :

— سەن راستىڭنى ئېيت ، خىزمەتچىمنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ ؟ — دەپتۇ .

ئۇ بىچارە ئۇنداق ئىشنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ ، ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ، ئۇنى زىندانغا سېپتۇ .

شۇ كۈنى يېرىم كېچە بىلەن ھېلىقى كىشىنى ھاكىم زىنداندىن ئاچىقىپ ، ئۇنىڭغا :

— سېنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن ، پەقەت بىر سىرنى يېشىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم . ساڭا بىرنەچچە كىشى قوشۇپ ، ئەتە سېنى قويۇۋېتىمەن . سەن ئادەملەرنى ئۆيۈڭگە يوشۇرۇپ قويىسەن . كىم سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىرىنچى بولۇپ سوراپ كەلسە ، شۇ كىشىنى خىزمەتچىلىرىمگە تۇتۇپ بېرىسەن ، — دەپ ئۇنىڭغا ئىنئام ۋە سوۋغاتلارنى بېرىپ ، ئەتىسى يولغا سېلىپ

قويۇپتۇ .
ئۇ كىشى ئۆيىگە كېلىپ كۆپ ئۆتمەيلا ، ھېلىقى ئىپپەتلىك ئايالنىڭ ئېرى ئۇنىڭدىن ھال سوراپ كىرىپ كەپتۇ .
— سېنى ھاكىم نېمە ئۈچۈن قاماپتۇ ، نېمە دەپ قويۇۋەتتى ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— مېنى قاتىللىق قىلدىڭ دەپ تۇتقانىكەن ، ئەمما بىرەر ئىسپات تېپىلمىغىنى ئۈچۈن ، ئاخىر مېنى قويۇۋەتتى ، — دەپتۇ .
ھاكىمنىڭ بۇ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان نۆكەرلىرى ئۇنى تۇتۇپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ . بۇ كىشى سابىتنىڭ قاتىلى ئۆزى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ .
ھاكىم ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى لايىق كۆرۈپ :
— ياخشى ئىش قىلىپسەن ، ئەگەر مەن ئۇنىڭ شۇنداق بۇزۇق نىيىتىنى سەزگەن بولسام ، ئۇنى دارغا ئاساتتىم . ئايالىڭ ۋە ئۆزۈڭنىڭ نام شەرىپىنى قوغداش يولىدا قىلغان بۇ ئىشىڭ بارلىق ئار - نومۇسلۇق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ ، — دەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام تەقدىم قىلىپ ، ھۆرمەت بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ .

## ھۈنەرنىڭ شاراپىتى

ئەرەب ھۆكۈمدارلىرىدىن خەلىپە ھارۇن رەشىدكە تەۋە بىر شەھەر باشلىقى مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلىگەنىكەن :
— ئاتام مېنى دائىم ھۈنەر ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇپ : «ئوغلۇم ، ياشلىقىڭنى غەنىيمەت بىلىپ ، ھۈنەر ئۆگىنىۋال ، مەنسەپ ۋە بايلىقىڭغا ئىشەنمە ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار قولۇڭدىن كېتىشى مۇمكىن ، ئەمما ھۈنەر دائىم ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ ، سېنى ھەرقانداق جايدا موھتاجلىقتا قالدۇرمايدۇ» دەپ نەسىھەت قىلاتتى .
مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى چىن دىلىمدىن قوبۇل قىلىپ ،

www.uyghurkitap.com

ھۈنەر ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم . ماڭا گىلەم توقۇش ھۈنىرى بەكمۇ ياقاتتى . شۇڭا ، ئەڭ ئۇستا بىر گىلەمچىگە شاگىرتلىققا كىردىم . ئاخىر داڭلىق ئۇستا بولۇپ چىقتىم .

ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى شەھەر باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، خەلىپىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى ھەمراھىم بىلەن بىرگە پايتەخت — باغداتقا قاراپ يولغا چىقتۇق . بىرنەچچە كۈن سەپەر ئاۋارىچىلىكىنى تارتىپ ، باغدات شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق . چىرايلىق زىننەتلەنگەن بىر ئاشخانىغا كىردۇق . ئاشخانا ئىگىسى بىزدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى ۋە :

— سىلەر باشقا بىر شەھەردىن كەلگەن ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئوخشايسىلەر . بازاردا تاماق يېيىش سىلەر ئۈچۈن ئەيىب بولىدۇ . مۇشۇ يېقىنلا يەردە ئۆزۈمنىڭ ئازادە قورۇ ـ جايىم بار ، تاماقنى شۇ يەردە يەڭلار ، — دېدى .

بىز ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدۇق . ئۇ بىر خىزمەتچىسىگە بىزنى شۇ يەرگە باشلاپ ئاپىرىشنى بۇيرۇدى . خىزمەتچى بىزنى تازا ياخشى بېزەلگەن بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكەلدى :

— مۇشۇ ئۆيدە دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار ، مەن تاماقنى ھازىر ئەكېلىمەن ، — دېدى .

— بىز رازىلىق بىرىپ ئۆيگە كىرىشىمىزگىلا خىزمەتچى ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ئولتۇرغان ئۆيىمىز ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، ئۇچەيلەن بىراقلا پەسكە — يەر ئاستىدىكى بىر ئۆيگە چۈشۈپ كەتتۇق . يۇقىرىدىكى ئۆينىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەن جايى يەنە قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ ، ئاۋۋالقىدەك جىپسىلىشىپ قالدى . بىز ھەيران بولۇپ قورقۇپ تۇراتتۇق ، بىرنەچچەيلەن قوللىرىغا پىچاق ئالغان ھالدا ئالدىمىزدا پەيدا بولدى . ئۇلارنى كۆرۈپ جېنىمىزدىن ئۈمىد ئۈزدۇق . ئاشخانا خوجايىنى يولۇچىلارنى مۇشۇنداق ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ گۆشىدىن تاماق ئېتىپ ساتىدىكەن . ماڭا دەرھال بىر ئوي

كەلدى ـ دە ، ئۇلارغا :
— بىز ئەڭ ياخشى گىلەم توقۇشنى بىلمىز ، بىزنى ئۈلتۈرۈش بىلەن قانچىلىك پايدا تاپالايسىلەر ؟ بىرىپ خوجايىنىڭلارغا ئېيتىڭلار ، بىزگە گىلەم توقۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بەرسۇن . توقۇلغان گىلەملەرنىلا ساتسا ، تېخىمۇ بېيىپ كېتىدۇ ، — دېۋىدىم ، ئۇلارغا بۇ پىكرىم يېقىپ قېلىپ چىقىپ كەتتى .
تەكلىپىم ئاشخانا خوجايىنىغا ياراپ قاپتۇ . ئەتىسى بىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن خىزمەتكار گىلەم توقۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بەردى . بىز گىلەم توقۇشقا كىرىشتۇق . پۈتكەن گىلەمنى خىزمەتكارلار ئەكىتەتتى . بىر مەزگىل مۇشۇ خىلدا كۈن كەچۈردۇق . مەن بىر كۈنى ئىنتايىن چىرايلىق بىر گىلەمنى لايىھەلەپ توقۇپ چىقتىم . ئۇنىڭ بىر چېتىگە ئىسمىم يېزىلغان تامغىنى بېسىپ ، ئاشخانا خوجايىنىغا :
— بۇ گىلەمنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن . بۇ پادىشاھلارغا خاس گىلەم ، بۇنى بازاردا ساتماستىن ، خەلىپە ھارۇن رەشىدكە تەقدىم قىلساڭ ، كۆپ ئىنئامغا ئىگە بولىسەن ، — دېدىم .
خوجايىن سۆزۈمگە ئىشىنىپ ، ئەتىسى گىلەمنى خەلىپىگە ئاپىرىپتۇ . ھارۇن رەشىد گىلەمنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەۋەس قىلىپ ، ئۇياق ـ بۇياقلىرىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈۋېتىپ ، گىلەمدىكى مېنىڭ ئىسمىم يېزىلغان تامغىغا كۆزى چۈشۈپتۇ . بۇ ئىشتىن بىرئاز گۇمان قىلىپ ، خوجايىندىن بۇ گىلەمنى نەدىن ئالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ . ئۇ بىر سودىگەردىن ئالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . ھارۇن رەشىد خوجايىنغا تامغىنى كۆرسىتىپ ، مېنى سۈرۈشتە قىپتۇ . خوجايىن جاھىللىق بىلەن تېنىۋالغاچقا ، ئۇنى قاماپ قويۇپتۇ . بىر مەزگىل ئۇنى قىيىن ـ قىستاققا ئالغانلىقتىن ئاخىر ئىقرار بولۇپتۇ .
شۇ كۈنى ھارۇن رەشىدنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بىزنى بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەردىن قوتۇلدۇرۇپ ، خەلپىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى . خەلپە بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدى . ئاشخانا خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكار شېرىكلىرىنى دارغا ئاستى . بىز ئوردىدا بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆز شەھىرىمىزگە قايتتۇق . شۇنداق قىلىپ ، ھۆنەرنىڭ شاراپىتىدىن مەن ۋە ئىككى ھەمراھىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق .

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ھاكىم مۇسا

# تەدبىرلىك ئالىم

مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىي ھەر جۈمە كۈنى ھىراتنىڭ ئۇلۇغ مەيدانىدا ۋەز ئېيتىپ ، خەلققە پەند ـ نەسىھەت قىلاتتى . ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى . ئۇنىڭ گۈزەل سۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان خەلق مەۋلانا ھۈسەيىنگە تاپقانلىرىنى دۇئا قىلدۇراتتى . ۋەزدىن كېيىن ، يىغىلغان ھەممە نەرسىنى ئاپىرىپ مەدرىسىدىكى مۇساپىر تالىپلار ، غېرىب ـ غۇرۋا ، يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرەتتى .

بىر جۈمە كۈنى مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىي يىغىلغان پۇل ۋە ئالتۇنلارنى ئېلىپ ، ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ كەمبەغەل ـ نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشكە ماڭدى .

يېرىم كېچە بولغاندا ، مەدرىسە ئەھلى شېرىن ئۇيقۇدىكى چاغدا مەۋلانانىڭ ھۇجرىسى يېنىدا ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى . ھۇجرا ئىشىكىنى بىرى تاراقلاتقىلى تۇردى . مەۋلانا ھۈسەيىن ئىشىكنى ئېچىشىغا قوراللىق ئالتە كىشى يوپۇرۇلۇپ كەلدى . مەۋلانا ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى .

بۇ نامەلۇم ئادەملەر ئىچكىرىگە كىرىپ ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلىدى . ئۇلاردىن بىرى مەۋلانا ھۈسەيىنگە تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى :

— ھۆرمەتلىك داموللام ، بىز ئوغرىلار تائىپىسىدىن

بولىمىز . هازىر پۇلغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدۇق . بۇ ھەقتە ئۆز ئەھۋالىمىزنى سىلىگە دېگىلى كەلدۇق . بۈگۈن چۈشكەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بىزگە بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز .

مەۋلانا ھۇسەيىن ئوغرىلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى . دەرھال داستىخان سېلىپ ، نازۇ نېمەتلەرنى مول قويۇپ ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى :

— ئەزىزلەر ، بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولۇپ كەپسىلەر ، بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇرسەنمەن . ساھىبخان ئەلۋەتتە مېھمانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى كېرەك . مەندىن ياردەم سوراپ كەپسىلەر ، جان - دىلىم بىلەن قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى نەرسىنى سىلەردەك ئەزىز مېھمانلاردىن ئايىمايمەن . يالغۇز بۈگۈن چۈشكەن ئالتۇن - كۈمۈشنىلا ئەمەس ، ھەرقايسىڭلارغا بىردىن تونمۇ ھەدىيە قىلىمەن . ھازىر پولۇ تەييارلاشقا تۇتۇش قىلايلى . گۆش ، سەۋزە بېرەي ، ئۇنى ئۆزۈڭلار توغراڭلار ، بىرىڭلار ئوچاققا ئوت قالاڭلار ، مەنمۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن بىر پولۇ يېيىش ئارزۇسىدىمەن ، — دېدى .

ئوغرىلار ماقۇل بولۇشتى . مەۋلانا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۇلارغا تەقلەپ بەردى . ئاندىن ئۇلارغا :

— مەنمۇ بىكار ئولتۇرماي ، سىلەرگە قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى .

ئوغرىلار مەۋلانا كاشفىينىڭ ئۆتكۈر ناتىقلىقىنى ، سۆزلىرىنىڭ تەسىرلىك ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى . ئوغرىلار بۇ ئالىمنىڭ ھېكايىسىنىڭ پولۇدىنمۇ لەززەتلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ، قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشتى . مەۋلانا ئۆز ھېكايىسىنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال قارىمۇقارشى تەرەپكە كۈرسى (كىچىك ئورۇندۇق) قويدى . ئوغرىلار بۇ ئورۇندۇقلارغا جايلىشىپ ئولتۇرۇشتى . مەۋلانا ئۆزىنىڭ ھېكايە سۆزلەش ئادىتى بويىچە ئوتتۇردا ئۇ باشتىن بۇ باشقا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىر شەھەردە ئەخمەت دېگەن بىر كەمبەغەل ئادەم بار ئىدى . ئۇ شەھەرگە يېقىن بىر پارچە يەرگە تېرىقچىلىق قىلىپ ، شۇنىڭدىن چىققان دارامەت بىلەن كۈن كەچۈرەتتى . ئۇ بىر يىلى ئەتىيازدا يەر ھەيدەۋېتىپ ، قوشنىڭ چىشىغا قاتتىق بىر نەرسىنىڭ تاقىشىپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى . ئۇ قوشنى توختىتىپ ، ئۇ يەرنى كولاپ تەكشۈردى . قوشنىڭ چىشىغا ئۇرۇلغىنى ئاغزى مەھكەم بېكىتىلگەن بىر كوزا بولۇپ چىقتى . ئەخمەت كوزىنى كولاپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، ئۇنىڭدا لىققىدە قىممەتلىك ئېسىل جاۋاھىر ۋە ئالتۇن تۇرغانلىقىنى كۆردى .

ئەخمەت بۇنىڭ بىلەن سەل تەمتىرەپ قالدى . كوزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىدى ، شۇنداقلا ئۇنى ئەكەتكەن تەقدىردىمۇ ، باشقىلارنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، كوزىنى يەرگە قايتا كۆمۈپ قويۇپ ، ئۆيىگە قايتتى . ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ ، بۇ كوزىنى يېقىن قوشنىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئەكېلىپ بۆلۈۋالماقچى بولدى .

ئەخمەتنىڭ يېقىن قوشنىسى ھېيلىگەر بىر باي ئىدى . ئۇ سوپىلىق قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق بۇزۇقچىلىق ۋە جىنايەتتىن يانمايتتى . ئەخمەت ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغىنى ئۈچۈن يولدا كېلىۋېتىپ ئويلىغانلىرىنى بۇ قوشنىسىغا ئېيتتى .

ھېيلىگەر باي قوشنىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى . ئەتىسى ئىككىسى بىللە ئېتىزلىققا باردى . كوزىنى كۆمۈلگەن جايدىن كولاپ چىقاردى . بەتنىيەت قوشنىسى نىيىتىنى بۇزدى ، بۇ بايلىققا يالغۇز ئۆزى ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلدى . ئاجىز ئەخمەتنى بىردەمدىلا يەرگە يىقىتتى ۋە كانىيىغا پىچاق سۈرۈشكە تەييارلاندى . . .

ئوغرىلار ھېكايىگە مەھلىيا بولۇپ كېتىپ ، قالغان ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى . ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرۈپ ھېكايە ئېيتىۋاتقان مەۋلانا كاشفىي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئىشىكنىڭ

زەنجىرنى چىقىرىپ ، ئاستا ئېچىپ قويدى ـ دە ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى :

— بىچارە ئەخمەت بۇ رەھىمسىز قوشنىسىغا «جېنىم قوشنام ، ماڭا رەھىم قىل ، مېنى ئۆلتۈرمە ، بۇ كوزىدىكى ھەممە دۇنيانى سەن ئال . ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەپ قانچە يالۋۇرسىمۇ ، ئۇنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالمىدى . جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئەخمەت قوشنىسىغا :«ئەمدى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى . سەن مېنى جەزمەن ئۆلتۈرسەن . سېنىڭدىن پەقەت بىرلا ئىلتىماسىم بار ، بۇنى رەت قىلما . ئايالىم ھامىلىدار ئىدى . ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن ئەگەر كۆزى يورۇپ ، سالامەت پەرزەنت كۆرسە ، ئىسمىنى «داد» قويسۇن ، — دېدى .

باي ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ـ دە ، ئەخمەتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى .

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئوغرىلار ۋارقىرىشىپ ، ئەخمەتكە ئىچ ئاغرىتىشتى . مەۋلانا كاشىفي ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى :

— باي ئەخمەتنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىپ ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ، كوزىنى چاپىنىغا ئوراپ ئۆيىگە قايتتى . ئۇ ئالدىراپ كېلىۋېتىپ ، يولدا ئەخمەتنىڭ خوتۇنىغا ئۇچراپ قالدى ، ئايالغا ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېيتتى . بىچارە ئايال نېمىمۇ قىلالىسۇن ، كۆز يېشىغا زورلاش بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتتى . بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى . ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭغا «داد» دېگەن ئىسىم قويدى . بىچارە ئايال نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت چېكىپ ، بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىدى . بالا تۆت ياشقا كىردى .

بىر كۈنى شەھەر ھاكىمى ئۆز ئادەملىرى بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ، داد كوچىدا ئويناۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئانىسى بىر توپ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئوغلىغا قاراپ :

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— داد . . . ! داد . . . ! نەدىسەن ئوغلۇم داد ! جېنىم بالام داد ، — دەپ ۋارقىراپ بالىسىنى چاقىردى .

مەۋلانا ھۈسەيىن كاشىفىي ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ، پۈتۈن مەدرىسىدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ، «داد . . . !» دېگەن سۆزنى ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ ئېيتتى . مەدرىسىدىكىلەر «داد !» دېگەن ئاۋۇشنىڭ مەۋلانا كاشىفىينىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، شۇ ياقتا قاراپ يۈگۈرۈشتى ۋە بىردەمدىلا ھەممىسى ھۇجرىغا قاپساپ كەلدى . مەۋلانانىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇلار ئوغرىلارنى تۇتۇپ باغلىۋالدى . ئوغرىلار شۇ چاغدىلا بۇ ئالىمنىڭ ھىيلىسىنى چۈشىنىپ ، پۇشايمان قىلىشتى .

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ، ئوغرىلارنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئەكىلىشتى . پادىشاھ ۋەقەنى ئۇققاندىن كېيىن ، ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى . ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ كاشىفىيغا تەزىم قىلدى ۋە مۇنداق تەلەپ قويدى :

— مەۋلانا ھۈسەيىن كاشىفىي ، تەدبىرلىرىڭگە بارىكاللا ! بىزنى ھېچقانداق ھاكىم ـ ئەمەلدار تۇتالمىغانىدى ، ئۆزلىرى ئاجايىپ تەدبىر ئىشلىتىپ ، بىزنى تۇتتىلا . ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن زېرەك ، تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكلىرىگە باش ئېگىمەن . پەقەت ، ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزلىرىگە بىرلا ئىلتىماسىم بار : ھېكايىلىرىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ بەرسىلە ، ئاندىن ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق ، — دېدى .

مەۋلانا ھۈسەيىن كاشىفىي پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى :

— ھاكىم «داد» دېگەن ئاۋۇشنى ئاڭلاپ دەرھال توختىدى . مۇلازىملىرىغا داد دېگۈچىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئۇلار كىچىك بىر بالىنى قۇچاقلاپ ، يىغلاپ تۇرغان بىر ئايالنى ئەكەلدى .

ھاكىم ئاتتىن چۈشۈپ ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئايالدىن :

— قىزىم ، نېمىشقا داد ، دەپ يىغلايسەن ؟ سېنى كىم

ئازابلىدى ، قايسى نائىنساب سىنىڭ كۆز ياشلىرىڭنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى ؟ سەن ئەھۋالنى ماڭا تەپسىلىي ئېيت ، ساڭا جەبىر - زۇلۇم سالغان زالىمنىڭ جازاسىنى بېرەي ، — دېدى .

ئايال يىغىدىن توختاپ :

— ماڭا ھېچكىم زۇلۇم سالمىدى . مۇنۇ ئوغلۇمنى ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالمىغىيدى ، دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانىدىم ، — دېدى .

ھاكىم ھەيران بولۇپ :

— ئوغلۇڭنىڭ ئېتى نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئېتى «داد» .

— بۇنداقمۇ ئىسىم بولامدۇ ؟ بۇ ئىسىمنى كىم قويغان ؟

ئايال ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تۇرۇپ :

— ئېرىمنى ئېتىزدا بىراۋلار ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ . ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا بىزنىڭ بىر باي قوشنىمىزغا : «ئەگەر ھامىلىدار ئايالىم سالامەت پەرزەنت كۆرسە ، ئىسمىنى ‹داد› قويسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن ، قوشنىمىز ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتىنى ماڭا يەتكۈزدى . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بالامنىڭ ئىسمىنى داد قويدۇم ، — دېدى .

ھاكىم بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئاڭلاپ ، ھاياجانلاندى ؛ بۇ دەردمەن ئايالنىڭ ھالىغا ئېچىندى . مۇلازىملىرىغا ئايالنىڭ باي قوشنىسىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى . ئايالنى بالىسى بىلەن بىرگە مەھكىمىگە ئەكەتتى .

ياساۋۇللار باينى مەھكىمىگە ئەكېلىشتى . باي قورققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھاكىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى :

— بۇ بالىغا كىم «داد» دېگەن ئىسىمنى قويدى ؟

— دادىسى .

— دادىسى قويدىما ؟ ئۇنداق بولسا ، ئەھۋالنى جەريانى بىلەن سۆزلە .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بالىنىڭ دادىسى — ئەخمەت چالا ئۆلۈك قىلىنىپ ئېتىزغا تاشلاپ قويۇلغانىكەن ، دەل ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ئىش بىلەن بېرىپ قاپتىمەن . ئەخمەتنىڭ قانغا بويىلىپ ، توپىدا ئېغىناپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدىم . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ، ماڭا ئايالىنىڭ ھامىلدارلىقىنى ، ئاي ، كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ، ئەگەر سالامەت پەرزەنت كۆرسە ئۇنىڭ ئېتىنى «داد» قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىپلا جان ئۈزدى . مەن كېلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى خوتۇنىغا ئېيتتىم ، — دېدى .

باي بۇنى سۆزلىگۈچە بىردە تەرلەپ ، بىردە تىترەپ ، رەڭگىرويى ئۆچۈپ كەتتى .

ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :

— سەن يالغان سۆزلىدىڭ ، ئۇنىڭ يېرىگە قانداق رەزىل غەرەز بىلەن باردىڭ ؟ ئوغرىلار مال ـ دۇنياسى بار ئادەمنى كۆزلىتىدۇ ، بولايدۇ . ئۇنىڭدەك كەمبەغەل ئادەمنى نېمە قىلىدۇ ؟ راستىڭنى ئېيت ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى غەزەپ بىلەن .

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئوغرىلار ھاكىمنىڭ سۆزىگە ھېسداشلىق قىلىشتى .

مەۋلانا كاشىفىي ھېكايىنى داۋاملاشتۇردى :

— شۇنداق قىلىپ ، چالا ئۆلۈك ياتقان ئەخمەت سېنىڭ قولۇڭدا جان ئۈزۈپتۇ . ئۇنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ھاكىم يەنە .

— شۇ يەرنى كولاپ كۆمۈپ قويدۇم ، — دېدى باي ئىختىيارسىز ھالدا .

— جەسەتنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىمكان بار ئۆيىگە ئەكېلىپ يۇيۇپ ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىش كېرەك ئەمەسمىدى ؟

باي جاۋاب بېرەلمەي جىم تۇرۇپ قالدى . ئەخمەتنىڭ ئايالى ھاكىمغا ۋە مەھكىمىگە يىغىلغان يۇرت چوڭلىرىغا :

— ئاشۇ پاجىئە بولغان كۈنى ئەتىگەندە ئېرىم بۇ باي

قوشنىمىز بىلەن ئېتىزلىقتا بىللە كەتكەن . كەچقۇرۇن قايتىپ كەلمىدى . تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتىم ، بۇ قوشنىمىز كىرىپ ، ئېرىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىلا ئېيتتى . قانداق ، نېمە سەۋەب بىلەن ئۆلگەنلىكىنى دېمىدى . مەنمۇ بۇ ئېغىر قايغۇ بىلەن گاڭگىراپ كېتىپ ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلماپتىمەن ، — دېدى .

مەھكىمىدە ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشىمۇ شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئەخمەتنىڭ مۇشۇ باي بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى .

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :

— مانا ئاڭلىدىڭمۇ ، — دېدى بايغا ، — قىلغان سۆزۈڭنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلار تولۇق . ئۇ بىچارىنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل سەن ئېيتقاندەك قانداقتۇر نامەلۇم ئوغرىلار ئەمەس ، بەلكى سەن ئۆزۈڭ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر ، — دەپ قىستىدى . باي ئىلاجىسىز جىنايىتىگە ئىقرار بولدى .

ھاكىم شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئۇنى دارغا ئاستى . ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلۈك ، دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلىپ ، ئۇنى دادىنىڭ نامىغا يازدۇردى ۋە بالىغا قاراپ :

— ئوغلۇم ، ئىسمىڭنى بۈنىڭدىن كېيىن «دىلشاد» دەپ ئۆزگەرتەيلى . چۈنكى ، شېھىت بولغان داداڭنىڭ ئىنتىقامى ئېلىنىپ ، دىلىڭ شادلاندى . داداڭ ساڭا نېمە ئۈچۈن «داد» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنىڭ سىرى بۈگۈن ئېچىلدى ، — دېدى .

مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىي ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى . مەھكىمىدىكى ھەممەيلەن ، ھەتتا ئوغرىلارمۇ ھاكىمنىڭ قىلغانلىرىغا رازى بولۇشتى ۋە ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىدىن خۇرسەن بولۇشتى . ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ :

— رەھمەت سىلىگە مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىي ، ھېكايىنى ئاخىرغىچە ئېيتىپ بەردىلە . ئەمدى ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوق ، — دېدى .

مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىي پادىشاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— شاھ ئالىيلىرى ، ئۆزلىرىدىن مېنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى . بەلكىم بۇ ئىلتىماسىمنى جانابلىرى رەت قىلماس ، دېگەن ئۈمىدتىمەن . ئۇ بولسىمۇ ، بۇ ئادەملەر ئوغرىلىق قىلىشتەك يامان يولدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن ، ئەلۋەتتە ، جازاغا تارتىلىشى كېرەك . لېكىن ، بۇلار بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولدى . ھېكايە ئېيتىپ بۇلارنى تۇتۇپ بېرىشتىن مەقسىتىم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئالدىڭىزدا بۇلارنى ئۆزى قىلغان يامانلىقلىرىغا توۋا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى . مەن ھېكايىنى سۆزلەۋاتقان چېغىمدا بۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلدىم : باينىڭ ئەخمەتنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلەنگەندە ، بۇلار ھەسرەت چېكىپ ، يىغلىشىپ كەتتى . بۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . يەنە ئۇلار يامان ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىدىغانلىقىغا ، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرسىمۇ ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىدى . ئۇلارنىڭ بۇ روھىي ھالەتلىرىدىن بىلىشكە بولىدۇكى ، ئۇلار ئوغرىلىقنى مۇقىم كەسىپ قىلمىغان . موھتاجلىق ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي ، يامان يولغا كىرىپ قېلىشقان . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ ، مېنىڭ تەربىيىلىشىمگە بېرىشلىرىنى سورايمەن . مەن بۇلارنى ئاشۇ يولدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمغا ، بۇلارنىڭمۇ خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان ، ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇشىغا ئىشىنىمەن ، — دېدى .

پادىشاھ مەۋلانا ھۇسەيىن كاشىفىينىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى . ئوغرىلارنى ئازاد قىلىپ مەۋلانانىڭ قولىغا تاپشۇردى . ئوغرىلار مەۋلانا كاشىفىينىڭ بۇ ئالىيجانابلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاشتى . پادىشاھ ۋە مەۋلانا ئالدىدا توۋا

قىلىشتى . مەۋلانا ئۇلارنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋالدى . ئاشۇ ئالتە ئوغرى ھەزرىتى مەۋلانا كاشىفىينىڭ ئالىم ، پازىل شاگىرتلىرىدىن بولۇپ يېتىشتى .

## غەيۋەتخورنىڭ جازاسى

ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن سەلجۇقىيلارنىڭ ئالتىنچى سۇلتانى سەنجەر مازىينىڭ ۋەزىرى سۇلتانغا بىر ئادەمنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى :

— بۇ ئىنتايىن ئەسكى ئادەم ، ئۈستىڭىزدىن ھەر خىل بولمىغۇر گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرىدۇ . دۆلىتىڭىز ئۈچۈن خەۋپلىك بولغان بۇ ئادەمگە جازا بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى .

سۇلتان سەنجەر مازىي :

— بولىدۇ ، ئەتە ئۇ ئادەمنى سېنىڭ دېگىنىڭدەك جازالايمەن ، — دېدى .

ۋەزىر خاتىرجەم بولۇپ ، ئۆز ئۆيىگە قايتتى . سۇلتان ئەتىسى ۋەزىر دېگەن ئادەمنى چاقىرتىپ ، ئۇنىڭغا ئات ، تون ۋە پۇل ئىنئام بەردى . بۇ ئادەم سۇلتانىنىڭ بەرگەن سوۋغاتلىرىدىن خۇشال بولۇپ قايتتى . ۋەزىر سۇلتانىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ :

— ئۇنىڭغا جازا بەرمەكچىدىڭىز ، ئەكسىچە سوۋغات بېرىپ ، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدىڭىز ، بۇ ئىشىڭىز مېنى ھەيرانلىقتا قالدۇردى ، — دېدى .

سۇلتان ۋەزىرگە :

— ئەگەر ئۇ ئادەم سېنىڭ دوستۇڭ بولغان بولسا ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ماڭا غەيۋەت قىلمىغان بولاتتىڭ . ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىڭ . مەن سېنىڭدەك غەيۋەتخور ، چېقىمچىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايمەن . جازالاش توغرا كەلسە ، سەن جازالىنىشىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەك . ساڭا ئوخشاشلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالسام ، خەلقنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى يوقىلىدۇ . بۇ ھال دۆلەتكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .
ۋەزىر ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدا قالدى .

## ھارۇن بىلەن باغۋەن

ھارۇن رەشىد باغدات كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ، بىر قېرى باغۋەننىڭ خورما كۆچىتى تىكىۋاتقانلىقىنى كۆردى ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى :
— خورما كۆچىتى ئۇزۇن يىلدىن كېيىن مېۋە بېرىدۇ . بەلكىم بۇ كۆچەتلىرىڭىز مېۋە بەرگۈچە ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمرىمۇ پايلىماس ، قىلغان ئەجرىڭىزگە يارىشا بۇنىڭ مېۋىسىنىمۇ يېيەلمەيسىز . ئاۋارە بولغىنىڭىزلا قالارمىكىن ؟
باغۋەن ھارۇنغا مۇنداق دېدى :
— بوۋىلىرىمىز تېرىدى ، بىز يېدۇق . ئەمدى بىز تېرىساق بالىلىرىمىز يەيدۇ .
باغۋەننىڭ سۆزى ھارۇنغا يېقىپ كېتىپ ، ئۇنىڭغا يۈز تىللا ئىنئام بەردى . باغۋەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ۋە شۈكرى ـ سانا ئوقۇدى . ھارۇن باغۋەننىڭ نېمە ئۈچۈن شۈكرى ـ سانا ئوقۇغانلىقىنى سورىدى . باغۋەن ھارۇنغا :
— باشقىلار تىككەن خورما كۆچىتى كۆپ يىلدىن كېيىن مېۋە بەرگەن بولسا ، مېنىڭ بۇ كۆچەتلىرىم تىكىلگەن كۈنىلا مېۋە بەردى . شۇنىڭغا شۈكرى ـ سانا قىلدىم ، — دېدى .
ھارۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، يەنە يۈز تىللا بەردى . باغۋەن يەنە شۈكرى دېدى . ھارۇن ئۇنىڭدىن يەنە بۇ ئىككىنچى قېتىملىق شۈكرى دېيىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . باغۋەن ئۇنىڭغا :
— باشقىلارنىڭ كۆچىتى يىلىغا بىر قېتىم مېۋە بەرسە ،

مېنىڭ كۆچىتىم بىر كۈندە ئىككى قېتىم مېۋە بەردى ، — دېدى .
هارۇن رەشىد باغۋەننىڭ زېرەك ، بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى .

## مۇۋاپىق جازا

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىرانغا هۇجۇم قىلىپ ، ئاۋۋال شەھەرنى قامال قىلدى . ئاندىن ئىران شاھى دارادىن خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيانى تەلەپ قىلدى . دارا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر هۇجۇمنى جىددىيلەشتۈردى . ئەمما ، ھەرقانچە قىلسىمۇ دارانى يېڭەلمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر ھىيلە بىلەن دارانى يوقىتىپ ، قورغاننى ئېلىشنى مەقسەت قىلدى .
دارانىڭ ئۆز قۇللىرى ئارىسىدىن تاللىۋېلىپ تەربىيلەپ ، ئاخىرىدا ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالغان ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى . ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، ئۇ ئىككىسىگە يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ ، ئۇلارنىڭ خۇپىيانە ھالدا قېشىغا بىر كېلىپ كېتىشىنى خەۋەر قىلدۇردى . بۇ ئىككى ۋەزىر تەكلىپنى قوبۇل قىلدى . ئۇلار كېچىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى . ئىسكەندەر ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى . سۆھبەت داۋامىدا ئىسكەندەر ئۇلارغا ئۆز مەقسىتىنى دېدى :
— ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم بەرسەڭلار ، قىلغان خىزمىتىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئەڭ يۇقىرى ئورۇن ھەدىيە قىلىمەن .
بۇ ئىككى ۋەزىر ئىسكەندەرنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ھەرقانداق ۋەزىپە تاپشۇرۇلسا ، بەجانىدىل ئورۇنداشقا ۋەدە بەردى . ئىسكەندەر ئۇلارغا دارانى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى . ۋەزىرلەر ئەتىسى ئىسكەندەرنىڭ بۇيرۇقىنى دېگىنىدەك ئورۇنداپ كەلدى .
ئىسكەندەر دەرھال دارانى دەپنە قىلىشنى ۋە ئىككى ئېگىز دار تەييارلاپ بۇ ئىككى ۋەزىرنى ئېسىشنى بۇيرۇدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسكەندەردىن يۇقىرى مەنسەپ ، قىممەتلىك ئىنئام كۈتۈپ تۇرغان ئىككى ۋەزىر ئىسكەندەرنىڭ بۇ پەرمانىنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قېلىشتى ۋە :

— ۋەدە بويىچە بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇندىساق ، بىزگە يۇقىرى مەنسەپ ، قىممەتلىك ئىنئام تەقدىم قىلىشىڭىز ئورنىغا ، ئۆز ۋەدىڭىزگە خىلاپلىق قىلىپ ، بىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋاتىسىز . بۇ نامەردلىك ئەمەسمۇ ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى .

ئىسكەندەر ئۇلارغا :

— مەن نامەردلىك قىلمىدىم ، ئۆزۈمگە ئىنساپ ، ئادالەتنى يېتەكچى قىلىپ ، توغرا ئىش قىلماقچىمەن . راست ، سىلەرگە يۇقىرى ئورۇن بېرىشنى ۋەدە قىلدىم ، مانا ئەمدى شۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلىمەن . دارا سىلەرنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ ، تەربىيىلەپ ۋەزىرلىككە كۆتۈردى . ئەمما ، سىلەر ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا يامانلىق قىلدىڭلار . ئۆز تەربىيىچىسىگە خىيانەت قىلغانلار تۇزكور كىشىلەردۇر . ئۇنداقلاردىن ئەلۋەتتە ماڭىمۇ ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن . تۇز ھەققىگە ھۆرمەت قىلماي ، خىيانەت كوچىسىغا قەدەم قويغانلارغا مانا شۇنداق مۇكاپات بېرىلىدۇ . مېنىڭ قوشۇنۇم ئىچىدە مانا مۇشۇ داردىن يۇقىرى ئورۇن يوق . مەرھەمەت قىلىپ ئۆز ئورنۇڭلارنى ئېلىڭلار ! — دېدى دارنى كۆرسىتىپ .

## ساخاۋەت

بىر ھىممەتلىك ، سېخىي ئادەمنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئاشلىقى بار ئىدى . بىر يىلى ئۇ تۇرغان شەھەردە ئاشلىق قەھەتچىلىكى باشلاندى . بۇ سېخىي ئادەم ھەممە ئاشلىقىنى يوقسۇل ، غېرىب - غۇرۋالارغا تارقىتىپ بەردى . شەھەردە قەھەتچىلىك بارغانچە كۈچەيگەنلىكتىن ، بۇ ئادەممۇ ئاشلىققا موھتاج بولۇپ ، قىيىنىلىشقا باشلىدى .

كىشىلەر ئۇنىڭغا :
— قىزىق ئادەم ئىكەنسەن ، ئۆزۈڭنىڭمۇ قىيىنلىپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ ، شۇنچە ئاشلىقىڭنى خەققە تارقىتىپ بولدۇڭ ، — دەپ تاپا - تەنە قىلىشتى .
سېخىي كىشى ئۇلارغا :
— خەلق ئاچارچىلىق دەردىنى تارتىۋاتسا ، مەن راھەتتە ياشىسام ، ئىنسابسىزلىق قىلغان بولمايمەنمۇ ؟ ئاچلىق ئازابىنى خەلق بىلەن تەڭ تارتىشنى ، خەلق قانداق ھالدا بولسا ، مېنىڭمۇ شۇنداق ھالدا بولۇشۇمنى ۋىجدانىم بۇيرۇدى . مەن ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىمەن ، — دېدى .

# يامانلىق قىلىپ ، ياخشىلىق كۈتمە

لوقمان ھېكىم بىر بايغا قۇل بولۇپ ئىشلەيتتى . باي بىر كۈنى ئۇنىڭغا :
— يەرگە بۇغداي تېرىۋەت ، — دەپ بۇيرۇدى .
لوقمان ھېكىم بۇغداي ئورنىغا ئارپا تېرىدى . بۇنى كۆرگەن باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ :
— مەن ساڭا «بۇغداي تېرىغىن» دېسەم ، نېمىشقا ئارپا تېرىدىڭ ؟ ! — دەپ سورىدى .
لوقمان ھېكىم :
— ئارپا تېرىسام بۇغداي ئۈنەمدۇ ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوئال قويدى . باي ئاچچىقلىنىپ :
— ئەقلىڭ بارمۇ ؟ نەدە ئارپا تېرىسا بۇغداي ئۈنىدىكەن ؟ — دېۋىدى ، لوقمان ھېكىم :
— ئۇنداق بولسا ، سىز دائىم خەلققە جەبىر - زۇلۇم قىلىپ تۇرۇپ ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىسىزغۇ ؟ ياخشىلىق قىلسىڭىز ياخشىلىق ، يامانلىق قىلسىڭىز ئەلۋەتتە يامانلىق قايتىدۇ . ئارپىدىن بۇغداي ئۈنمىگەندەك ، خەلققە ئازاب بېرىپ ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلماڭ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ۋەسىيەتنامىدە شۇنداق دېيىلگەن . . .

بىر توپ موللا قاراۋۇش ۋەزىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ : «بىر ئەمەلدار ۋاپات بولۇش ئالدىدا ۋەسىيەتنامە يېزىپ ، بايلىقىدىن بىزگىمۇ بىر بۆلۈك مەبلەغ ئاجراتقانىكەن . بىراق ، مەرھۇمنىڭ بالىلىرى ۋەسىيەتنامىگە ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ . ھەممە بايلىقنى ئۆزلىرىلا ئىگىدارچىلىق قىلىپ ، بىزگە بەرمىدى . بىزنىڭ شۇ ھەققىمىزنى ئېلىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز» دەپ ئەرز قىلدى .

قاراۋۇش ھېلىقى ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىنى چاقىرتىپ ، دادىسى قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىنى سورىدى . ئۇلار ۋەسىيەتنامىنى بەردى . قاراۋۇش ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇدى . ئۇنىڭدا مۇنۇلار يېزىلغان :

«ئون مىڭ تەڭگە پۇلۇمنى بالىلىرىم ۋە موللىلارغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇردۇم . ۋاپاتىمدىن كېيىن ، موللىلارنىڭ تەلەپ قىلغىنى بالىلىرىمغا ، قالغىنى موللىلارغا بېرىلسۇن .»

قاراۋۇش ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، موللىلاردىن سورىدى :

— سىلەر قانچە تەڭگە تەلەپ قىلىسىلەر ؟

موللىلار :

— توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگىنى تەلەپ قىلىمىز ، — دېدى .

قاراۋۇش ئۇلارغا :

— مەن شەرئەت بويىچە ئادىل ھۆكۈم قىلاي ، رازى بولامسىلەر ؟ — دېۋىدى ، موللىلار :

— ئەلۋەتتە رازى بولىمىز ، بىز شەرئەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇچىلارمىز ، شەرئەت نېمىنى بۇيرۇسا ، شۇنداق بولىدۇ ، — دەپ چۇرقىراشتى .

قاراۋۇش مۇنداق ھۆكۈم قىلدى :

— مەن شەرئەت قانۇنلىرىغا ئاساسلىنىپ ، مۇنداق ھۆكۈم

قىلمەن : ۋەسىيەتنامىدە : «مولللارنىڭ تەلەپ قىلغىنى بالىلىرىمغا ، قالغىنى مولللارغا بېرىلسۇن .» دېيىلگەن . سىلەر توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگىنى تەلەپ قىلدىڭلار ، ۋەسىيەتنامە بويىچە مولللار تەلەپ قىلغان توققۇز مىڭ بەش يۈز تەڭگە پۇل مەرھۇم ئەمەلدارنىڭ بالىلىرىغا ، قالغان بەش يۈز تەڭگە مولللارغا تېگىشلىك . مانا كۆرۈۋاتىسىلەر ، ئەمەلدارنىڭ بالىلىرى كىچىك ، يېتىم بالىلار . يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش شەرىئەت بويىچە ھارام . سىلەر مولللار ئەلۋەتتە ھارام نەرسىنى يېمەيسىلەر . شۇنىڭ ئۈچۈن قالغان بەش يۈز تەڭگىنى ئۇ بالىلارغا بېرىلىدۇ . بۇ ھۆكمىم شەرىئەت ئادالىتى بويىچە بولدىمۇ ، تەقسىر مولللىرىم ؟ — دېدى قاراۋۇش . مولللار لام ـ جىم دېيىشەلمەي چىقىپ كېتىشتى .

## ئاجايىپ قىزىق بەزمە

قاراۋۇش بىر كۈنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت جىنازا نامىزىغا قاتناشتى . نامازدىن كېيىن كىشىلەردىن :

— بۇلار كىملەرنىڭ جىنازىلىرى ؟ — دەپ سورىدى .

كىشىلەر ئۇنىڭغا :

بۇلاردىن بىرى دۇتارچىنىڭ ، ئىككىنچىسى تەمبۇرچىنىڭ ، ئۈچىنچىسى غېجەكچىنىڭ ، تۆتىنچىسى چاڭچىنىڭ — ، دەپ جاۋاب بەردى . قاراۋۇش جامائەتكە :

— بۈگۈن كېچە ئۇياقتا ئىنتايىن چوڭ بەزمە بولىدىغان ئوخشايدۇ ، تاماشا قىلىشنى خالىغانلار بارسا بولغۇدەك ، — دېدى .

## قايغۇنىڭ سەۋەبى

بىر ئايال ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، باشقا بىر كىشى بىلەن تۇرمۇشلۇق بولدى . ئايال بۇ ئېرىگە ھەر كۈنى بۇرۇنقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېرىنى ماختاپ :
— ئۇ ئېرىمنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، دىلىمدا پەيدا بولغان قايغۇ - ئەلەمنى قانداق قىلىپ ئۇنتۇشنى بىلمەيمەن . دائىملا ئۇنى ئويلاشتىن ئۆزۈمنى توختىتالمايمەن ، — دەپ ھەسرەت چېكەتتى . ئېرى ئايالىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىنى ھەر كۈنى تەرىپ - تەۋسىپ قىلىشىرىشىدىن زېرىكتى .
بىر كۈنى ئايال يەنە ئاۋۋالقى ئېرى ھەققىدىكى سۆزىنى باشلىۋىدى ، بۇ ئېرى قايغۇرغان ھالدا :
— ئاۋۋالقى ئېرىڭنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا مەنمۇ ئىنتايىن قايغۇرۇۋاتىمەن . غەم - قايغۇنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەيمەن ، — دېدى .
— ھوي ، سىزمۇ قايغۇرۇشقا باشلىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئايال .
— راستىنى دەۋاتىمەن . ئۇ ئېرىڭنىڭ ۋاپاتىغا مەنمۇ قايغۇرۇشقا باشلىدىم .
— نېمە ئۈچۈن ؟
— مۇبادا ئۇ ئېرىڭ ۋاپات بولمىغان بولسا ، سەن ئۇنىڭ ئايالى بويىچە قالىۋېرەتتىڭ ، مەنمۇ ھەر كۈنى ئۇنى تەرىپلىگەن سۆزلىرىڭنى ئاڭلاۋەرمىگەن بولاتتىم .

## يەنە كۆپىيىدۇ

بىر باي چەت مەملىكەتتە ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ بىرىنچى بولۇپ ئۇچرىغان دوستىدىن :
— شەھىرىمىزدە بۇرۇن مەن بار ۋاقىتتىكىدەك سارالڭ ، دىۋانىلەر كۆپمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— سىز كەتكەندىن كېيىن خېلىلا ئازايغانىدى ، مانا ئەمدى سىز قايتىپ كەلدىڭىز ، قايتىدىن كۆپىيىشكە باشلايدىغان بولدى ، — دېدى دوستى .

# بەختلىك ئادەم

يېڭى ئۆيلەنگەن ئىككى يىگىت سۆھبەتلىشىپ قالدى .

— دوستۇم ئېيتىپ باققىنا ، بۇ دۇنيادا ئۆيلىنىپ راھەتلەنگەن ئادەم بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى بىرى .

— مەنمۇ شۇ توغرۇلۇق كۆپ ئويلاپ ، ئاخىر ئۆيلىنىپ راھەت كۆرگەن بىر ئادەمنى تاپتىم ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىككىنچىسى .

— ئۇ كىم ئىكەن ؟

— ئادەم ئاتا .

— ئۇنىڭ نېمىسىگە قاراپ بەختلىك دېدىڭ ؟

— قېينانىسى يوق ئىدى .

# ئەپۇ قىلىڭ ، بىرئاز كېچىكتىم

ھارۇن رەشىدنىڭ ئىنتايىن ملجىك ۋە ئەزمە بىر ۋەزىرى بار ئىدى . بۇ ۋەزىر ئۆلۈشتىن بەكمۇ قورقاتتى . كېسەل ئادەملەرنى يوقلاپمۇ بارمايتتى ، جىنازا نامىزىغا چىقمايتتى ، ھەتتا قەبرىستانلىق يېنىدىنمۇ ئۆتمەيتتى . باشقىلارنىڭ ئۆز يېنىدا ئۆلۈم ھەققىدە سۆزلىشىگىمۇ يول قويمايتتى . ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ سۆھبەتدىشى — شائىر ئەبۇ نۇۋاسنى ياخشى كۆرەتتى . شائىرنى دائىم ئۆيىگە چاقىرىپ سۆھبەتلىشەتتى ۋە يازغان شېئىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرەتتى . ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سائەتلەپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇش ئەبۇ نۇۋاسنى زېرىكتۈردى . بىر ئىلاج قىلىپ ۋەزىردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىدى . بىر كۈنى ۋەزىر ئۆز ئادىتى بويىچە شائىرغا خەۋەرچىنى ئەۋەتىپ ئۆيىگە چاقىردى . ئەبۇ نۇۋاس دېيىلگەن ۋاقىتتىن ئىككى سائەت كېچىكىپ كەلدى . ۋەزىر ئۇنىڭدىن :

— ئەبۇ نۇۋاس ، نەدە يۈردىڭىز ، سىزنى ئىككى سائەتتىن

بىرى كۈتۈپ زېرىكتىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ئەبۇ نۇۋاس، — بىر ئاز كېچىكتىم، ئىنسانىي ۋەزىپەم بۇنىڭغا سەۋەب بولدى. شۇڭا، ھۆرمەتلىك ۋەزىر مېنى كەچۈرەر دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلدىم.

— ئۇ قانداق ئىنسانىي ۋەزىپە ئىدى؟

— بۇ يەرگە مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتاتتىم، قوشنام بىر كەمبەغەل ھەم ھېچكىمى يوق بىر كىشىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ياتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن شۇنىڭ قېشىغا كىردىم، — دېدى شائىر.

— قانداق، ئۇنىڭ ھالى يامان ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى ۋەزىر ھاياجانلىنىپ.

— ئەپسۇسكى، بىچارە كەمبەغەل ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چېتىپ، ئېڭەكلىرىنى تاڭدىم، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يۇيۇندۇردۇم، كېپەنلىدىم. ئاندىن باشقا كىشىلەرگە خەۋەر بەردىم، تاۋۇتقا سېلىپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقتىم. دەپنە قىلىپ بولۇپ، ئالدىرىغىنىمدىن قولۇمنىمۇ يۇماستىن ئالدىڭىزغا يېتىپ كەلدىم، — دېدى ئەبۇ نۇۋاس.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە شائىرغا:

— بۇ يەردىن ھازىرلا كېتىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە قەدەم باسماڭ، — دېدى.

ئەبۇ نۇۋاس ۋەزىرنى تېخىمۇ قورقۇتۇپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

— ماڭا نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ مەن سىزگە نېمە يامانلىق قىلدىم؟ — دېدى.

— نېمە قىلدىم، دەيسەنغۇ يەنە، ئۆيۈمگە كەلگۈچە قىلغان ئەسكى ئىشىڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟

— يامان ئىش قىلمىدىم، پەقەت ئادەمگەرچىلىك ۋەزىپەمنىلا ئادا قىلدىم.

— مەن بۇنداق ۋەزىپىنى خالىمايمەن، بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشقانلارنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن، تېزرەك چىقىپ كەت، — دېدى ۋەزىر تېخىمۇ خاپا بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، مەرھەمەت قىلىپ قولىڭىزنى بېرىڭ، بىر سۆيۈۋېلىپ، ئاندىن چىقىپ كېتەي، — دەپ ۋەزىرگە يېقىنلاپ باردى. ۋەزىر تېخىمۇ خاپا بولۇپ، ۋارقىراپ:

— ياق، ياق، ماڭا يېقىن كەلمە، قولۇمنى بەرمەيمەن. تېز چىقىپ كەت! — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ نۇۋاس ۋەزىرنىڭ تېتىقسىز سۆھبىتىنى ئاڭلاپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى زايا كەتكۈزۈشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

## ئەبۇ نۇۋاس بىلەن بەدىۋى قىزى

دەشت سەھرادا كېتىۋاتقان ئەبۇ نۇۋاس ئىلاجىسىز بىر بەدىۋى (سەھرادا ياشىغۇچى، يېرىم ياۋايى كۆن كەچۈرگۈچى) ئادەمنىڭ كەپىسىدە تۈنەپ قالدى. بەدىۋىنىڭ سەككىز ـ توققۇز ياشلاردا ئىنتايىن ئوماق ۋە گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى. ئەبۇ نۇۋاس قىزچاقتىن:

— قىزىم ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— جەمىلە، — دېدى قىز جاۋاب بېرىپ.

— ساڭا بۇ ئىسىم خاتا قويۇلۇپ قاپتۇ، — دەپ قىزنى ئەركىلىتىپ چاقچاق قىلدى شائىر.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— سەن چىرايلىق ئەمەس، ساڭا جەمىلە دېگەن ئىسىم ياراشمايدۇ.

— دادام ناھايىتى توغرا دەپتىكەن.

— داداڭ نېمە دېگەن؟

— ئىنسان، ئىنساننىڭ ئەيىنكى، — دەيتتى.

— سېنىڭ سەت قىز ئىكەنلىكىڭ بىلەن بۇ سۆزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟
— ئۆزىڭىزنىڭ يۈزىنى مېنىڭ يۈزۈمنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈۋاتىسىز. شۇنىڭغا قاراپ دادامنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدىم.
قىز بۇ جاۋابى بىلەن ئەبۇ نۇۋاسنىڭ سەتلىكىنى بىلدۈرگەندى. شائىر ھەيران بولۇپ، يەنە سورىدى.
— سەن چىچەن قىز ئىكەنسەن، سېنى كىيىن قىلىۋالسام بولامدۇ؟
— ياق، ئوغلىڭىزغا تەگمەيمەن.
— نېمىشقا؟
— مەن ئىنسانغا تېگىمەن.
— ئوغلۇم ئىنسان ئەمەسمۇ؟
— سىزنى كۆرۈپ شۇنداق پىكىرگە كەلدىم.
قىزنىڭ بۇ كېيىنكى جاۋابىدىن، ئەبۇ نۇۋاس بۇ چىچەن قىزچاق بىلەن چاقچاقلىشىپ چېقىشىشتىن توختىدى.

## چىدامىلىق ئادەم

بۇرنى يوغان، قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر كىشىنىڭ بىر ئايالغا مەيلى چۈشۈپ قالدى، بۇ كىشى ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى ۋە ئۆزىنى ماختاپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— مەن ئۇنداق يېنىك ئادەملەردىن ئەمەس، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ چىدايمەن.
— راست، چىدامىلىق ئىكەنلىكىڭىز كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، قىرىق يىلدىن بۇيان بۇنداق يوغان بۇرۇنى كۆتۈرۈپ يۈرمىگەن بولاتتىڭىز، — دېدى ئايال.

1977 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئاز ـ ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا

# ئاجايىپ پاراسەت

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر تېۋىپ بىر كېسەل ئادەمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— بۇگۈن يېمىش يەپسىز ، — دېدى .

— شۇنداق ، — دېدى كېسەل كىشى .

— مىجەزىڭىز ئەسلىگە كەلگۈچە يېمەڭ ، — دېدى تېۋىپ .

يەنە بىر كۈنى ئۇ تېۋىپ بىر كېسەلنىڭ ئۆيىگە كەلدى . تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— بۈگۈن چۈجە يەپسىز ، — دېدى .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ كىشىمۇ .

— هازىر چۈجە يەيدىغان ۋاقىت ئەمەس . كېسىلىڭىزگە زىيانلىق ، — دېدى تېۋىپ .

خالايىقلار تېۋىپنىڭ دانالىقىدىن هەيران قېلىشتى . تېۋىپنىڭ بىر ئوغلى بار بولۇپ ، هەر ۋاقىت تېۋىپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ هۈنەر ئۆگىنەتتى . ئۇ دادىسىنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ سورىدى . دادىسى :

— مەن ئۇنى هەقىقىي تېبابەت ئىلمى بىلەن ئەمەس ، بەلكى پاراسەت بىلەن بىلدىم . مەن بىرىنچى كېسەلنىڭ ئۆيىگە بارغاندىم . هويلىسىدا ئاقلانغان مېۋە پوستىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . «مېۋە پىشسا يېيىشكە ئالدىرار» دېگەن گەپ بار ، شۇڭا ئۇنىڭ مېۋە يېگەنلىكىنى بىلدىم .

يەنە بىر كېسەلنىڭ سارىيىغا بارغاندىم ، قارىسام ئىشىك يېنىدا چۈجىنىڭ يۇلۇنغان قاناتلىرى تۇرۇپتۇ . بىلدىمكى ، چۈجىنى كېسەل ئادەمدىن باشقا ئادەم يېمەيدۇ . شۇڭا ، بۇ ساراي بېگى چوقۇم چۈجە يېگەن دەپ بىلدىم ، — دېدى .

بالىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دادىسىنىڭ هۈنىرىنى ئۆگەنگۈسى كەلدى ۋە ساراي بېگىنىڭ يېنىغا باردى . ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سىز بۇگۈن ئېشەك گۆشى يەپسىز ، — دېدى .
ساراي بېگى بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ـ دە ، قاتتىق رەنجىپ :
— توۋا قىلدىم ، سىز ئالجىدىڭىزمۇ ؟ ئېشەك گۆشىنى كىم يەيدۇ ! ؟ — دېدى .
تېۋىپنىڭ بالىسى بۇ بىئەدەپ سۆزىدىن خىجىل بولدى . ساراي بېگى تېۋىپقا بالىسىنىڭ قىلغان ھاقارىتىدىن ئەرز قىلدى . تېۋىپ بالىسىنى چاقىرتىپ :
— ئەي ھاماقەت ، ئۇنىڭ ئېشەك گۆشى يېگەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . بالىسى مۇنداق دېدى :
— سارايغا بارغاندىم . قارىسام ئۇ يەردە ئېشەكنىڭ توقۇملىرى تۇرۇپتۇ . ئويلىدىمكى ، ئەگەر ئېشەك تىرىك بولغان بولسا ، توقۇم ئېشەكنىڭ ئۇچىسىدا بولغان بولاتتى . شۇڭا ، ئېشەك ئۆلگەن . ئېشەك بىر بولسا ئۆزى ئۆلدى ، بىر بولسا ئۆلتۈرۈلدى . ئەگەر ، ئۆزى ئۆلگەن بولسا تاپى شۇ يەردە بولغان بولاتتى . شۇڭا ئۇنى باشقىلار ئۆلتۈرگەن . كېيىن كىشى ئېشەكنى ئۆلتۈرگەنىكەن ، ئۇنى يېمەي قالامدۇ ؟ مانا مۇشۇ پاراسەت بىلەن ئېشەك گۆشى يەپسىز ، دېدىم .

# ئاجايىپ تەسەۋۋۇر

بىر كۈنى ئەبۇ جەئفەر شاگىرتلىرىغا مۇددەرىسلىك قىلىپ ئولتۇرغانىكەن ، مەدرىسەگە ناھايىتى كېلىشكەن ۋە سالاپەتلىك بىر ئادەم كىرىپ كەپتۇ . ئەبۇ جەئفەر شاگىرتلىرىغا :
— بۇگۈن ناھايىتى ھوشيار ھالدا شۇك ئولتۇرۇڭلار . سۆز قىلغاندا ئېھتىيات قىلىڭلار ، كېلىۋاتقان كىشىنىڭ سوئالىغا تۇتۇلۇپ قالماڭلار ، — دەپتۇ .
كەلگەن كىشى ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپتۇ . ئەبۇ جەئفەر ناماز ۋاقتى ھەققىدە سۆزلەپ :

— ئەگەر تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن كۈن چىقىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

— ناماز بامداتنىڭ ۋاقتى ئىككىنچى سۇبھى يەنى سۇبھى سادىق ۋاقتىدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىت خېلى ئۇزۇندۇر. ئەگەر، كۈن چىقىپ كەتسە ناماز بامدات ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئۇ كىشى شۇئان سوئال قويۇپ:

— خەپشۇك! خەپشۇك! ئىش بىز قىلغان تەسەۋۋۇرنىڭ تەتۈرى ئىكەن، — دەپتۇ ئەبۇ جەئفەر شاگىرتلىرىغا قاراپ.

## «ئاقىلانە» بۇيرۇق

مۇئاۋىيە بىننى مەرۋاننىڭ بىر ئېسىل قارچىغىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئوردا راۋىقىدا قولىدىن چىقىپ كېتىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇئان:

«پۈتۈن شەھەر دەرۋازىلىرى ئېتىلسۇن. قارچىغا شەھەردىن چىقىپ كەتمىسۇن!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

## تەدبىرگە تەدبىر

بىر كىشى تۈگمەنگە ئۈن تارتىشقا بېرىپتۇ. ئۇ تۈگمەنگە قېتىلغان ئېشەكنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراقنى كۆرۈپ:

— نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئېشەكنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈگمەنچى:

— ماڭا ئۇيقۇ تولا غالىب كېلىدۇ. ئۇخلىغان ۋاقتىمدا قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى چىقمىسىلا ئېشەك ماڭماپتۇ دەيمەن ـ دە، ۋارقىراپ قويىمەن. ئېشەك داۋاملىق ماڭىدۇ، — دەپتۇ تۈگمەنچى.

— ئەگەر ئېشەك چۆگىلىمەي ئورنىدا تۇرۇپ، بوينىنىلا مىدىرلىتىپ، قوڭغۇراقنى يالغاندىن جىرىڭلىتىپ تۇرسا قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىسىز؟ — دەپتۇ ئۇ كىشى.
تۇگمەنچى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:
— ئەگەر ئېشىكىمگە بۇنچىلىك ئىشنى بىلگۈچىلىك ئەقىل كىرسە، چوقۇم باشقا بىر تەدبىر تاپىمەن، — دەپتۇ.

## قازاندا نىمە بولسا چۆمۈچتە شۇ

ئەبۇ ھەمزىنىڭ ئايالىنىڭ تۇغۇت تولغىقى تۇتۇپتۇ. ئۇ تۇغۇت ئانىسىنى تېپىپ كەپتۇ ۋە:
— بىر تىللا بېرەي، چوقۇم پۇتۇن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تىرىشقىن، بالا ئوغۇل بولسۇن، — دەپتۇ.

## «دانا تەدبىر»

خەلىپە مەئمۇننىڭ زامانىدا دەجلە دەرياسىنىڭ سۈيى ناھايىتى ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. خەلىپە مەئمۇن مەنسۇر بىننى نۇئمانغا مەسلىھەت سېلىپ:
— دەريا سۈيى تېشىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك، — دەپتۇ.
مەنسۇر بىننى نۇئمان:
— نەچچە يۈز ئادەمنى چېلەك بىلەن دەريا سۈيىنى باشقا تەرەپكە توشۇشقا بۇيرۇق بەرسىلە، — دەپتۇ.

## ماختانچاق قازى

خەلىپە مەئمۇن ۋەسەت دېگەن شەھەرنى ئالماقچى بولۇپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇ دەجلە دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ھەلەپ دېگەن شەھەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەپتۇ.
ھەلەپ شەھىرىنىڭ قازىسى بىرمۇنچە ئادەملەرنى چاقىرىپ،

ئەگەر خەلىپە مەئمۇن دەريادىن ئۆتۈپ قالسا ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى شۇ ئادەملەرگە ماختاتقۇزماقچى بوپتۇ . ئەمما ، ئۇنى ماختىغىلى بىر ئادەممۇ كەلمەپتۇ . قازى ئامالسىز ئۆزى كېمىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن :

— مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھى مۇشۇ شەھەرنىڭ قازىسىدۇر ، — دەپ ئۆزىنى ماختاپتۇ .

خەلىپە يېنىدىكىلەردىن :

— ئۇ كىم ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ قازىسى ، ئۆزىنى ماختاۋاتىدۇ ، — دەپتۇ يېنىدىكىلەرى .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خەلىپە كۈلۈپتۇ ۋە :

— شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنى قازىلىقتىن ئېلىپ تاشلاڭلار . ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بېرىلمىسۇن . بۇنداق قازى مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسى بولۇشقا ھەرگىز لايىق ئەمەس ، — دەپتۇ .

## ھاماقەتلىكنىڭ جازاسى

بىر كۈنى مىسىردىكى بىر مەسچىتكە خالايىقلار يىغىلغان چاغدا ، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى سايىدا بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ .

ئۇ ئايال يىغلاپ تۇرۇپ :

— مەن بىر ياش مەزلۇم ئىدىم . ئېرىم ئون يىل بۇرۇن سەپەرگە چىقىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەندى . ھازىر مەن بىر يوقسۇل تۇل بولۇپ قالدىم . قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلدىم ، ئەمما قازى «ئېرىڭنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىسپات تاپقىن ، ئاندىن ئەرگە تەگ» دەپ ، مېنى ئەرگە تەگكىلى قويمىدى . مەندە ئېرىمنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھېچقانداق ئىسپات يوق ، — دەپتۇ .

خالايىقلاردىن بىرى :

— ماڭا ئىككى تىللا بېرىڭ ، مەن قازىنىڭ قېشىغا بېرىپ :

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

«بۇ مەزلۇم مېنىڭ ئايالىم ئىدى ، مەن ئۇنى تالاق قىلغان» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرەي . قازى ئاندىن سىزنىڭ ئەرگە تېگىشىڭىزگە رۇخسەت قىلىدۇ ، — دەپتۇ .

ئايال يېنىدىن تۆت دەرەمنى چىقىرىپ :

— مېنىڭ مۈلكىمدە مۇشۇ تۆت دەرەمدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ، — دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى تۆت دەرەمنى ئېلىپ ئايال بىلەن قازىنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ . بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ كىشى خالايىقنىڭ ئالدىغا يىغلاپ قايتىپ كەپتۇ . خالايىقلار بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سوراپتۇ .

ئۇ كىشى :

— مەن ئۇ مەزلۇم بىلەن قازىنىڭ ئالدىغا بارغاندىم ، شۇئان ئۇ مەزلۇم قازىغا ئاللاتوۋا قىلىپ : «بۇ مېنىڭ ئېرىم ئىدى . مېنى تاشلاپ بۇ شەھەردىن غايىب بولۇپ كەتكىنىگە ئون يىل بولدى . ئۇنىڭدىن ئون يىللىق مېھىر ۋە نەپىقەمنى ئېلىپ بەرسىڭىز» دېدى . مەن ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . قازى : بۇ مەزلۇمنىڭ ئون يىللىق مېھىر ۋە نەپىقىسى بەدىلىگە ئون تىللا تۆلەپ بەرگۈچە زىنداندا ياتسۇن ، — دەپ ئەمىر قىلدى . شۇنىڭ بىلەن مەن تىللا ئۈچۈن زىنداندا يېتىپ ، ئۇ مەزلۇمغا ئون تىللا بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم . ئۇ مەزلۇمغا ئون تىللانىمۇ بەردىم . مەزلۇمدىن ئالغان تۆت دەرەمنى قازىنىڭ دورغىسى ۋە زىندان بېگىگە بېرىپ ئاخىر بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇپ چىقتىم ، — دەپتۇ .

# ئوغرىلارنىڭ ھىيلىسى ھەققىدە ھېكايەتلەر

بىر ئوغرى بىراۋنىڭ ئالتۇن ھەميىنىنى قەستلەپ ، كەينىگە كىرىپتۇ . ئۇ ئادەم ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ . ئوغرىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن خۇپىيانە ئۆيىگە كىرىپتۇ . ئۇ ئادەم ھەميىنىنى ئۆيىنىڭ بىر

بۇلۇڭغا قويۇپتۇ ۋە خىزمەتكارنى چاقىرىپ :

— مەن تەرەت ئالىمەن ، ئۆگزىگە سۇ ئېلىپ چىق ، — دەپ ، ئۆگزىگە چىقىپ ، تەرەتكە ئولتۇرۇپتۇ . ئوغرى خىزمەتكارنىڭ ئۆگزىگە سۇ ئېلىپ چىققان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە ، ھەميانىنى ئېلىپ كېتىپتۇ .

ئوغرى بۇ ۋەقەنى ئۆز شېرىكلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ . شېرىكلىرى :

— ئالتۇننى سەن ئېلىپ ئۇ خىزمەتكارنى بالاغا قويۇپسەن . مۇشۇ تاپتا ھەميانىنىڭ ئىگىسى خىزمەتكارنى تازا ئۇرۇۋاتقاندۇر ، بەلكىم ، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ .

ئوغرى :

— مەن بېرىپ ھېلىقى خىزمەتكارنى بىر قۇتقۇزۇپ قويۇپ كېلەي ، جۇمۇ ، — دەپتۇ ـ دە ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن قارىسا ، دېگەندەك ھەميان ئىگىسى خىزمەتكارنى «ھەميانىنى تاپ» دەپ تازا ئۇرۇۋاتقانىكەن .

ئوغرى ئىشىكنى قېقىپتۇ . ئۇ ئادەم چىقىپ :

— كىم سەن ؟ — دەپتۇ .

ئوغرى :

— مەن سىزنىڭ دۇكىنىڭىزنىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ غۇلامى بولىمەن . سىزگە سالام ! — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ . ئاندىن :

— سىز ئالتۇن ھەميىنىڭىزنى شۇ يەردە قويۇپ كېتىپسىز ، بىز ئېلىپ قويمىغان بولساق يىتىپ كېتەر ئىكەن . خوجايىنىم ھەميانىنى سىزگە ئاپىرىپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى . مەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىم ، — دەپتۇ .

— ھەميان قېنى ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىگىسى . ئوغرى «مانا» دەپ ھەميانىنى يېنىدىن چىقىرىپتۇ ۋە :

— سىز ھەميانىنى ئالغىنىڭىز ھەققىدە بىر پارچە خەت پۈتۈپ بېرىڭ . ئاندىن ئامانىتىڭىزنى سىزگە قايتۇراي ، — دەپتۇ . ھېلىقى ئادەم خۇشاللىقىدا خەت پۈتۈش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ . ئوغرى كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ ـ دە ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　　　　　　　　　*

بىر كۈنى بىر ئوغرى بىراۋنىڭ ئېشىكىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىپتۇ . ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قاپتۇ ، ئوغرى دەرھال ئېشەكنىڭ نوختىسىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بوينىغا ساپتۇ ـ دە ، يولدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى چاقىرىپ :
— سەن دەرھال بۇ ئېشەكنى ئېلىپ كەتكىن . مەن ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى بۇ يەردە گاللۇاڭ قىلىپ تۇراي ، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئېشەكنى ماڭا قايتۇرۇپ بەر ، ساڭىمۇ پايدا بېرىمەن ، — دەپتۇ . ئۇ ئادەم ئېشەكنى ئېلىپ كېتىپتۇ ، بىردەمدىن كېيىن ئېشەكنىڭ ئىگىسى يېتىپ كەپتۇ . قارىسا ئۆز ئېشىكىنىڭ نوختىسى ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ بوينىدا تۇرغان .
— سەن نېمە ئادەمسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرىدىن ئۇ كىشى .
— مەن سىزنىڭ ئېشىكىڭىزمەن . مەن ئەسلى بىر ئادەم ئىدىم . ئانامنى قاقشىتىپ ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن ، ئاللاتائالا ئانامنىڭ قارغىش دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ ، مېنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويغان . ئانام مېنى ئېلىپ چىقىپ ساڭا ساتقانىدى . كېيىن ، ئانام مېنىڭ ھالىمغا چىدىماي ئىچى ئاغرىپ ، ماڭا رەھمى كەلدى ۋە مەندىن رازى بولۇپ دۇئا قىلغانىدى . مەن يەنە ئادەم سىياقىغا ياندىم . ئەمدى نوختاڭنى ئال ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ .
ئېشەكنىڭ ئىگىسى نوختىنى تۇتقان ھالدا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ .

*　　　　　　　　　　*

بىر ئوغرى بىرمۇنچە ماللارنى كۆتۈرۈپ يولدا كېتىپ باراتتى . ئۇ ئۇچرىغانلا ئۆيگە كىرەتتى . ئەگەر ، ئۆيدە ئادەم بولمىسا

ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭاتتى . ئەگەر ، ئۆيدە ئادەم بولۇپ قالسا : «ماڭا ياردەم قىلىپ ئىشىك ئالدىدىكى پادىشاھنىڭ ماللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسەڭلار» دەيتتى .

«ئاجايىپۇل ـ مەخلۇقات ۋە غەرايىبۇل ـ
مەۋجۇدات» ناملىق كىتابتىن .
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت

## پەمسىز ئوۋچى

بىر قانائەتسىز ئوۋچى ئورمانزارلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، بىر تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ . ئۇ تۈلكىنى تۇتۇپ تېرىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋېتىشنى ئويلاپتۇ ، ئاخىر ئۇ تۈلكىنىڭ ئوۋۇسىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇنىڭ ئوۋۇسىغا يېقىن جايدىن بىر چوڭقۇر ئورا كولاپ ، ئۈستىنى بىلىنمەس قىلىپ شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازراق گۆش تاشلاپ قويۇپتۇ .

تۈلكە ئوۋۇسىدىن چىقىپ ، گۆشنى كۆرۈپ ، ئورىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە ، ئويلىنىپ قاپتۇ : «بۇ گۆش نەپسىمنى ئۆزىگە شۇنچە تارتىسمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن بىر بالا ـ قازانىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ . دانىشمەنلەر خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمايدۇ ، ئاقىللار پىتنە ـ پاساتقا سەۋەب بولىدىغان ئىشقا يېقىن كەلمەيدۇ . بۇ يەرگە بىكاردىنلا گۆش قويۇلۇپ قالمىغاندۇ ، ھەر ھالدا بۇ گۆشتىن ۋاز كېچەي» ، دەپ ئويلاپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، تۈلكە گۆشنى ئالماي ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ .

بىر ئاچ يولۋاس گۆشنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ ، ئىزدىگىنىچە بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ . ئۇ گۆشنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چاڭ سېلىشى بىلەن تەڭلا گۆش بىلەن بىرگە ئورىغا يۇمىلاپ چۈشۈپتۇ . ئوۋچى ئورىغا بىر نەرسىنىڭ چۈشكەنلىكىنى سېزىپ ، يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەپتۇ . ئۇ ئورىغا تۈلكە چۈشتى ، دەپ ئويلاپ ، ئورىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەكرەپ چۇشۇشكە، يولۋاس ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. ئوۋچى ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقى كاساپىتىدىن جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. تۈلكە قانائەتچانلىقى بىلەن بالادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

## ئاقىلانە ھۆكۈم

ئەرەب خەلىپىلىرىدىن بىرى بىر كىشىنى شەھەر ھاكىملىقىغا ئۆستۈرۈپتۇ. خەلىپىنىڭ كاتىپى پەرماننى يېزىۋاتقانىكەن، بىر كىچىك بالا بۇ يەرگە كىرىپ، خەلىپىنىڭ تىزىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. خەلىپە بالىنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ، باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، قۇچىقىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ھاكىملىققا تەيىنلىنىۋاتقان كىشىمۇ شۇ يەردە بار ئىكەن. ئۇ خەلىپىنىڭ بۇ بالىنى بۇنچىلىك ئەركىلىتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— بۇ ئوغلىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

خەلىپە ئۇنىڭغا:

— ياق، بىر كەمبەغەل ئادەمنىڭ بالىسى، ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇ بالىنى بېقىۋالدىم. يېتىملىكىنى بىلىنمىسۇن دەپ، بۇنى ئۆز بالامدەك ئەتىۋارلاپ بېقىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بولغۇسى ھاكىم خەلىپىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاق، شەپقەتلىك ۋە مەرد كىشى ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ:

— مېنىڭ ئون بالام بار، باشقىلارنىڭ بالىلىرىغا ئەمەس، ھەتتا ئۆز بالىلىرىمغىمۇ چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسەتمەيمەن. بالىلىرىم ئالدىمدا تىترەپ تۇرىدۇ. سىلىنىڭ يېتىم بالىغا بۇنچىلىك كۆيۈنۈۋاتقانلىقلىرىغا ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.

خەلىپە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، يېزىلىۋاتقان يارلىق قەغىزىنى كاتىپنىڭ قولىدىن ئېلىپ يىرتىپ تاشلاپتۇ ۋە ئەتراپتا تۇرغانلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئادەمنى ھاكىملىققا تەيىنلەشتىن ۋاز كەچتىم . ئۆز باللىرىغا ئۈنچىلىك تاش يۈرەكلىك قىلغان كىشىدىن خەلققە قانداق ياخشىلىق يەتسۇن ؟ !

## پايدىسىز ھۈنەر

ئاجايىپ ھۈنەرلەرنى كۆرسىتىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ چىققان بىر كىشىنى جامائەت ھارۇن رەشىتنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ . ھارۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېلىقى كىشى ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ . ئۇ يىپىندىن بىر قۇتا يىڭنە ئېلىپ ، بىر دانە جۇۋالدۇرۇزنى بىر يەرگە تىك قىلىپ سانجىپ قويۇپتۇ . ئۆزى ئۇنىڭدىن خېلىلا نېرىغا بېرىپ ، قولىدىكى يىڭنىلەرنى جۇۋالدۇرۇزنىڭ كۆزىدىن بىردىن ئېتىپ ئۆتكۈزۈپتۇ ، ئاندىن ئۇ ھارۇنغا تەزىم قىپتۇ .

ھارۇن ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرىگە يۈز تىللا بېرىپ ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يۈز قامچا ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ . باشقىلار بۇنداق غەلىتە بۇيرۇقنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ . ھارۇن رەشىت بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارغا مۇنداق چۈشەندۈرۈپتۇ :

— بۇ ئادەم ئىنتايىن چوڭ ئىستېدات ۋە قابىلىيەتكە ئىگە . لېكىن ، ئۇنى پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىپتۇ . شۇڭا ، ھۈنىرىنى تەقدىرلەپ يۈز تىللا بېرىشنى ، ئىستېداتىنى پايدىسىز ئىشلارغا ئىشلەتكىنى ئۈچۈن يۈز قامچا ئۇرۇشنى بۇيرۇدۇم . ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئىستېداتىنى كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئەمەس ، خەلققە ، يۇرتىنىڭ مەنپەئىتىگە ئىشلەتسۇن .

## ئىككى خىل مۇئامىلە

پازىللاردىن بىرى مۇنداق ھېكايە قىپتۇ :

بىر كۈنى ئاتلىق سەپەرگە چىقتىم . بىر سەھرادا كېتىۋېتىپ ، يولۇمدىن ئادىشىپ قالدىم . بۇ چاغدا كەچمۇ كىرىپ قالدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

مەندىن خېلى يىراق يەردە بىر ئۆي كۆرۈندى . كەچ بولسىمۇ شۇ يەرگە يېتىپ باردىم ۋە ئىشىكنى قاقتىم . ئۆيدىن بىر ئايال كىشى چىقىپ ، سالام بەردى ، ئاندىن «كىم بولىسىز ؟» دەپ سورىدى . مەن بىر يولۇچى ئىكەنلىكىمنى ۋە يولدىن ئادىشىپ قالغانلىقىمنى ، رۇخسەت بولسا مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونسام ، دېگەن ئۈمىدىمنى ئېيتتىم .

ئايال ئوچۇق چىراي بىلەن :

— ياخشى كەپسىز ، ئەزىز مېھمان ! ئېرىم بىر يەرگە كېتىۋىدى ، ھازىر كېلىپ قالار ، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭ ، — دەپ تەكلىپ قىلدى . ئېتىمنى ئېغىلغا باغلاپ ، ئۆيگە كىردىم . ئۇ ئايال ئاۋۋال ئۇسسۇزلۇق ، ئاندىن تاماق ئەكەلدى . تاماق يەپ بولۇپ ، ئارام ئېلىپ ئولتۇرسام ، ئېرى قايتىپ كەلدى . ئۇ مېنى كۆرۈپ ئايالىدىن كىملىكىمنى سۈرۈشتۈردى . ئايالى مېنىڭ بىر يولۇچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋىدى ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ : نېمىشقا ئۆيگە كىرگۈزدۈڭ ؟ ماڭا مېھمانىنىڭ كېرىكى يوق ، دەپ ۋارقىرىدى .

مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم ، ئېتىمنى مىندىم ـ دە ، قورۇدىن چىقىپ كەتتىم . ئەتىسى كەچتە يەنە بىر يەرگە كېلىپ ، ناتونۇش بىرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم . ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ ، كىملىكىمنى سۈرۈشتۈردى . مەن ئۆزۈمنىڭ بىر يولۇچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىۋىدىم ، ئۇ ئايال خاپا بولغان ھالدا :

— بىزگە بۇنداق كەچ بازاردا قالغان يولۇچىنىڭ كېرىكى يوق ، — دەپ ئىشىكنى يېپىشىغا ، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى كېلىپ قالدى . ئۇ خوتۇنىدىن مېنىڭ كىملىكىمنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ، دەرھال ماڭا قارىتا ئىللىق مۇئامىلە ، ئوچۇق چىراي بىلەن :

— ئەزىز مېھمان ، ياخشى كەپسىز ! — دېدى ۋە تەكەللۇپ بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى . مەن ئۇنىڭ سەممىي مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ قورۇغا كىردىم . ئېتىمنى ئېغىلغا باغلاپ ، مېھمانخانىسىغا

كىرىپ ئولتۇردۇم . ئۇ كىشى مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋاللاشتى . ياخشى تاماقلار بىلەن مېھمان قىلدى . مەن تۇنۇگۇن كەچ چۇشكەن ئۆي بىلەن بۇ ئۆيدىكى مۇئامىلىنى ئويلاپ كۇلدۇم . ئۆي ئىگىسى كۇلۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى : مەن ئۇنىڭغا تۇنۇگۇنكى ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم . ئۇ كىشى ماڭا :

— ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنمەڭ ، سىز چۇشكەن ئۇ ئۆيدىكى ئايال مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ . ئۇنىڭ ئېرى مېنىڭ ئايالىمنىڭ ئاكىسى ، — دېدى .

# ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مەردىنىڭ ئىشى

قەدىمكى ئەرەب پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان نۇئمان ئىبنى مۇنزىرىنىڭ ئىككى ئادىتى بار ئىكەن . ئۇ يىلدا بىر كۇننى «غەزەپ كۇنى» دەپ ئاتاپ ، شۇ كۇنى ئەتىگەندە كوچىغا چىقىپ ، بىرىنچى بولۇپ يولۇققان ئادەمنى ئۆلتۇرىدىكەن . يەنە بىر كۇننى «مەرھەمەت كۇنى» دەپ ئاتاپ ، شۇ كۇنى كوچىغا چىققاندا بىرىنچى بولۇپ يولۇققان ئادەمگە نۇرغۇن ئېھسان بېرىدىكەن .

تائىي لەقەملىك بىر كەمبەغەل كىشى پادىشاھقا «غەزەپ كۇنى» يولۇقۇپ قاپتۇ . نۇئمان ئۇ بىچارىنى ئۆلتۇرمەكچى بوپتۇ . تائىي ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ :

— مېنىڭ ئايالىم ۋە بىرنەچچە باللىرىم بار . جان بېقىشتا ناھايىتى قىينالدىم . ئائىلەمدىكىلەر ئاچ ـ يالىڭاچ ھالدا ياشايدۇ . تىلەمچىلىك بىلەن ئائىلەمنى ئاران بېقىپ كېلىۋاتىمەن . بۇگۇن «غەزەپ كۇنى»دە سىزگە ئۇچراپ قالدىم . مېنى ئۆلتۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن . ھازىر بىلەن كەچقۇرۇن ئۆلتۇرۇش سىز ئۇچۇن بەرىبىر ئوخشاش . مەن شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدا تۇرىمەن . ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز ، تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان نانلىرىمنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرسەم ، ئائىلەم ۋە ئەل ـ ئاغىنىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ ، كۇنپېتىشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلسەم ، ۋەدەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىلاپلىق قىلمايمەن ، بۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىزنى سورايمەن ، — دەپتۇ .

زالىم نۇئمان ئۇنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالماي ، كېپىللىك قىلىدىغان كىشى تاپمىسا قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . تائىينىڭ قەبىلىسىدىن ۋە نۇئماننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان شۇرەيك ئىبنى ئادىي ئىسىملىك بىر ئادەممۇ شۇ يەردە بار ئىكەن . تائىي ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلىپ :

— ئەي شۇرەيك ئىبنى ئادىي ، مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن ، پەقەت ئاچ - يالىڭاچ قالغان خوتۇن - بالىلىرىمغىلا ئېچىنىمەن . ماڭا كېپىل بول ، كۈن پاتقۇچە قايتىپ كېلىمەن ، — دەپتۇ .

شۇرەيك ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا كېپىللىك قىپتۇ .

كۈنپېتىشقا ئاز قالغان بولسىمۇ ، تائىينىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەچكە نۇئمان ئۆز قارارى بويىچە شۇرەيكنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاللات چاقىرىپتۇ . دەل شۇ پەيتتە يىراقتىن بىر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپتۇ . شۇرەيك نۇئمانغا :

— ئۇلۇغ پادىشاھىم ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەم تائىي بولسا كېرەك ، ئۇ كىشى يېتىپ كەلگۈچە سەۋر قىلسىڭىز ، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ . يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان كىشى دېگەندەكلا تائىي ئىكەن . ئۇ تەرلەپ - پىشىپ ، ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كېلىپ ، نۇئمانغا :

— ۋەدەمگە ۋاپا قىلدىم ، ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەي ، شۇرەيكنى ئازابقا قويارمەنمۇ دەپ بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدىم . خۇداغا شۈكرى ، ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىم ، ئالىيجاناب شۇرەيكتىن كۆپ مىننەتدارمەن ، ئەمدى ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ، ئۆلۈمگە تەييارمەن ، — دەپتۇ .

نۇئمان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە شۇرەيك بىلەن تائىيغا مۇنداق دەپتۇ :

— سىلەردەك ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم ، ھەي تائىي ، سەن

دۇنيادا ئادەملەرگە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئۇلگىسىنى تىكلەپ بەردىڭ. شۇرەيك سەن ئۇزۇڭنىڭ كەرەم - شەپقىتىڭ بىلەن ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردۇڭ، مەن سىلەردىن كېيىنكى ئۇچىنچى ئادەم قاتارىدا تۇرالمىسامۇ، ئالىيجانابلىقىڭلارغا قايىل بولۇپ، «غەزەپ كۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدىم.

نۇئمان ئاخىرىدا تائىي بىلەن شۇرەيككە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپ، ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپتۇ.

## جاھىل تېۋىپ

بىر شەھەردە تېۋىپلىقتا داڭق چىقارغان بىر ئالىم كىشى بار ئىكەن، ئۇ قېرىپ كۆزى ناچارلاشقاندىن كېيىن كېسەل كۆرۇشتىن توختاپتۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بىر بىلىمسىز ئادەم تېۋىپلىق دەۋاسى قىپتۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق ئىكەن. ئۇ ھەتتا دورىلارنىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرەلمەيدىكەن. كۆز ئاغرىقى بىلەن يۇرەك ئاغرىقىنىڭ پەرقىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنى ماختاپ، تېبابەتچىلىكتە مەندىن ئۇستىسى يوق دەپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزىگە ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇنۇپتۇ.

شەھەر ھاكىمىنىڭ بىر چىرايلىق قىزى بولۇپ، ئۇنى ھاكىمنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا چوڭ توي قىلىپ نىكاھلاپ بەرگەنىكەن، قىز ھامىلىدار بولۇپ، كۆزى يورۇش ئالدىدا قانداقتۇر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ.

ھاكىم قىزىنى ھېلىقى ئۇستا، ئالىم تېۋىپقا كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپ قىزغا «مېھران» دېگەن دورىدىن بىر مىسقال ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەڭ دەرىجىدە «مۇشك» دېگەن دورىنى قوشۇپ، دالچىن بىلەن بىرگە ئىچىپ بەرسە تېزلا شىپالىق تاپىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ھاكىم تېۋىپتىن بۇ دورىنى نەدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سورىغاندا، تېۋىپ ئۇنىڭغا:

— خەزىنىڭىزدە ئالتۇن قۇلۇپ بىلەن قۇلۇپلانغان بىر قۇتا ئىچىدە شۇ دورىنى كۆرگەنىدىم، — دەپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە، ھېلىقى جاھىل تېۋىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، «ئۇ دورىنى خەزىنىدىن ئۆزۈم تېپىپ چىقاي» دەپ ھاكىمدىن رۇخسەت ئاپتۇ. يالغانچى تېۋىپ خەزىنىگە كىرىپ تەۋەككۇلگە بىر قۇتىنى ئاچقىپتۇ ۋە بۇ دورىنى قىزغا ئىچۈرۈپتۇ. قىز ھايالشمايلا جان ئۈزۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاچىققىنى ئۆتكۈر زەھەر ئىكەن.

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھاكىم دورىنىڭ قالغىنىنى شۇ جاھىل تېۋىپنىڭ ئۆزىگە ئىچۈرۈپتۇ. جاھىل تېۋىپمۇ شۇ يەردە تىن تارتماي جان ئۈزۈپتۇ.

# ھاكىمنىڭ ھىيلىسى

بىر تاغ ئارىسىغا ئورۇنلىشىۋالغان بۇلاڭچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەن سودىگەر، كارۋانلارنى بۇلاپ ئۇلارغا ئارام بەرمەيدىكەن. شەھەر ھاكىمى بۇ بۇلاڭچىلارنى ھىيلە بىلەن يوقىتىشنى نىيەت قىپتۇ. ھاكىم بىرنەچچە ئىدىشقا ئۆتكۈر زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان ھەر خىل شىرنە، شەربەت، مۇراببالارنى قاچىلاپ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ، بىر خىزمەتكارىغا: «بۇ ئايالىمنىڭ بىر دوستىغا ئەۋەتىدىغان سوۋغىتى. سەن بۇ ئېشەكلەرنى ھەيدەپ شۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بەر» دەپ ئۇنى كارۋانلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ. كارۋانلار بۇلاڭچىلار تۇرغان تاغقا كىرىشى بىلەنلا بۇلاڭچىلار كارۋانلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايىغا ھەيدەپ ئەكەپتۇ. يۈكلەرنى چۇشۇرۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلاشتۇرۇپتۇ. بۇلاپ كېلىنگەن ماللار قاتارىدا ھاكىمنىڭ ھەر خىل شىرنىلىكلەر ئارتىلغان ئېشىكىمۇ بار ئىكەن. بۇلاڭچىلار بۇ ئېشەكلەرگە ئارتىلغان شىرنىلىكلەرنى كۆرۈپ،

خۇشال بولۇشقان هالدا ئۇنى تالىشىپ يېيىشىپتۇ ۋە ئۇنى يېگەنلەر يەرگە دۇم چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ .

## ياۋۇزلۇق جازالىندۇ

رەققە دېگەن شەهەردە ئۆزىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى ، گۈزەل خۇلقى بىلەن خەلقىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بىر دەرۋىش بار ئىكەن . ئۇ هەرقانداق كىشىدە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئالامەتلىرى بارلىقىنى بايقىسىلا شۇ كىشى بىلەن يېقىنلىشىپ ، هەمسۆهبەتتە بولىدىكەن . خەلق ئۇنى «دانا دىل» دەپ ئاتايدىكەن .

بىر كۈنى دانا دىل يىراق بىر يەرگە يالغۇز سەپەرگە چىقىپتۇ . ئۇ بىر سەھرادا كېتىۋاتقىنىدا بىر توپ ئوغرىلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، يېنىدا بار دۇنيانى چىقىرىشنى ئېيتىپتۇ . دانا دىل ئوغرىلارغا :

— مېنىڭدە هېچقانداق بايلىق ، دۇنيا يوق ، پەقەت يولغا كېرەكلىك ئازراقلا پۇل بىلەن ئوزۇقلۇقۇم بار . شۇنىمۇ ئالىمىز دېسەڭلار ئېلىڭلار ، بۇنى سىلەردىن ئايىمايمەن ، — دەپتۇ .

ئوغرىلار دانا دىلنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماي ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشۇپتۇ . دانا دىل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ، قورققىنىدىن تۈرۈپلا قاپتۇ . دەل شۇ پەيتتە ، بۇلارنىڭ ئۈستىدىن بىر توپ تۇرنىلار ئۇچۇپ ئۆتۈپ قاپتۇ . دانا دىل تۇرنىلارغا قاراپ :

— هەي تۇرنىلار ، بۇ باياۋاندا زالىملارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم ، مېنىڭ ئەهۋالىمنى هېچكىم بىلمەيدۇ ، سىلەر بۇلاردىن ئىنتىقامىمنى ئېلىڭلار ، — دەپ نالە قىپتۇ .

ئوغرىلار دانا دىلنى زاخلىق قىلىشىپ ، ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ . ئۇ ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . ئوغرىلار :

— سېنىڭ دىلىڭ هېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ، ئەقىلسىز دىل ئىكەن ، ئەقىلسىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ، — دەپتۇ . دانا دىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلارغا :
— يامانلىق قىلغۇچى ئاخىر بىر كۈنى شۇ يامانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ . لېكىن ، ھەق سۆزنى ئاڭلاشقا قۇلىقى گاس ، توغرىلىقنى كۆرۈشكە كۆزى كور ، ھەقنى سۆزلەشكە تىلى گاچا بولغانلار بۇ سۆزلەرنى بىلمەيدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ ، — دەپتۇ .
ئوغرىلار دانا دىلنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ . بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى شەھەر ئاھالىسى ئاڭلاپ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئېچىنىپتۇ . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ . خەلق بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن بىر سەيلىگاھقا يىغىلىپتۇ . ئوغرىلارمۇ شۇ يەرگە كېلىپ خەلق ئىچىگە ئارىلىشىۋالغانىكەن . دەل شۇ پەيتتە ، ئاسماندا بىر توپ تۇرنىلار پەيدا بولۇپ قاپتۇ . ئۇلار ئوغرىلار ئولتۇرغان يەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ، غوۋغا كۆتۈرۈشۈپتۇ . ئادەملەر تۇرنىلارنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بوپتۇ . ئوغرىلاردىن بىرى يېنىدا ئولتۇرغان شېرىكىگە : «بۇ تۇرنىلار دانا دىلنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىۋاتامدۇ نېمە ؟» دەپ چاقچاق قىپتۇ ، بۇ سۆزنى خەلق ئىچىدىن بىرەيلەن ئاڭلاپ قاپتۇ . بۇ سۆز بىردەمدىلا كۆپچىلىك ئىچىگە تارقاپ ، ئاخىر شەھەر ھاكىمىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ . ھاكىم دەرھال ئادەم چىقىرىپ ھېلىقى ئوغرىلارنى تۇتۇپتۇ . ئوغرىلار سوراق جەريانىدا ئۆز قىلمىشلىرىغا ئىقرار بوپتۇ . ھاكىم ئۇلارنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ .

## بەتخەج مىراسخور

ئاتا ـ ئانا ۋە تاغىلىرىدىن قالغان نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا مىراسخورلۇق قىلغان بىر تەلۋە يىگىت بەتخەجلىك يولىغا كىرىپ كېتىپ ، قىلمىغان بۇزۇقچىلىقى قالماپتۇ . بۇنى كۆرگەن بىر تەقۋادار ئادەم بۇ يىگىتكە نەسىھەت قىلىپ :
— ھەي بالام ، قولۇڭغا كىرگەن بايلىق ئاقىقان سۇغا ،

ئەيىش ـ ئىشىرەت بولسا چۆگىلەۋاتىقان تۇگىمەنگە ئوخشايدۇ . سەن هاۋايى ـ هەۋەس يولىدىن قايىت ، ئەقىل ـ پاراسەت ، ئەدەپ ـ ئەخلاق يولىنى تاپ . ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ قولۇڭدىكى دۇنيا تۇگىگەندىن كېيىن ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن ، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلغىنىڭ بىكار ، — دەپتۇ .

يىگىت ئۇ ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ، يەنىلا ئەيش ـ ئىشرەت يولىغا كىرىپ ، مال ـ دۇنياسىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ يۇرۇۋېرىپتۇ . هېلىقى تەقۋادار كىشىمۇ ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتىن توختاپتۇ .

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، بۇ يىگىتنىڭ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۇرگەنلىكىنى كۆرگەن هېلىقى تەقۋادار كىشى ئۇنىڭغا ئىچىتىپ گەپ قىلىشنى راۋا كۆرمەي ، ئۆز ـ ئۆزىگە : «نادان ئادەم ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە مەغرۇرلۇقى تۇپەيلىدىن ئاخىردا موهتاجلىق هالىغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلىمايدۇ . بۇ خۇددى يازلىقى دەل ـ دەرەخلەر گۈل ـ چېچەكلەرگە پۇركىنىپ كېتىپ ، قىشتا ئۇنىڭ بىر تال ياپرىقىمۇ قالمىغىنىغا ئوخشاش» دەپتۇ .

## هەسەتخورلۇقنىڭ قۇربانى

بۇرۇن باغدات شەهرىدە ئىنتايىن خەسىس ۋە هەسەتخور بىر باينىڭ ئەخلاقلىق ، تەربىيە كۆرگەن ۋە خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى بار ، تۇرمۇشىمۇ ياخشى بىر قوشنىسى بار ئىكەن . هەسەتخور باي ئۇ كىشىنىڭ بۇ هالىدىن ئىنتايىن بىئارام بولۇپ ، هەسەتخورلۇق قىلىدىكەن ، ئۇ قانچىلىك هەسەت قىلسىمۇ ، مەقسىتىگە زادىلا يېتەلمەيدىكەن . ئۇ ئاخىر بىر قۇل سېتىۋېلىپ ، ئۇنى بىر مەزگىل ئوبدان بېقىپ ، تەربىيىلەپتۇ . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قۇلغا :

— مېنىڭ سېنى سېتىۋېلىپ بېقىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبى ،

مۇشۇ قوشنامنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى ، خەلق ئىچىدە كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىدۇر . بۇ هال مېنى تولىمۇ بىئارام قىلىدۇ . شۇڭا ، سەن بۈگۈن كېچىسى مەن بىلەن ئۇنىڭ قورۇسىغا كىرىسەن ، مېنى شۇ قورۇدا ئۆلتۈرىسەن ، ئەتە ئەتىگەندە جەسىتىمنى ئاشۇنىڭ قورۇسىدىن تاپىدۇ ، شۇ چاغدا قوشنامنى شەهەر هاكىمى قامايدۇ . خەلق ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ . مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالغان بولىمەن . سەن مۇشۇ ئىشلىرىمنى مەن دېگەندەك ئورۇندىساڭ ، ساڭا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىمەن ۋە قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن ، — دەپتۇ .

قۇل خوجايىنىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ هەيران بوپتۇ :

— خوجايىن ، بۇنداقمۇ چارە بولامدۇ؟ ئۆزىڭىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، قوشنىڭىزنىڭ ئابرۇيىنىڭ چۈشۈشى ياكى چۈشمەسلىكىدىن سىزگە نېمە پايدا؟ ئەقىللىق ئادەم بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى قىلمايدۇ ، — دەپ نەسىهەت قىلسىمۇ ئۇنىماي ، قۇلنىڭ قولىغا قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغانلىقى هەققىدە يېزىلغان گۇۋاهنامە بىلەن بىرمۇنچە ئالتۇننى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ . قۇل ئاخىرى خوجايىنىنىڭ تەلىپى بويىچە كېچىسى قوشنىسىنىڭ قورۇسىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزى باشقا شەهەرگە كېتىپتۇ .

ئەتىسى بۇ هادىسە بىلەن خەلق ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپتۇ . شەهەر هاكىمى هەسەتخورنىڭ قوشنىسىنى قاماققا ئاپتۇ ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشكە كىرىشىپتۇ .

بىر كۈنى بۇ هادىسىنى ئاڭلىغان بىرەيلەن سودا ئىشى بىلەن هېلىقى قۇل كەتكەن شەهەرگە كېلىپ قاپتۇ . ئۇ كىشى هېلىقى قۇل بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا يان قوشنىسىنىڭ قورۇسىدا خوجايىنىنى بىرىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . قۇل ئۇ كىشىگە :

— ئۇ تەقۋادار قوشنىنىڭ بۇ ئىش بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق . هەسەتخور ، خەسىس خوجايىنىنى مەن

ئۆلتۇرگەن . مەن بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۆز رازىلىقى ھەم مەجبۇرلىشى بىلەن قىلغان ، — دەپ ۋەقەنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ .

ھېلىقى كىشى ئوتتۇرىدا بولۇنغان بۇ سۆزگە بىرنەچچە كىشىنى گۇۋاھ قىپتۇ ۋە ئۆز شەھىرىگە كېلىپلا شەھەر ھاكىمىغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىپتۇ . شەھەر ھاكىمى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاخىر مەسىلىنى ئېنىقلاپتۇ . ئۆلگۈچىنىڭ تەقۋادار قوشنىسى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىپتۇ . ئۆلگۈچى باي ئۆز ھەسەتخورلۇقىنىڭ جازاسىنى تارتىپتۇ .

## ئاچ كۆزلۈك — ياۋۇزلۇق

ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۇزاق سەپەرگە چىقىپتۇ . ئۇلار بىر باياۋاندىكى يولدا كېتىۋېتىپ ئىچىگە لىق تىللا قاچىلانغان بىر كومزەك تېپىۋاپتۇ . تۇيۇقسىزلا قولغا چۈشكەن بۇ بايلىق ئۇلارنى بەكمۇ خۇشال قىپتۇ ، تىللانى تەڭ ئۈچكە بۆلۈپ ، ھەر كىم ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئېلىشماقچى بولۇشۇپتۇ .

بۇنى بۆلۈشتىن بۇرۇن ، ئۇلار تاماق يەپ ئارام ئالماقچى بوپتۇ . كىچىك ئىنىسى شۇ ئەتراپقا يېقىن يېزىغا بېرىپ يېمەكلىك تېپىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ . ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئىككى ئاكىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ . چوڭى ئوتتۇرانچىسىغا :

— ئۇ ئىنىمىزنى نېمىشقا بۇ بايلىققا شېرىك قىلىمىز ، ئۇنى يوقىتىۋېتىپ ، ئالتۇننى ئىككىمىزلا بۆلۈشۇۋالساق بولمامدۇ ؟ — دەپتۇ .

ئىككىسى ئىنىسى كېلىشى بىلەنلا ئۇجۇقتۇرۇش قارارىغا كەپتۇ .

بۇ ئارىلىقتا كىچىك ئىنىسىنىڭمۇ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ . ئۇ ئىككى ئاكىسىنى ئۇجۇقتۇرۇپ ، بايلىققا يالغۇز ئۆزىلا ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولماقچى بوپتۇ . ئۇ شۇ نىيەت بىلەن ئالغان يېمەكلىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە زەھەر ئارىلاشتۇرۇپتۇ .

ئۇ ئاكىلىرىنىڭ يېنىغا يېمەكلىكنى ئەكېلىشى بىلەنلا ئۇنى ئىككى ئاكىسى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ . ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ خاتىرجەم بولغان ئىككى ئاكىسى ئىنىسى ئەكەلگەن ھېلىقى تاماقنى تويغۇچە يېيىشىپتۇ . بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئاچ كۆزلۈك ، مال ـ دۇنياغىلا بولغان ھېرىسمەنلىك ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ .

## غەزەپ يالقۇنى

بىر شەھەردە زالىم ، سوغۇق نەپەس بىر سودىگەر بار ئىكەن ، ئۇ كەمبەغەل بىچارىلەرگە جەبىر ـ زۇلۇم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ بازارغا ئەكىرگەن ئوتۇنلىرىنى ئىنتايىن ئەرزان باھا بىلەن زورلاپ سېتىۋالىدىكەن . ئەمما ، ئۇنى باشقىلارغا تولىمۇ يۇقىرى باھادا ساتىدىكەن . كەمبەغەللەر بۇ ئوتۇن سودىگىرىنىڭ دەستىدىن تولىمۇ ئازاب چېكىدىكەن .

بىر كۈنى ھېلىقى سودىگەر كەمبەغەل بىر دەرۋىشنىڭ ساتقىلى ئەكىرگەن ئوتۇننى ئىنتايىن تۆۋەن باھا بىلەن زورلاپ سېتىۋاپتۇ . دەرۋىش بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ تۇرغان بىر ئالىم بايغا :

— سەن كەمبەغەل بىچارىلەرگە زورلۇق قىلما ، ئۇلارنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى رەنجىتمە ، يېتىملارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى قانغا ئايلاندۇرما . بۇ ئىشلىرىڭنى تاشلا ! — دەپ نەسىھەت قىپتۇ . ئەمما ، باي بۇ سۆزلەرگە پىسەنت قىلماپتۇ .

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا سودىگەرنىڭ ئوتۇنخانىسىغا ئوت كېتىپ ، ھېچ نەرسىنى قويماي كۆلگە ئايلاندۇرۇپتۇ . سودىگەر ئۆز ئەتراپىتىكىلەرگە :

— بۇ ئوتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دەپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئالىم كېلىپ قاپتۇ:

— بۇنىڭغا ھەيران بولما، سېنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقۇڭدىن زار قاقشىغان كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ يۈرىكىدىن چىققان ھەسرەت ئوتى سېنىڭ مال - مۈلكۈڭنى ئۆرتەپ كۈلگە ئايلاندۇردى، — دەپتۇ.

## بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس

بىر ئادەم ئۆز ئۆيىدە ئايالى بىلەن قورۇلغان توخۇ گۆشىنى يەپ ئولتۇرسا، ئىشىك ئالدىغا بىر تىلەمچى كېلىپ سەدىقە سوراپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، قوپاللىق بىلەن تىلەمچىنى قوغلىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەمنىڭ ئامىتى كېتىپ، قولىدا ھېچ نەرسىسى قالماي، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىرىدا خوتۇنىنىمۇ باقالماي قويۇۋېتىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە تېگىپتۇ. بىر كۈنى بۇ ئەر - خوتۇن ئۆز ئۆيىدە قورۇلغان توخۇ گۆشى يەپ ئولتۇرسا، بىر تىلەمچى كېلىپ سەدىقە تىلەپتۇ. ئەر بىر ناننىڭ ئۈستىگە توشتۇرۇپ توخۇ گۆشى ئېلىپ خوتۇنىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە ئۇنى تىلەمچىگە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئايال ئۇنى ئاچىقىپ تىلەمچىگە بېرىپتۇ - دە، يىغلىغىنىچە قايتىپ كىرىپتۇ. ئېرى خوتۇنىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئايال بۇ كەلگەن تىلەمچىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئېرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئېرى ئايالىغا:

— بۇرۇن شۇ ئېرىڭ بىلەن ئىككىڭلار تاماق يەپ ئولتۇرغان چېغىڭلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ بارغان كىشى مەن ئىدىم. ئۇ ئېرىڭنىڭ بېخىللىقىدىن زامان ئۇنىڭغا شۇنداق مۇكاپات بەردى، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# نېمە تېرىساڭ شۇ ئۈندۇ

بىر يىگىت ، قېرىپ كۆزلىرى غۇۋالاشقان ، بىر نەرسە تۇتسا قوللىرى تىترەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان دادىسىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالالمايدىكەن .

بىر كۈنى بوۋاي تاماق ئۇسۇپ بەرگەن تاۋاقنى تۇتالماي سۇندۇرۇۋېتىپتۇ . بۇنىڭغا كېلىنىنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كېلىپ ، بىرمۇنچە تاپا ـ تەنە ، سېسىق گەپلەرنى قىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئوغلى بوۋاينى ھويلىنىڭ چېتىدىكى زەي ، قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە بازاردىن ئالايتەن بوۋاي ئۈچۈن ياغاچ ئاياق (چۆچەك) سېتىپ ئەكېلىپ ، ئاياقتا تاماق بېرىدىغان بوپتۇ . ئوغلى بىلەن كېلىنىدىن بۇ خىل خورلۇقنى كۆرگەن بوۋاينىڭ دىلى بەكمۇ رەنجىپتۇ . بوۋاينىڭ بەش ـ ئالتە ياشلىق بىر نەۋرىسى بار ئىكەن . بوۋاي بۇ نەۋرىسىنىڭ يېنىدىن بىر دەم نېرى كەتمىگەنلىكى بىلەنلا ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ ئۆتىدىكەن .

بالا بوۋىسىدىن ئۆزىنىڭ بالىلىق تىلى بىلەن ھەر خىل سوئاللارنى سوراپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ، قايغۇ ـ ھەسرىتىنى يېنىكلىتىدىكەن .

بىر كۈنى دادىسى ئوغلىنىڭ پىچاق بىلەن بىر ياغاچنى يونۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ . ئۇ :

— بالام ، نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ . بالا دادىسىغا ئىسىلىپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ :

— دادا ، سىز بوۋامغا تاماق بېرىشكە بىر ياغاچ ئاياق ئەكەلدىڭىزغۇ ، ئاپام بوۋامغا ئاشۇ تاۋاقتا تاماق بېرىۋاتىدىغۇ ، مەنمۇ مۇشۇ ياغاچتىن چۆچەك ياساۋاتىمەن . مەن چوڭ بولغاندا ئاپام بىلەن ساڭا مۇشۇ ياسىغان ئاياقتا تاماق بېرىمەن ، — دەپتۇ .

بالىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ . ئۇ يىغلىغىنىچە دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . بوۋاينىڭ ئايىغىغا

يىقىلىپ ، ئەپۇ سوراپتۇ ۋە بوۋاينى ھەم يورۇق ھەم ئىسسىق بىر ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەكىرىپتۇ . تاماقنى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ يەيدىغان بوپتۇ . ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۈتۈپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولغان بوۋاي :

— بالىلىرىم ، ئەمدى كۆڭلۈم غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلدى ، مەن سىلەردىن رازىمەن . مانا مۇشۇ نەۋرەم — كىچىك قوزىچىقىم سىلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى ، — دەپتۇ .

## تىلىدىن ئىلىندى

بىر كۈنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالدىغا بىر كىشى كېلىپ ، ئۆز دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن شىكايەت قىپتۇ :

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بۇخارانى زىيارەت قىلىش نىيىتىدە سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىۋىدىم ، يېنىمدا مىڭ تەڭگە پۇلۇم بار ئىدى . ئون بەش چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن ، بەكمۇ ھېرىپ كەتتىم ، قورسىقىممۇ ئاچتى . بىر چوڭ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ دەم ئالدىم . ئېلىۋالغان يېمەكلىكىم بىلەن قورساق توقلاپ ئولتۇرسام دوستلىرىمدىن بىرى كېلىپ قالدى . مەن ئۇنى غىزالىنىشقا چاقىردىم ، ئۇ كەلدى . بىرلىكتە غىزالاندۇق . كېيىن دوستۇم قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ، مەن يېنىمدىكى مىڭ تەڭگە پۇلنى مېنىڭ ئۆيۈمدىكىلەرگە بېرىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم . ئۇ ماقۇل بولۇپ پۇلنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە يۈرۈپ كەتتى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەنمۇ بۇخارادىن قايتىپ كەلدىم . ھېلىقى دوستۇمنىڭ ئامانىتىمنى ئۆيۈمدىكىلەرگە بەرمىگەنلىكى مەلۇم بولدى . مەن ئۇ دوستۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ھېلىقى ئامانەتنى سورۇۋىتۇردۇم . ئەمما ، ئۇ مېنىڭدىن ھېچقانداق ئامانەت ئالمىغانلىقىنى ، ھەتتا مېنى يولدا كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ھەممىدىن تېنىۋالدى . مانا مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئۆزلىرىگە ئەرز

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ كەلدىم . بۇنى ئىنقىلاپ ، مىڭ تەڭگە پۇلۇمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ بېرىشلىرىنى سورايمەن .

مىرزا ئۇلۇغبەگ دەۋاگەرنىڭ ھېلىقى دوستىنى چاقىرتىپ كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ . ئۇ كىشى بۇنداق ئىشتىن زادىلا خەۋىرى يوقلۇقىنى ، ھەتتا ئۇنى كۆرمىگەنلىكىنى ، ئۇ دېگەن دەرەخنىڭ قايسى يول ، قايسى ئۆستەڭ بويىدا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ پۇل ئامانەت بەرگۈچىگە :

— سەن ھازىر بېرىپ ، شۇ دەرەخنىڭ بىرنەچچە دانە ياپرىقىنى ئەكەل ، — دەپتۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۇنىڭ دوستىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ . بىر ھازا ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىپ ، ئۇنى قىزىق گەپكە جەلپ قىپتۇ . گەپ تازا قىزىغاندا مىرزا ئۇلۇغبەگ گەپنى بۆلۈپلا ئۇنىڭدىن :

— ئۇ ئۆزى ئېيتقان ھېلىقى دەرىخىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ تېخىچە كەلمىگىنىگە قارىغاندا ئۇ يەر خېلىلا يىراقتا بولسا كېرەك ، — دېيىشىگە ، دەۋاگەرنىڭ دوستى :

— تېخى يېتىپ بارالمىدى . ئۇ يەر خېلىلا يىراقتا ، — دەپ سۆزىدىن ئىلىنىپ قاپتۇ .

مىرزا ئۇلۇغبەگ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا :

— سەن تېخى ھېلىلا «ئۇ دەرەخنى زادىلا كۆرمىگەن ، ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن ، دېيىدىڭغۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۇ يەرگە تېخى يېتىپ بارالمىغانلىقىنى ، دەرەخنىڭ خېلى يىراق جايدا ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ سەن بىمەنە سۆزۈڭنى قويۇپ ، ئۇنىڭ ئامانەت پۇلىنى دەرھال ئەكەل ، بولمىسا قاتتىق جازالىنىسەن ، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ .

خىيانەتچى ئۆزىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئىقرار قىلىپ ، ئامانەت پۇلنى ئەكەپتۇ . مىرزا ئۇلۇغبەگ پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ .

# تەدبىرلىك ئوغرى

ھەلەپ شەھىرىدىكى بىر توپ ئوغرىلار بىر ئاخشىمى كارۋان سارايىنىڭ يېنىدىكى ھامامنىڭ ئاستىدىن لەخمە كولاپ، ئۇنى سارايىنىڭ قورۇسىدىكى قۇدۇق ئىچىگە تۇتاشتۇرۇپتۇ. تۈن يېرىملاشقان، ئەتراپ جىمجىت، ساراي ئەھلى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن چاغنى غەنىيمەت بىلگەن ئوغرىلار جىددىي تۇتۇش قىلىپ، بىرنەچچىسى قۇدۇق ئۇستىگە چىقىپتۇ. ئۇلار سارايدىكى سودىگەرلەرنىڭ قىممەت باھالىق ماللىرىنى تالىۋېلىپ، قۇدۇق ئاستىدىكى شېرىكلىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قۇدۇققا چۈشۈپ، ئالغان ماللىرىنى لەخمە ئارقىلىق ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئاچىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ساراي ئەھلى پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. شەھەرگە ھەر خىل خەۋەرلەر تارقىلىپتۇ. شەھەر ھاكىمى ئۆز خىزمەتچىلىرى بىلەن كېلىپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ، نەتىجە چىقىرالماپتۇ. چۈنكى، ساراي دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىكلىك بويىچە تۇرغانىكەن.

ھاكىم تەكشۈرۈپ ئېنىق ئىسپات تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر ئەيىبنى ساراي قاراۋۇلىغا قويۇپتۇ. قاراۋۇل ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىسى ساراي ئالدىدىلا قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى قانچە دېسىمۇ ھاكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ.

ساراي ئالدىغا كۆپ ئادەملەر يىغىلىشقا باشلاپتۇ. ئوغرىلارنىڭ باشلىقىمۇ خەلق ئىچىدە بار ئىكەن. ئۇ بىگۇناھ قاراۋۇلنىڭ بالا - چاقىسى بىلەن شۇنچە ئازاب چېكىۋاتقانلىقىغا چىدىماي: «ئوغرىلىقنى شېرىكلىرىم بىلەن مەن قىلسام، گۇناھسىز بىچارىلەر ئازابقا قالسا، بۇ قانداق ئىنساب بولىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنىڭغا يول قويۇش ۋىجدانسىزلىق ، نامەردلىك بولمامدۇ ؟» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇچۇرۇپ چىقىپ ، شەھەر ھاكىمىغا :

— بۇ گۇناھسىز بىچارىلەرنى ئازابلىماڭلار ، مالنى ئوغرىلىغان مانا مەن ، — دەپتۇ .

ھاكىم ئالدىدا تۇرغان بۇ بەستلىك يىگىتنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە دەرھاللا قاراۋۇلنى قويۇۋېتىپ ، ئوغرىغا :

— ئىنسابلىق ، مەرد يىگىت ئىكەنسەن ، بۇ بىچارىلەرنى تۆھمەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ ، قېنى ، راستىنى ئېيت ، ئوغرىلىغانماللارنى نەگە قويدۇڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ئوغرىلارنىڭ باشلىقى :

— ساراي تاقالماستىن بۇرۇن سارايغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدىم . ھەممەيلەن ئۇيقۇغا كەتكەندە ، ئالغان ماللىرىمنى ساراي قورۇسىدىكى كونا قۇدۇققا سېلىپ قويدۇم . ئۇنى ئېيىپنى تاپقاندا ئەكەتمەكچىدىم . ھازىر مېنىڭ بىلىمدىن ئارقان بىلەن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈرۈڭ ، ھەممە مالنى ئاچىقىپ بېرەي . قۇدۇقتىن چىققاندىن كېيىن ماڭا قانداق جازا بەرسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ، — دەپتۇ .

ھاكىم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بېلىدىن ئارقان بىلەن مەھكەم باغلاپتۇ . ئىككى ياساۋۇل ئارقاننىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ ، قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ ۋە قۇدۇق بېشىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . ئوغرى قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈش بىلەنلا بېلىدىكى ئارقاننى يېشىۋېتىپ ، لەخمە ئارقىلىق بەدەر قېچىپتۇ . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ، يا مال ، يا ھېلىقى ئوغرىدىن دېرەك بولماپتۇ .

ھاكىم بۇ سىرنى يېشىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى قۇدۇققا چۈشۈرۈپتۇ . ئۇ ئادەم بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ چىقىپ ، قۇدۇق ئاستىدا ھاماممىنىڭ كۆل تۆكىدىغان جايىغا تۇتاشقان لەخمە كولانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . ئەتراپتا تۇرغانلار ھەيران بولۇپ بارماقلىرىنى چىشلىشىپتۇ .

يوقسۇزچىلىق سەۋەبىدىن ئوغرىلىق يولىغا كىرگەن ئۇ يىگىتنىڭ باي سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى ئوغرىلاپ ، كەمبەغەللەرگە رەھىم - شەپقەت قىلغانلىقىنى ئۇققان بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپتۇ .

1977 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئاز - ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى .
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ھاكىم مۇسا

# ھېكايەتلەر

زىنجا ۋىلايىتىدە زەردۇشت ىبنى سەپىد بومان ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى . ئۇ شاھ مەنۇ چىھرىنىڭ نەسلىدىن بولۇپ ، ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى ، بىر قىسىم ئىلىملەرنى ئىلياس پەيغەمبەردىن ئۆگەنگەنىدى . ئاندىن كېيىن ئانۇس ھېكىمگە شاگىرت بولۇپ بەزى ئىلىملەرنى ۋە تىلسىمات بىلىملىرىنى ئۆگەنگەنىدى .
يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ، پىساغرۇس ھېكىم ئالىملارنىڭ ئۇلۇغى ئىدى . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەپلانۇس ھېكىم ھىندى ۋىلايىتىگە باردى . كۆپ شاگىرتلار ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگەندى . ئەپلانۇس ھېكىم بابىل ۋىلايىتىگىمۇ بارغانىدى ، زەردۇشت ئۇنىڭدىنمۇ ئىلىم ئۆگەنگەنىدى . زەردۇشت شۇنىڭدىن كېيىن ئەردەبىل ۋىلايىتىگە كېلىپ سەيلان تېغىغا چىقتى . ئۇ يەردە بىر غارنى ئۆزىگە ماكان قىلىپ ، نەچچە يىللار يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپ كىتاب يازدى ، يازغان كىتابلىرى دىنىي ئادەتلەرگە خىلاپ ئىدى . ئۇ كىتابقا «زىند دەستا» دەپ ئات قويدى . بۇ چاغدا گۇشتتاسپ پادىشاھ ئىدى . زەردۇشت بىر كۈنى تاغدىن چۈشۈپ گۇشتتاسپنىڭ بارگاھىغا كەلدى . كىشىلەر ئۇنىڭ بارگاھ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇ ئۇستىۋېشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدى ـ ئارقىسىدىن چاك قويۇلغان ئاق كىيىمنى كىيىپ ، بويىنىغا زۇننار سالغانىدى ھەم كىگىزگە ئورالغان بىر پارچە كىتابنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغانىدى .

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ : كۆن چۈش بولغان مەزگىل ئىدى ، گۇشتاسپ ئۆز بارگاھىدا تەخت ئۈستىدە ياتاتتى . زەردۇشت بارگاھنىڭ ئۆگزىسىدىن چۈشتى ـ دە ، گۇشتاسپنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ :

— مەن پەيغەمبەرمەن ، بۇ كىتاب ماڭا ئاسماندىن نازىل بولدى ، — دېدى ئۇ كىتابنى گۇشتاسپنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، ئۇنى ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلدى . گۇشتاسپ بارلىق ئۆلىمالارنى يىغدى ۋە زەردۇشتتىن مۆجىزە تەلەپ قىلدى . زەردۇشت مىسنى ئوتقا سېلىپ قىزدۇرۇپ دورا قوشۇپ ئالتۇنغا ئايلاندۇردى . ئاندىن مىسنى ئېرىتىپ كۆكرىكىگە تۆكتى ، لېكىن ئەسلا تەسىر قىلمىدى . گۇشتاسپ بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئاتەشپەرەسلىك دىنى خەلق ئارىسىدا ئاشكارا بولدى . ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ دىن يەنىلا باتىل دىن قاتارىدا ساقلاندى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىندىكىلەرنى ئەھلى كىتابلار قاتارىغا قوشۇپ ، ئۇلاردىن جىزىيە (مۇسۇلمان بولمىغانلاردىن ئېلىنىدىغان باج ) ئالدى .

* *

بىر كۈنى كىشىلەر ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن :

— ئۇلارنىڭ دىنىي كىتابى يوق ، ئۇلار ھېچبىر پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمىگەن تۇرسا ئۇلاردىن نېمىشقا جىزىيە ئېلىنىدۇ ؟ — دەپ سورىدى . مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرەتى ئەلى :

— مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىمەن ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە ئىلمى بار ئىدى ، دەرس ئوقۇيتتى ، ئوقۇيدىغان كىتابىمۇ بار ئىدى ؛ ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ ۋاقتىدا پادىشاھلاردىن بىرى

گۇناھى كىپىرگە بېرىلدى ، ئۆلىمالار ئۇنى توسىمىدى ، بەلكى قوللىدى ؛ شۇڭا ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئىلىم كۆتۈرۈلدى . بۇ سەۋەبتىن ، ئۇلارنىڭ ئەھلى كىتابلار بىلەن ئوخشاشلىقى باردۇر ، — دەپ جاۋاب بەردى .

* *

يەنە بىر تارىختا مۇنداق دېيىلىدۇ : زەردۇشت ئىلمى نۇجۇمدا ناھايىتى كامىل ئۇستىلاردىن ئىدى ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغانىدى ، ئەمما تەڭرى تائالا ئۇنى گۇمراھ قىلدى . زەردۇشت ئۆزىنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ كىشىلەرگە :

— مەن ئاسمانغا چىقىپ كېتىمەن ، — دەپ خەلق ئارىسىدىن يولغا چىقتى . ئۇ كۆڭلىدە : «مەن ئۆلگەندىن كېيىن چىلبۆرىلەر مېنى يەپ ، تېنىمدىن ئەسەر قالمىسۇن ، خەلق مېنى ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ دەپ ئويلىسۇن» دەپ باياۋانغا كەلدى . ئۇ باياۋاندا ئۆلدى . ئۇنىڭ ناپاك تېنىنى يىرتقۇچلار ۋە بۆرىلەر يېدى ، لېكىن بەزى ئەزالىرى قېلىپ قالدى . كىشىلەر بۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ تەننى كۆرۈپ تونۇدى . ئاقىۋەت ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن رەسۋا بولدى .

* *

تارىختا يەنە بىر كىشى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى ، ئۇ مانى نەققاش ئىدى . ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان كىشى كۆپ ئىدى . ئۇ بابىل شەھىرىدە تۇغۇلغانىدى . مانى نەققاشلىق ئىلمىدە تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى . ئۇ ئەگەر يىگىرمە قىرى رەختكە كۆز چېنى بىلەن چەمبەر سىزسا ، گەرچە ئۇنى پەركار بىلەن ئۆلچەپ چىققاندىمۇ ھەرگىز پەرق چىقمايتتى . ئۇ قانۇن ھېكمىگە شاگىرت ئىدى ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىلان ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

خرىستىئان ۋە ئاتەشپەرەسلىك كىتابلىرىنى ياخشى بىلەتتى . مانى شاپۇر بىننى ئەردەشىر ۋاقتىدا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلدى . ئۇ : «خۇدايىتائالا ھەربىر دەۋرىدە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى ، مەسىلەن ، گۇشتتاسىپ ۋاقتىدا زەردۇشتنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ، يەنە بىر ۋاقىتقا كەلگەندە ، ئەرەبلەر ئارىسىدىن ھەزرەتى ئەيسانى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ، بۈگۈنكى دەۋردە مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى . سىلەرگە شەرىئەت ئۆگىتىمەن . شۇنى بىلىڭلاركى ، ئۇ نۇر ۋە زۇلمەت قەدىمدۇر . ھەر قانداق ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش ھارامدۇر . دەرۋىشلەرگە ۋە ھايۋانلارغا ئازار بېرىش ھارامدۇر . كەمبەغەللىك دۆلەتمەنلىكتىن ياخشىدۇر . يەنى شۇنى بىلىڭلاركى ، بايلىق توپلاش ھارامدۇر ، يەنى بىر كۈنلۈك تائامدىن زىيادە نەرسە يىغىش ، بىردىن زىيادە خوتۇن ئېلىش ھارامدۇر . مال ـ مۈلۈكتىن ئۆشرە ئايرىش ۋاجىپتۇر . ئۆمۈرنىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىدا روزا تۇتۇش ۋاجىپتۇر . شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى ، ئەيسا مېنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىمدىن خەۋەر بەرگەنىدى . مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرىمەن ، ئەيسانىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرىمەن ، شەرھلەيمەن .

شاپۇر ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، «ئەگەر بۇ ۋىلايەتكە قايتىپ كېلىدىغان بولساڭ ئۆلتۈرىمەن» دەپ ئۇنى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقاردى . مانى ئاخىر ھىندىستان ۋە كەشمىر ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ ، ئۆزىنىڭ دەۋەت ئىشلىرىنى داۋام قىلدۇردى . تۈركىستان خەلقى ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى . ئۇ ھىندى ۋىلايىتىدە بۇتلارنى ياساپ ، ئۆزىنىڭ تەسۋىرىي سەنئىتى بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇردى . چىن ۋىلايىتىنىڭ يوللىرىدا تاغلار كۆپ ئىدى ، مانى شۇ تاغلاردا يۈرەتتى . ئەسلا بىر يەردە توختىمايتتى .

ئەلقىسسە ، مانى شۇ تاغلاردىن بىر غارنى ئۆزىگە ماكان قىلىپ ، بىر يىللىق ئوزۇق ـ تۈلۈك توپلىدى . بۇنىڭدىن ھېچ كىشىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى . مانى شۇنىڭدىن كېيىن خەلققە :

— مەن ئاسمانغا چىقىمەن ، خۇدايىتائالا مېنى چاقىرتتى ، بىر يىل ئاسماندا تۇرىمەن . سىلەر پالانى كۈنى پالانى غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلىڭلار ، بىر ئات ئالغاچ كېلىڭلار ، مەن شۇ چاغدا ئاسماندىن چۈشۈپ سىلەرگە شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئۆگىتىمەن ، — دېدى .

مانى شۇنىڭدىن كېيىن خەلقتىن پىنهان هالدا غار ئىچىگە كىرىپ ، ئوزۇق - تۈلۈكىنى يەپ بىر يىل تۇردى . بۇ جەرياندا قەغەزدىن زور بىر قۇتىنى ياساپ چىقتى . ئۇ قۇتا شۇ قەدەر ئاق ، پاك ئىدىكى گويا تۇخۇمنىڭ پەردىسىگە ئوخشايتتى . مانى ئۇ قۇتىغا ئاجايىپ - غارايىپ رەسىملەرنى سىزىپ چىقتى . بۇ ئىشلار بىر يىل ئىچىدە تامام بولدى . بىر يىلدىن كېيىن جامائەت غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا جەم بولدى . مانى ۋەدە قىلغان كۈنى قۇتىنى قولىغا ئېلىپ غاردىن چىقتى .

— مەن سىلەرگە ئاسماندىكى خۇدانىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزىمەن ، — دېدى ئۇ خالايىققا قاراپ ، — قولۇمدىكى بۇ نەرسە خۇدانىڭ ماڭا ئاسماندىن ئەۋەتكەن كىتابىدۇر .

خەلق ئۇنى كۆرۈپ هەيران - هەس قالدى هەم مانىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى . بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى «ئەژرەڭگى مانى» دەپ ئاتاشتى . ئۇ قۇتا چىن پادىشاھلىرىنىڭ خەزىنىسىدە هازىرمۇ بار . مانى ئۇ ۋىلايەتلەرنى ئۆزىگە رام قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ۋەتىنىنى ئارزۇ قىلىپ ئەجەم ۋىلايىتىگە كەلدى . ئۇ كۆڭلىدە تۈركىستان ۋىلايىتىدە ئارمانلىرىم هاسىل بولغاندەك ئەجەم ۋىلايىتىدىمۇ مەقسىتىمگە يېتىمەن دەپ ئويلىغانىدى . ئۇ كەتكەن ۋاقىتتا ئەردەشىر پادىشاھ ئىدى ، بۇ ئارىلىقتا ئەردەشىر ۋاپات بولۇپ هورمۇز پادىشاھ بولدى . ئۇمۇ ۋاپات بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا بەهرام پادىشاھ بولدى . بۇ چاغدا مانى ئەجەم ۋىلايىتىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ دىنىي پائالىيىتىنى باشلىدى . بەهرام ئۇنى چاقىرتىپ :

— سېنىڭ مىللىتىڭ نېمە ؟ ئېتىقادىڭچۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئادەمزاتنىڭ روهى ئۇنىڭ تېنى ئىچىدە مەهبۇستۇر ، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى مانى ئۆز دىنىنى تەشۋىق قىلىپ، — قاچانكى كىشىنىڭ نەپسى توختاپ، جان قۇشى بەدەن قەپىسىدىن چىقىپ پەرۋاز قىلغاندا، بۇ ئەزىز قۇش زىنداندىن خالاس بولغان بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، — دېدى بەھرام، — مۇردا تىرىكلەرگە قارىغاندا ياخشى ئىكەن ـ دە!

— شۇنداق، — دېدى مانى، — ئۆلۈم ئادەمنى ئەبەدىي ھاياتقا يەتكۈزىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھايات بولسا ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسانىيەتچىلىك، شەھۋەتپەرەسلىك بىلەن باغلانغاندۇر.

— ساڭا ئۆلۈم تىرىكلىكتىن ياخشى ئىكەن، ئەمدى بىز سېنىڭ سۆزۈڭگە ئەمەل قىلىپ روھىڭنى بەدىنىڭ قەپىسىدىن خالاس قىلىپ قويايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بۇ ۋىلايەتكە قەدەم باسماسلىق توغرىسىدا بۇۋامغا ۋەدە بەرگەن ئىكەنسەن.

شۇنداق قىلىپ، بەھرام مانىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئىچىگە سامان تىققۇزدى ۋە دەرۋازىغا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئېسىپ قويدى. نىشاپوردا بۇ دەرۋازا «مانى دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

* *

تارىختا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان يەنە بىر كىشى مەزدەك ھېكىم ئىدى. ئۇ ئىلمىي نۇجۇمدىن «بىر پەيغەمبەر پەيدا بولۇپ ئاتەشپەرەسلىك، نىسارا ۋە يەھۇدىيلارنىڭ دىنىنى باتىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ مۆجىزاتلىرى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ» دېگەن مەلۇماتنى بىلدى. مەزدەك ئۆز ـ ئۆزى بىلەن پىكىرلىشىپ: «مەن خەلققە ئۆز دەۋىتىمنى قانداق باشلىسام بولار» دېگەنلەرنى ئويلىدى، ئاخىر شەھەرگە كىرىپ، پادىشاھ قۇبادنىڭ خىزمىتىگە باردى. پادىشاھ بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە يېقىنلاشتى. ئاتەشپەرەسلەر ئىبادەتخانىسىغا يېقىن بىر جايدىن ئۆي ئېلىپ ئورۇنلاشتى. نەچچە ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇ پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆمرالار بىلەن ۋە بارلىق دۆلەت كاتتىلىرى بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتتى. ئۇ ئۆز تەرىقىتىدە شۇ

قەدەر كۆپ مۇشەققەتلەرنى تارتتىكى، خەلق ئۇنىڭغا مۇرىت ـ مۇخلىس بولۇپ كەتتى. مەزدەك بازاردىن بىرنەچچە چاكارنى سىتىۋىلىپ كىلىپ، ئۆز ئۆيىدىن ئىبادەتخانىغا قارىتىپ لەخمە كولاتقۇزدى. لەخمىنىڭ ئۇچىنى ئىبادەتخانىغىچە يەتكۈزدى ۋە ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە قارىتىپ، بىر تۆشۈك ئىچىپ قويدى. ئۇ لەخمىنىڭ ئىچىدە ئادەم ئاتلىق يۇرۇشكە بولاتتى. ئۇ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا بىرىپ سۆزلىسمۇ، ئوتنىڭ خەتىرى يەتمەيتتى. ئىبادەتخانىغا كەلگەن كىشىلەرگە گويا ئوت سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

مەزدەك شۇنىڭدىن كىيىنلا پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى باشلىدى:

— مەن پەيغەمبەر بولۇپ كەلدىم، — دىدى ئۇ جامائەتكە خىتاب قىلىپ، — زەردۇشتنىڭ دىنىنى يىڭىلىماقچىمەن.

بۇ سۆز پادىشاھ قۇبادنىڭ قۇلىقىغا بىرىپ يەتتى. قۇباد پۇتكۇل ئالىم ۋە ئەمىرلەرنى يىغدى. مەزدەك سۆزىنى ئۇلارغىمۇ ئىيتتى. ئالىملار مەزدەكتىن مۆجىزە تەلەپ قىلدى ۋە:

— بۇنىڭغا گۇۋاھ، ئىسپات كىرەك، — دىيىشتى.

— مىنىڭ گۇۋاھىم ئوتدۇر، — دىدى مەزدەك ئۇلارغا، — مەن سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلارنى راۋان قىلغۇچى بۇيۈك خۇدا بولغان ئوتتىن مىنىڭ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بىرىشنى تەلەپ قىلىمەن. پادىشاھ ۋە پۇتكۇل خالايىق ئاڭلاپ باقسۇن. قۇباد بۇ ھەقتە ئالىملاردىن مەسلىھەت سورىدى. ئالىملار:

— مەزدەكنىڭ سۆزى دۇرۇستەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزنى ئۆز دىنىمىزغا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ زەردۇشتنىڭ دىنىنى باتىل دەۋاتقىنى يوق. كىشىلەر زەردۇشتنىڭ كىتابىنى بىر مەنىدە چۈشەنگەن بولسا، مەزدەك، زەردۇشت كىتابىنىڭ ھەربىر سۆزىدە ئون مەنە بار، دەۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئوتنى ئۆزىگە گۇۋاھ قىلىۋاتىدۇ. ئوتنى سۆزلىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر، مەزدەكنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئوت گۇۋاھلىق بىرىدىغان بولسا، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هالدا ئۇ بەرھەق پەيغەمبەر دېگەن گەپ ، بىز شۇ هامان ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك .

شۇنداق قىلىپ ، مەزدەك بىر كۈنى مۆھلەت ئېلىپ بېكىتتى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بىرىنى لەخمىگە كىرگۈزۈپ تەخ قىلىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا بىرمۇنچە سۆزلەرنى ئۆگەتتى .

ئەلقىسسە ، مۆھلەت توشقان كۈنى پادىشاھ قۇباد پۈتكۈل ئالىملار ۋە دۆلەت كاتتىلىرى بىلەن ئىبادەتخانا ئەتراپىغا توپلاندى . مەزدەك يۇقىرى ئاۋازدا پەرياد قىلىپ :

— ئىلاھا ! ئەگەر مەن بەرھەق پەيغەمبەر بولىدىغان بولسام ، ئوت مېنىڭ راستلىقىمغا گۇۋاھلىق بەرسۇن ، — دېدى .

بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوت ئىچىدىن : «ئەي ئىران مەملىكىتىنىڭ خۇداگۇيلىرى ، ئەگەر مەزدەكنى بەرھەق پەيغەمبەر بىلىپ ئېتىقاد قىلساڭلار ، بۇنىڭ پايدىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، سىلەر ھەر ئىككى ئالەمدە سائادەتمەن بولىسىلەر» دېگەن ئاۋاز كەلدى . بۇ سۆزنى پادىشاھ قۇباد باشلىق تامامى خالايىق ئاڭلىدى . قۇباد شۇنىڭدىن كېيىن مەزدەككە مۇخلىس بولدى ، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى . بىر ئالتۇن كۇرسىنى كەلتۈردى ، ئۆزى تەختتە ئولتۇرۇپ ، مەزدەكنى شۇ كۇرسىدا ئولتۇرغۇزدى . مەزدەكنىڭ مەزھىپىنى نۇرغۇن كىشىلەر قوبۇل قىلدى . مەزدەك ھۆكۈم قىلىپ شۇنداق دېدىكى :

— كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكى ۋە خوتۇنلىرى بىر - بىرىگە راۋادۇر . چۈنكى ، مېنىڭ مەزھىپىمدە خۇسۇسىي مەنپەئەت يولىدىكى ئۇرۇنۇشلارنىڭ لازىمى يوق . ھەممە كىشى دۇنيانىڭ راھەت ۋە لەززىتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولغاي .

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ھەممە يەردىكى ئوغرى ، بۇلاڭچى ، باشباشتاقلارنىڭ جىمىسى يىغىلدى . مەزدەك شۇنىڭدىن كېيىن قۇبادقا :

— ئوغلۇڭ نۇشىرىۋانغا بېرىپ ئېيتقىن، ئۇ كېلىپ ماڭا بەيئەت قىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن خەلق سېنىڭ ھەقىقىي ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىڭنى بىلسۇن.

پادىشاھ قۇباد ماقۇل بولۇپ، نۇشىرىۋانغا كىشى ئەۋەتتى. نۇشىرىۋان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆلىمالارغا كايىدى: «مەزدەكنىڭ سۆزىنى مۇنازىرە قىلمايلا قوبۇل قىلىپسىلەر، ئاتامغا نەسىھەت قىلماپسىلەر، مانا ئەمدى خەلق ئارىسىدىن ئەخلاق ۋە غەيرەت يوقىلىپتۇ. ئاتامدا ئەقىلمۇ قالماپتۇ. ئۇنداق بولمىسا مەزدەكنىڭ مەزھىپىنى نېمە ئۈچۈن باتىل بىلمەيدۇ؟»

نۇشىرىۋان شۇ ۋاقىتتا، ئون سەككىز ياشتا ئىدى. ئۆلىمالار ئالىملار پادىشاھ قۇبادنىڭ ئالدىغا بېرىپ نەسىھەت قىلدى. قۇباد بۇ ئىشنى مەزدەككە ئېيتتى. مەزدەك يەنە:

— بۇنىڭغا ئوت جاۋاب بەرسۇن، — دېدى.

ئوت ئىچىدىن يەنە بۇرۇنقىدەك ئاۋاز كەلدى. ئۆلىمالار خىجالەتچىلىك تارتىپ قايتىشتى. پادىشاھ قۇبادنىڭ مەزدەككە بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ ئاشتى. بىر كۈنى مەزدەك قۇبادقا:

— ئەگەر نۇشىرىۋان ماڭا بەيئەت قىلغان بولسا، ھەممە خەلق ماڭا بەيئەت قىلاتتى. ھازىر، بەزى خەلق نۇشىرىۋانغا ئەگىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

قۇباد نۇشىرىۋاننى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سەن مەزدەكنىڭ مەزھىپىگە كىرگىن، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭدىن بىزارمەن، — دېدى نۇشىرىۋان.

قۇباد:

— سەن ئۇنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئوت ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ.

— بۇنىڭ ھەممىسى ھىيلە، — دېدى نۇشىرىۋان، — ئەگەر مۆجىزە بولسا، سىز ئېيتىپ بېقىڭ، سۇمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قۇباد ئېيتتىكى :

— ئوغلۇم ئۇنداق دېمە ، مەزدەكنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى زەردۇشتنىڭ كىتابىدىكى سۆزلەر ئەمەسمۇ ؟

— زەردۇشت كىتاب تەسنىپ قىلغىنىدا ، خوتۇنلارنى نامەھرەملەردىن ساقلاشنىڭمۇ خەلققە نىسبەتەن دىن ۋە دىيانەت بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنىدى . خەلق ئىچىدە ئەخلاق ۋە غەيرەت بولمىسا دىنىنىڭ نېمە لازىمى بولسۇن ؟ ! — دېدى نۇشىرۋان .

— ئەي ئوغلۇم ، — دېدى قۇباد ، — ئاتاڭغا نېمە ئۈچۈن خىلاپ يول تۇتىسەن ؟

نۇشىرۋان ئېيتتىكى :

— مەن ساڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتىم ، لېكىن سەنمۇ ئاتاڭغا خىلاپ يول تۇتۇۋاتىسەن ، شۇڭا مەنمۇ ساڭا خىلاپ يول تۇتتۇم .

بۇ سۆزدىن قۇباد غەزەپلىنىپ :

— ئەگەر مەزدەكنىڭ مەزھىپىگە كىرمىسەڭ ، يا بۇ دىنىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە ئىسپات تېپىپ قۇتۇلىسەن ، ئۇنداق بولمىغاندا ، تامامى خەلققە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا سىياسەتنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمەن ، — دېدى .

نۇشىرۋان قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدى ، ئاندىن قۇباد پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ ، بىر كىشىنى پارس ۋىلايىتىگە ئەۋەتتى . ئۇ يەردە بىر ئالىم بار ئىدى . شۇ زاماندا ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئالىم يوق ئىدى . نۇشىرۋان شۇ ئالىمنى چاقىرتىپ خەت ئەۋەتتى . ئاندىن ئۇ ئالىم كەلگۈچە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ساقلىدى . ئالىم قىرىق كۈندىن كېيىن يېتىپ كېلىپ نۇشىرۋان بىلەن كۆرۈشتى . نۇشىرۋان ھەممە ۋەقەنى بۇ ئالىمغا سۆزلەپ بەردى .

ئالىم ئېيتتىكى :

— ئەي شاھزادە ، مەزدەكنىڭ مەزھىپى پۈتۈنلەي باتىلدۇر . مەن ئۇنى ئەتە خەلق ئارىسىدا رەسۋا قىلىمەن . لېكىن ، مەزدەك

مېنىڭ كەلگەنلىكىمدىن خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن ، مەن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشسەم ياخشى بولاتتى .
نۇشىرۋان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئالىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى . پادىشاھ قۇباد ئالىمنى خىلۋەت ھۇجرىسىغا چاقىرتتى . ئالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ، دۇئا ۋە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، قۇبادقا تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن خەۋەر بەردى . ئاندىن كېيىن ئېيتتىكى :
— ئەي پادىشاھ ، مەزدەكنىڭ مەزھىپى باتىلدۇر . چۈنكى ، كىتابتا خەۋەر بېرىلىشىچە : «ئەرەبلەردىن بىر پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىپ جىمى دىنلارنى باتىل قىلىدۇ» دېيىلگەن . مەزدەك ئاشۇ پەيغەمبەر مەن دەپ دەۋا قىلىۋاتىدۇ ، بۇ ئەلۋەتتە خاتا . چۈنكى ، ئۇ ئەرەبلەردىن ئەمەس ئەجەمدىندۇر . يەنە بىر تەرەپتىن ، كىتابتا «ئۇ پەيغەمبەر ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىمۇ يوق قىلىدۇ» دېيىلگەن . لېكىن ، مەزدەك ئۇنداق قىلماستىن ، ئوتقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ . كىتابتا «ئۇ پەيغەمبەر باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ھارام دەپ بىلىدۇ» دېيىلگەن . ئەمما ، مەزدەك ھالال دەۋاتىدۇ . ئۇ پەيغەمبەر نامەھرەم خوتۇنلارغا قاراشنى ھارام دەپ بىلسە ، مەزدەك ئۇنى ھالال بىلىۋاتىدۇ . شۇڭا ، مەزدەكنى دۈشمەن بىلگىن ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمىغىن .
قۇباد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە شەك ـ شۈبھە پەيدا بولدى . ئەتىسى جىمى ئۆلىمالارنى يىغدى . ئالىمنىمۇ بۇ مەجلىسكە ھازىر قىلدى .
— ھەي مەزدەك ، — دېدى ئالىم مەجلىستە سۆز باشلاپ ، — ئۇلۇغ تەڭرىدىن قورقمىن ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە نەسلى ـ نەسەبىگە زىيان يەتكۈزمىگىن . مەن سەندىن بىر سوئال سورايمەن ، جاۋاب بەرگىن .
مەزدەك قوبۇل قىلدى ، ئالىم سورىدى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سەن مال ـ مۈلۈك خەلق ئارىسىدا ئورتاق ، كىم كىمنىڭ مېلىنى ئالسا ھالال بولۇۋېرىدۇ ، دەۋاتىسەن . ئۇنداقتا بىراۋلار مال ـ دۇنيا سەرپ قىلىپ كۆۋرۈك ، راباتلارنى سالغان بولسا ئۇنىڭ ساۋابى كىمگە بولىدۇ ؟ يەنە سەن خوتۇنلار ھەممە كىشىگە ئورتاق دەيسەن ، ئۇنداقتا بۇ خىل ئورتاقلىقتىن پەيدا بولغان پەرزەنت كىمنىڭ پەرزەنتى بولىدۇ ؟

مەزدەك ھەيران بولۇپ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمىدى . ئالىم يەنە سورىدى :

— ھەي مەزدەك ، سەن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىش ، نەسلى ـ نەسەبلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەنمىدىڭ ؟ شاھزادە نۇشىرۋان بولسا مۇنۇ تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھ قۇبادنىڭ ئوغلىدۇر . بۇنى ھەممە كىشى بىلىدۇ . شۇڭا ، پادىشاھلىق ئاتىسىدىن ئۇنىڭغا مىراس قالىدۇ . ئەگەر ، سېنىڭ ئېيتقىنىڭچە بولغاندا ، پادىشاھنىڭ ھەرەمخانىسىغا بىر توپ كىشىلەر يىغىلغان بولسا ، بۇنىڭدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن پەرزەنت كىمنىڭ پەرزەنتى بولىدۇ ؟ سەن ئەمدى نەسىللەرنى ۋەيران قىلىدىغان بۇ خىل دەۋىتىڭدىن يانغىن . يەنە سەن ، مال — مۈلۈك ھەممىگە ئورتاقتۇر ، دەۋاتىسەن . بۇ پۈتۈنلەي خاتا . چۈنكى ، خالايىق مال ـ مۈلۈك تۈپەيلىدىن ئىشلەيدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ ، بىر ـ بىرىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ . ئاجىزلار مال ـ مۈلۈك ئۈچۈن دۆلەتمەنلەرگە خىزمەت قىلىدۇ . سېنىڭ ئېيتقىنىڭ بويىچە بولغاندا ، ئاجىزلار دۆلەتمەنلەرنىڭ مېلىغا شېرىك بولسا دۆلەتمەن بىلەن ئاجىز ، پادىشاھ بىلەن پۇقرانىڭ نېمە پەرقى بولىدۇ ؛ سەن قىلىۋاتقان بۇ دەۋا مەملىكەتنىڭ خاراب بولۇشىغا سەۋەب بولغۇسىدۇر .

مەزدەك بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىزتىراپقا چۈشۈپ ھېچنېمە دېيەلمىدى . پادىشاھ ئۇنىڭغا :

— جاۋاب بەر ! — دېدى .

— جاۋاب شۇكى ، — دېدى مەزدەك ، — سەن هازىرلا بۇيرۇق بېرىپ بۇ ئالىمنى ئۆلتۈر .
پادىشاھ :
— مەن هېچ كىشىنى سەۋەبسىز ئۆلتۈرمەيمەن ، — دېدى .
مەزدەك :
— بۇنىڭ جاۋابىنى ئوت ئېيتسۇن ، — دەپ مەجلىستىن چىقىپ كەتتى . ئەتىسى ھەممەيلەن ئىبادەتخانىغا يىغىلدى . مەزدەك كۆڭلىدە : «تاكى قۇبادنى ئۆلتۈرمىگۈچە مېنىڭ ئىشىم راۋاج تاپمىغۇدەك ، ماڭا بەيئەت قىلغان كىشىلەر شۇنچە كۆپ تۇرسا ، ئۇنىڭ ماڭا قارىمۇقارشى هالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا نېمە هەددى بولسۇن » دېگەنلەرنى ئويلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ بىر كىشىگە گەپ ئۆگىتىپ ، لەخمە يولىدىن ئىبادەتخانىغا ئەۋەتتى . يەنە ئىككى كىشىنى نۇرغۇن ئالتۇن بېرىش ۋەدىسى بىلەن سېتىۋالدى . مەزدەك ئۇلارغا : «سىلەر كېيىمىڭلارغا قىلىچنى يوشۇرۇپ تەييار تۇرۇڭلار ، ئوت قاچانكى بۇيرۇق قىلغان هامان قۇبادنى ئۆلتۈرۈڭلار » دەپ تاپىلىدى .
نۇشىرۋان مەزدەكتىن گۇمانلىنىپ بىرنەچچە ئىشەنچلىك كىشىلىرى بىلەن يوشۇرۇن قوراللىنىپ ئىبادەتخانىغا باردى .
مەزدەك مۇناجات قىلغانىدى ، ئوتتىن ئاۋاز كەلدى : «ئەمدى مەن قېرىدىم ، قۇبادنى ئۆلتۈرۈپ ، يۈرەك ـ باغرىدا ماڭا كاۋاپ قىلىپ بېرىڭلار ، مەن ئۇنى يەپ قۇۋۋەتلىنىپ ، ئاندىن سۆزۈڭلارغا جاۋاب بېرەي » بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان هامان مەزدەك ئورۇنلاشتۇرغان ئىككى ئادەم تىغلىرىنى چىقىرىپ قۇبادقا قاراپ ئېتىلدى . دەل شۇ چاغدا ، نۇشىرۋاننىڭ مۇلازىملىرى مەزدەكنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى . ئىبادەتخانىدا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى . پادىشاھ قۇباد مەزدەكنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال ئوردىغا قايتىپ كەلدى ، ئالىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى .
— بۇ ئىشنى ئوغلۇڭ نۇشىرۋانغا تاپشۇرغىن ، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىم ، — بۇنىڭغا شۇ ئىلاج تاپالايدۇ . قۇباد ئەتىسى يەنە ئۆلىمالارنى يىغىپ ، پارستىن كەلگەن ئالىمدىن سورىدى :
— مەزدەك بىلەن بۇگۈن قانداق مۇئامىلە قىلماقچىسەن ؟
— مەزدەكنىڭ سۆزى ئەقىل مىزانىغا پۈتۈنلەي خىلاپتۇر ، — دېدى ئالىم ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوتنىڭ سۆزلىشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . ئەمدى مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلمايمەن . ئۇ كىشى ئۆزى خۇدا دەپ تونۇغان ئوتنى بويسۇندۇرغان تۇرسا ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئەرزىمدۇ ؟ !
ئالىم شۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن رۇخسەت ئېلىپ پارس ۋىلايىتىگە كەتتى .
پادىشاھ قۇباد مەزدەككە ئۆزرە ئېيتتى . مەزدەك :
— مەن ئىبادەتخانىغا بېرىپ خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىمەن ، — دەپ چىقىپ كەتتى .
نۇشىرىۋان ئاتىسىغا :
— مەزدەك ئىبادەتخانىدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا : «ئالىم كەتكەندىن كېيىن نۇشىرىۋان ساڭا مايىل بولۇپ قالدى ، سېنىڭ مەزھىپىڭنى قوبۇل قىلىشقا بەل باغلىدى ۋە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۇچۈن ساڭا ئۆزرە ئېيتماقچى» دېگىن ، — دېدى .
مەزدەك ئىبادەتخانىدىن چىقىپ پادىشاھ قۇبادنىڭ ئالدىغا كەلدى . قۇباد ئۇنىڭغا نۇشىرىۋاننىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى . مەزدەك ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى .
نۇشىرىۋان بۇ ئارىلىقتا مەزدەكنىڭ ئىشەنچلىك بىر كىشىسى بىلەن يېقىنلاشتى . ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىشنى ۋەدە قىلىپ ، مەزدەكنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سورىدى . ئۇ كىشى :
— شۇنى بىلگىنكى ، مەزدەك ئۆز ئۆيىدىن ئىبادەتخانىنىڭ ئاستىغىچە لەخمە كولاتتى . ھەر قېتىم ئوتتىن سوئال سورالغاندا ، لەخمە يولىدىن بىر كىشىنى ئەۋەتىپ جاۋاب بەرگۈزىدۇ ، — دېدى .

نۇشىرۋان ئۇ كىشىنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ كۆرسەتتى . ئۇ كىشى ۋەقەنى قۇبادقا بايان قىلدى . قۇباد ھەيران قالدى . نۇشىرۋان نەچچە كۈندىن كېيىن قۇبادقا ئېيتتىكى :

— سەن مەزدەككە : «نۇشىرۋان كېچىدە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپتۇ . چۈشىدە ناھايىتى ئۇلۇغ بىر ئوت نۇشىرۋانغا قەست قىلىپتۇ . نۇشىرۋان قېچىپتۇ ، ئوت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ . نۇشىرۋان ئوتتىن ، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم ، دەپ سوراپتۇ ؛ ئوت ، سەن مېنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمنى يالغانچى دەپ قوبۇل قىلمىدىڭ ، دەپتۇ . نۇشىرۋان گۇناھىغا تۆۋە قىلىپتۇ . ئەمدى ئۇ خىزمىتىڭنى قىلىپ ، مەزھىپىڭگە كىرىشكە بەل باغلىدى . ئۇ مەن مەزدەكنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بىلمەيمەن ، ئەگەر ئۇنىڭ مەزھىپىگە كۆپ كىشىلەرنىڭ بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلگىنىمدە ئىدى ، مەنمۇ خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان بولاتتىم ۋە كۆپ كىشىلەرنى ئەتراپىمغا توپلاپ ، مەزدەككە بەيئەت قىلمىغانلارنى تىغ زەربىسى بىلەن بەيئەت قىلدۇراتتىم ، دەۋاتىدۇ» دېگىن ، — دېدى . قۇباد بۇ سۆزنى مەزدەككە ئېيتتى . مەزدەك :

— مېنىڭ مۇخلىسلىرىم ناھايىتى كۆپ ، — دېدى . قۇباد ئېيتتىكى :

— ھەممىسىنى تىزىملاپ بەرگىن .

مەزدەك ئون ئىككى مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى تىزىملاپ بەردى . نۇشىرۋان ئىككىنچى كۈنى مەزدەككە ئۆزرە ئېيتىپ بەيئەت قىلدى .

— ئەمدى ئاتام پادىشاھ ، سەن پەيغەمبەر بولدۇڭ ، — دېدى نۇشىرۋان مەزدەككە ، — قوماندانلىقنى ماڭا بەرگىن ، مەن تىغ تارتىپ پۈتكۈل خەلقنى سېنىڭ مەزھىپىڭگە كىرگۈزەي .

مەزدەك ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ، نۇشىرۋان مەزدەككە يەنە :

— سەن پالانى كۈنى پۈتۈن مۇخلىسلىرىڭ بىلەن باغقا بارغىن ، مەن باغدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ھەممەيلەنگە ئات ، تون ، سەرپاي بېرىمەن ، — دېدى .

مەزدەك ھەممە مۇخلىسلىرىغا خەۋەر قىلىپ ، قارار قىلىنغان كۈندە باغقا يىتىپ كېلىشنى تاپىلىدى . نۇشىرىۋان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ زىياپەت ئەسلىھەلىرىنى تەييار قىلدى . بەش يۈز ئاتنى ئېگەرلەپ ، تون - سەرپايلارنى ئارتىپ ، ئىشىك ئالدىدا تۇتۇپ تۇردى . كېچىسى ئۈچ يۈز كىشىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، باغنىڭ ئىشىكىنى مۇھاپىزەت قىلدۇردى . ئۇن ئىككى مىڭ قۇدۇق قازدۇردى . ھەر بىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم گەز ئىدى . ئۆز لەشكەرلىرىدىن تۆت يۈز كىشىگە بۇيرۇق قىلىپ ، تەق بولۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى . ئەتىسى تاڭ ئاتقان ھامان مەزدەك يىتىپ كېلىپ ئالتۇن كۇرسىنى قويۇپ نۇشىرىۋان بىلەن ئولتۇردى . مەزدەكنىڭ ئادەملىرى توپ - توپ بولۇپ يىتىپ كېلىپ ، تائاملارنى يەپ ، تون - سەرپايلارنى كىيىپ ، مەزدەكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ باغقا كىرىشكە باشلىدى . باغ ئىچىدە تەييار بولۇپ تۇرغان لەشكەرلەر ئۇلارنى دەرھال يالىڭاچلاپ ، قۇدۇققا بېشىنى ئاستىغا ، پۇتىنى ئۈستىگە قىلىپ تاشلاپ كۆمۈشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ پۇتلىرى تۇپراقتىن يېرىم گەزچە چىقىپ تۇراتتى .

ئەلقىسسە ، تاكى ئاخشامغىچە مۇشۇ يوسۇندا ھەممىسىنى بېشىنى تۆۋەنگە قىلىپ كۆمۈپ چىقتى . ئاندىن كېيىن نۇشىرىۋان ئېيتتىكى :

— ئەي مەزدەك ، ئەمدى سەن باغقا كىرىپ ئۇممەتلىرىڭنى تاماشا قىل .

پادىشاھ قۇباد ، نۇشىرىۋان ۋە مەزدەك ئۈچى باغقا كىردى . مەزدەك «ئۇممەت»لىرىنى ھاۋا تاپان ھالەتتە كۆرۈپ ھەيران قالدى .

— بۇ قانداق بولغىنى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تەئەججۇپ بىلەن .

نۇشىرۋان جاۋاب بېرىپ :

— لەشكەرگە مەن سەردار بولسام ، «ئۇممەت»كە سەن پەيغەمبەر بولساڭ ، بۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولماي قانداق بولاتتى ؟ ! — دېدى .

نۇشىرۋان مەزدەكنى شۇ ھامان تۇتۇپ باغلىدى ، ئاندىن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر قۇدۇق قېزىپ مەزدەكنى بېلىگىچە مەھكەم كۆمدى ۋە :

— ئەمدى مۇشۇ يەردە «ئۇممەت»لىرىڭگە قاراپ ھۆكۈم يۈرگۈزگىن ، — دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن باغنىڭ ئىشىكى ئېچىۋېتىلدى ، پۈتۈن شەھەر خەلقى كىرىپ باغنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالدى . ھەممەيلەن نۇشىرۋانغا ئاپىرىن ئوقۇشتى . نۇشىرۋاننىڭ بۇ ئىشى تۈپەيلىدىن مەزدەكنىڭ مەزھىپى باتىل بولدى . نۇشىرۋان شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسىغا :

— خەلقنىڭ كۆڭلى سەندىن يېنىپتۇ ، ئەمدى بىر مەزگىل ئۆيدە ئولتۇرغىن ، — دەپ ئۆزى تەختكە ئولتۇردى . ھازىرمۇ مەزدەكنىڭ جامائەتتىن قېلىپ قالغانلار بار ، ئۇلار «مەزدەكىيلەر» دېيىلىدۇ .

* *

تارىختا مۇنداق دېيىلىدۇ : ئابا مۇسلىم مەرۋەزىنىڭ ۋاقتىدا ئەلئەبباسى ئۇنىڭ پەھلىۋانى ئىدى . بىر كىشى نىشاپور ۋىلايىتىدە پەيدا بولدى . بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ماھئافىرىن بىن فىروزە دەپ ئاتايتتى . ئۇ باشتا نەچچە يىللار غايىب بولۇپ ، چىن ۋىلايىتىگە بېرىپ يەتتە يىل تۇردى . ئۇ بۇ جەرياندا نەچچىلىگەن ئاجايىپ نەرسىلەرنى يىغىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ قايتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە بىر يېشىل لىباس بولۇپ ، ئۇنى ئالىقىنىغا ئېلىپ سىقىمدىسا قولىدىن يوق بولاتتى . نىشاپور ۋىلايىتىگە كەلگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ، بۇ ۋىلايەتنىڭ بىر تېغى ئۈستىگە چىقىپ بىر غارغا كىرىپ يوشۇرۇندى . ئەتىسى ئۇ لىباسىنى كىيىپ تاغدىن چۈشۈپ ، قوش قېتىپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان بىر كىشىنى كۆردى . ئۇ :

— مەن پەيغەمبەرمەن ، مەن هازىرلا ئاسماندىن چۈشتۈم ، — دېدى . ئۇ ياش دېھقان ئۇنىڭ سۆزىنى راست دەپ بىلىپ «مەن ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دەپ خەلققە گۇۋاھلىق خەۋەر بەردى . ئۇنىڭغا كۆپ كىشى بەيئەت قىلىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىردى . ئاتەشپەرەسلىك دىنى بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ راۋاج تاپتى . ئۇ ھەمىشە : «خۇدايىتائالادىن ماڭا يوشۇرۇن ۋەھىي كېلىدۇ» دەيتتى . ئابا مۇسلىم مەرۋەزى نىشاپورغا كەلدى . خەلقنىڭ چوڭلىرى كېلىپ نىشاپور پادىشاھىغا :

— ماھئافرىن دېگەن بىر كىشى پەيدا بولۇپ ، «مەن پەيغەمبەرمەن» دەپ ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ ، ئۆزى تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى ئاجىزلىتىۋاتىدۇ ، — دەپ ئەرز قىلدى .

ئابا مۇسلىمنىڭ ئابدۇللا شەئبە ئاتلىق بىر سەركەردىسى بار ئىدى . ئۇنى بۇيرۇپ ماھئافرىننى ئۆلتۈردى . ئۇنىڭ جامائىتى ھەر تەرەپكە كەتتى . ئۇ دىندا تۇرۇۋاتقان جامائەت «ماھئافرىندىلەر» دېيىلىدۇ .

* *

تارىختا مۇنداق دېيىلىدۇ : سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ۋاقتىدا مەرۋى شەھىرىدە ئەللامە ئەيلاتى دېگەن بىر كىشى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىدى . ئۇ ھەر خىل مەزھەپلەردىن سۆز ئاچالايتتى . «مەن ئەرەبلەرنىڭ نەسەبىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن» دەپ دەۋالار قىلىپ ، ئاۋام خەلقتىن كۆپ نەرسىلەر ئېلىپ ، ئاق ھويلىلارنى بىنا قىلدى . بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا

يىغدى . نۇرغۇن ھويلىلار ئۇنىڭدىن قالغاندۇر .

يەنە بىر قېتىملىقى شۇ ئىدىكى ، ھەر كىمنى كۆرسە : «ماڭا بىر نەرسە بەرگىن ، جەننەتتىن ساڭا ئۇن تۆشەك ئېلىپ قويىمەن . ساڭا قىيامەتكىچە مەسئۇل بولۇپ جەننەتكە كىرگۈزىمەن» دەپ تىلخەت بېرەتتى . خەلق بۇ سۆزلەردىن ۋاقىپ بولۇپ ، مەرۋى شەھىرىنىڭ قازىسى ئالدىغا بېرىپ ، ۋەقەنى ئېيتىپ گۇۋاھلىق بەردى . قازى ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى . ئۇ دارغا ئېسىلغان ۋاقىتتا مەرۋىنىڭ قازىسى ئەبۇ مۇھەممەت دېگەن كىشى ئالدى بىلەن تاش ئاتتى ، ئاندىن كېيىن مۇپتى ئىمام ئابدۇللا تاش ئاتتى ، ئاندىن كېيىن خەلق ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ قىيما - چىيما قىلدى ، ئۇنىڭ تارقاتقان پىتنىلىرى بىتچىت بولدى .

*　　　*
　　*

تارىختا مۇنداق ئېيتىلىدۇ : ھارۇن رەشىدنىڭ مۇھەممەد ئەمىن ۋە مەئمۇن دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئانىسى باشقا - باشقا ئىدى . مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئانىسى زۇبەيدە بولۇپ ، ھارۇن رەشىدنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى ئىدى . ھارۇن رەشىد مۇھەممەد ئەمىندىن مەئمۇننى ياخشى كۆرەتتى .

بىر ئاخشىمى زۇبەيدە ھارۇن رەشىدكە :

— سەن مۇھەممەد ئەمىندىن مەئمۇننى بەكرەك ياخشى كۆرىسەن ، مېنىڭ ئوغلۇمغا ھېچ مېھرىبانلىق قىلمايسەن . مۇھەممەد ئەمىننىڭ يېشى ئۇنىڭدىن چوڭ تۇرسا ، — دېدى .

ھارۇن رەشىد :

— ھەر ئىككىلىسى مېنىڭ پەرزەنتىمدۇر . مۇھەممەد ئەمىننى سېنىڭ يۈز - خاتىرەڭ ئۈچۈن ئېتىبارغا ئالىمەن ، بىراق ئۇ ياخشى تەربىيە كۆرمىگەندۇر . مەئمۇن ئەقىللىق ، پاراسەتلىكتۇر . ئەگەر بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭ ، ئۇلارنىڭ خۇلق - مىجەزىنى ساڭا ئايان قىلاي ، قانداقلىقىنى كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باق ، — دېدى . زۇبەيدە خاپا بولۇپ :
— قېنى مەلۇم قىلغىن ، — دېدى .
— سەن قازناقتا كىرىپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇن هالدا تاماشا قىلىپ تۇرغىن ، — دېدى هارۇن رەشىد . زۇبەيدە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى . هارۇن خىزمەتكارلىرىغا :
— مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىزلا كىرىپ ، نەدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ، ئەتراپىدا كىم ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇ قانداق هالەتتە بولسا شۇنداق هالىتى بىلەن مېنىڭ خىزمىتىمگە هازىر قىلغىن ، — دەپ بۇيرۇدى .
خىزمەتچى كىرىپ كۆردىكى ، مۇھەممەد ئەمىن ئەيش - ئىشرەت كىيىمىنى كىيىپ ، كېنىزەكلىرىنى ئەتراپىغا جەم قىلىپ ، شاراب جاملىرىنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ .
— خەلىپە مۇشۇ كىيىم بىلەنلا كېلىشىڭىزنى بۇيرۇدى ، — دېدى خادىم . مۇھەممەد ئەمىن پادىشاھ ئالدىغا تەزىم بەجا كەلتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى . خەلىپە ئۇنىڭ مەست ئىكەنلىكىنى كۆردى ، شۇنداقتىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن :
— سەن نەدە ئولتۇرغانىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .
— سېنىڭ دۆلىتىڭدە ئەيش - ئىشرەت قىلىپ ئولتۇرغانىدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەد ئەمىن . هارۇن رەشىد :
— هەرقانداق هاجىتىڭ بولسا دېگىن ، — دېدى .
— پالان مەنزىلدە پالان كىشىنىڭ بىر بېغى باردۇر ، ئۇ باغنىڭ دىلغا ئارام بەخش ئىپتىشتە تەڭدىشى يوقتۇر . شۇنى ماڭا ئېلىپ بەرسەڭ ، بۈيۈك مەرھەمىتىڭ بولغان بولاتتى ، — دېدى مۇھەممەد ئەمىن . هارۇن رەشىد :
— ئېلىپ بېرەي ، يەنە هاجىتىڭ بولسا دېگىن ، — دېدى .
— پالانىنىڭ بىر يورغا ئېتى باردۇر ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مانچە پەرسەڭ يول يۈرىدۇ . ئەگەر شۇنى مەرھەمەت قىلساڭ ، باغقا مىنىپ بارسام ، — دېدى مۇھەممەد ئەمىن . هارۇن رەشىد :

— مۇيەسسەر قىلاي ، يەنە ھاجىتىڭ بولسا دېگىن ، — دېدى .
— پالاننىڭ بىر نازىنىن ، چىرايلىق كېنىزىكى باردۇر ، شۇنى ئېلىپ بەرسەڭ ، باغدا ئەيش ـ ئىشرەت قىلسام ، — دېدى مۇھەممەد ئەمىن . ھارۇن رەشىد :
— بولىدۇ ، ئەمدى جايىڭغا بار ، ئەتە ھەممىسىنى ھازىر قىلىمەن ، — دەپ رۇخسەت بەردى .
مۇھەممەد ئەمىن قايتىپ كەتتى . ھارۇن رەشىد :
— ھەي زۇبەيدە ، مۇھەممەد ئەمىننىڭ كىيىمىنى كۆردۇڭمۇ ؟ ئەھۋالىنى بىلدىڭمۇ ؟ ئىلتىماسىنى ئىشتتىڭمۇ ؟ — دېدى . ئاندىن خىزمەتچى خادىمنى مەئمۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىمۇ يۇقىرىقىدەك ئېلىپ كەلگىن ، دەپ بۇيرۇدى . خىزمەتچى خادىم مەئمۇننىڭ سارىيىغا كېلىپ ، مەئمۇننىڭ ئۇستۇبشىنى جەڭ لىباسلىرى بىلەن جابدۇپ ، ياراغ ـ ئەسلىھەلىرى بىلەن ئۆزىنى قورالLاندۇرۇپ ، ئالتۇن كۇرشىدا ئولتۇرغانلىقىنى ، بىر توپ ياراغلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنى ، مەئمۇننىڭ بولسا شامنى ئالدىغا قويۇپ ئۇنىڭ يورۇقىدا بىر كىتابنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . خىزمەتچى خادىم خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى . مەئمۇن ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ ، بارلىق خىزمەتكارلىرى بىلەن سەپراس بولۇپ ، خەلىپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇردى . ھارۇن رەشىد ئوغلىنى بۇ تەرىقىدە كۆرۈپ :
— ھەممە كىشى راھەت ئۇيقۇدا ياتقان ۋاقىتتا نېمە سەۋەبتىن جەڭ لىباسلىرىنى كىيىپ ئولتۇردۇڭ ؟ — دەپ سورىدى .
مەئمۇن تەزىم قىلىپ :
— ئەي ئالەمنىڭ پادىشاھى ، خەلىپىلىك دۆلەتلىرىگە شەك يوقتۇر ، بىراق دۆلەتلىرىگە مۇناسىپ دۈشمەنلىرىمۇ كۆپتۇر . ئۇلار پۇرسەت ئىزدەپلا يۈرىدۇ . مۇبادا ئاخشىمى مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا دەم ئېلىۋاتقاندا بىرەر ھادىسە بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەر ئاخشىمى بۇ تەرىقىدە ئولتۇرىمەن ، — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاۋاب بەردى . ھارۇن رەشىد خۇش بولۇپ كۆپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ :
— مۇشۇنداق ئېھتىيات بولۇش كېرەك ، بۇ تەرەپتىن سەن ناھايىتى ياخشى قىلىپسەن ، — دېدى ۋە يەنە ، — قولۇڭدىكى كىتاب قايسى كىتابتۇر ، — دەپ سورىدى .
— ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدىغان تارىخىي كىتابتۇر . مەن ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قانداق ساقلىغانلىقىنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى مەئمۇن . ھارۇن رەشىد :
— ھەرقانداق ھاجىتىڭ بولسا ئېيتقىن ، — دېدى .
— خەلىپىنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن ، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن ، مەن زىنداندا ئەسىرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ ، دەپ ئاڭلىدىم ، بىچارىلەر ئۇ يەردە كۆپ رەنج ، كۈلپەت تارتىدىكەن . ئۇلارنىڭ زىنداندا تۇرغىنىدىن نىمە پايدا ؟ ئەگەر رۇخسەت بولسا ، ئەتە ھەممىسىنى چىقىرىپ ، قىساسكارمۇ يا قاتىلمۇ ئايرىساق ، قاتىل بولسا جازاسىنى تاپسا ، گۇناھسىز بولسا ئازاد قىلساق ، بۇنىڭغا كۆپ خەلق دۇئا قىلغان بولاتتى ، — دېدى مەئمۇن .
ھارۇن رەشىد قوبۇل قىلدى ۋە :
— يەنە نىمە ھاجىتىڭ بار ؟ بولسا ئېيتقىن ، — دېدى .
— لەشكەر ۋە سىپاھلار خىراجەت ئازلىق سەۋەبىدىن كۆپ تەڭلىك تارتىدىكەن ، دەپ ئاڭلىدىم ، بۇ يىل لەشكەرلەرنىڭ مائاشى يېتىشمەيدۇ . ئەگەر ، مېھرىبانلىق قىلىپ ئەمىر قىلسىڭىز ، لەشكەرلەرگە مائاش قوشۇپ بېرىلسە ، ئۇلارمۇ خاتىرجەم خىزمەت قىلاتتى . چۈنكى ، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ نىزامى لەشكەرلەر بىلەن دۇرۇس بولىدۇ ، — دېدى مەئمۇن . ھارۇن رەشىد قوبۇل قىلدى ۋە :
— يەنە ھاجىتىڭ بولسا تەلەپ قىلغىن ، — دېدى .
— ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ، باج - سېلىق سەۋەبىدىن

پۇقرالارنىڭ كۆڭلى بىسەرەمجان ئىكەن ، ئەلھەمدۇلىللاھ ! دۆلەتلىرى بەرىكىتىدە خەزىنىلىرىدە ھېسابسىز دۇنيا تولۇپ يېتىپتۇ ، خىراجەتتىن قىسىلمىغانلار خىراجەتكە موھتاج بولمايدۇ . ئەگەر ئەپۇ قىلىپ ، پۇقرالارنىڭ باج ـ سېلىقىنى بىر يىل كۆتۈرۈۋەتكەن بولسىلا ؛ مۇسۇلمانلار خاتىرجەملىك بىلەن دۇئا قىلىپ ، زىرائەت ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلغان بولسا ، ناھايىتى چوڭ ساۋاب بولغان بولاتتى ، — دېدى مەئمۇن . ھارۇن رەشىد بۇنىمۇ قوبۇل قىلدى . مەئمۇن رۇخسەت ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى . ھارۇن رەشىد زۇبەيدەگە :

— مەئمۇننىڭ تەققى ـ تۇرقىنى كۆردۇڭ ، مەن ئۇنى قانداقمۇ نەزىرىمدىن يىراقلاشتۇرالايمەن ، ئۇنىڭغا نېمىشقا مېھرىبانلىق قىلمايمەن ؟ — دېدى . زۇبەيدە ئىنسابىغا كېلىپ :

— خەلىپىنىڭ رايى ئۇنىڭغا تارتىپتۇ ، بۇ ناھايىتى ساۋابلىق ئىشتۇر . چۈنكى ، ھەرقانداق خاسىيەتلەرنى پەقەت تەڭرى تائالالا ئۆز بەندىسىگە بېرىدۇ ، ئۇنىڭغا ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ . مەن مۇھەممەد ئەمىننى خالىسام ، خۇدايىتائالا مەئمۇننى خالىسا ، ئۇ ھالدا ھۆكۈم قىلغۇچى يەنىلا تەڭرى تائالادۇر ، — دېدى .

* *

ئەرەب قەبىلىسىدە ساخاۋەتتە مەشھۇر بىر كىشى بار ئىدى . ئۇ كىشى بۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى . بىر توپ كىشى سەپەر قىلىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ قەبىلىگە يېتىشىپ ، شۇ جايدا تۇرۇشنى قارار قىلىشىپ «پالانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولىمىز ، چۈنكى ئۇ كىشى ناھايىتى سېخىيدۇر» دېيىشىپ ، بىر كىشىدىن ئۇ ساخاۋەتلىك كىشىنى سورىدى . ئۇ كىشى :

— ئۇ ئادەم قازا تاپتى ، — دەپ جاۋاب بەردى ھەم مازىرىغا بېرىپ قەبرىسىنى كۆرسەتتى . كارۋانلار ئۇ قەبرىنى زىيارەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلدى . ئۇلار كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ شۇ جايدىلا ياتتى . ئۇلارنىڭ ئوزۇقى تۈگىگەنىدى . كارۋانلارنىڭ ئىچىدە بىر كىشىنىڭ بىر تۆگىسى بار ئىدى . ئۇ كىشى چۈش كۆردى ، چۈشىدە ، قازا تاپقان ساخاۋەتچى كىشى : «ھەي يىگىت ، تۆگەڭنى قىممەت باھالىق بىر تۆگىگە ساتامسەن» دەۋاتقۇدەك . يىگىت : «ساتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگۈدەك . ئۇ سېخىي كىشى : «ئورنۇڭدىن تۇرغىن ، تۆگەڭنى سويۇپ گۆشىنى ھەمراھلىرىڭغا تەقسىم قىلىپ بەرگىن ، ئەتە قىممەت باھالىق تۆگەڭنى ئېلىۋالىسەن» دېگۈدەك .

يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ، تۆگىنى سويۇپ ، گۆشىنى ھەمراھلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى . كىشىلەر ئوزۇقلاندى . كارۋان ئەتىسى ماڭماقچى بولدى . شۇ ۋاقىتتا بىر يىگىت بىر ئېسىل تۆگىگە مىنىپ كارۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى . جامائەت ئۇ يىگىتنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سورىدى . يىگىت :

— مەن ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى ساخاۋەتلىك كىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن . ئاخشام ئاتام چۈشۈمدە ، ئاخشام بىر تۆگە سودا قىلىپ جامائەتنى مېھمان قىلدىم . تۆگىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇ تۆگىنىڭ ئورنىغا بەرگىن ، دېگەنىدى ، — دەپ ، تۆگىنى تۆگە ئۆلتۈرگەن يىگىتكە بەردى ، جامائەت بۇ ئىشتىن تەئەججۈپلەندى .

بۇ ھېكايەت ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن مازارغا بېرىپ زىيارەت قىلماقلىقنىڭ پايدىسىغا دەلىل بولىدۇ . ھەر كىم بۇ دۇنيادىن نە تەرىقىدە ئۆتكەن بولسا ئۆلۈكىمۇ شۇ تەرىقىدە بولۇر . ئەگەر ، ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا ، ئۆلگەندىن كېيىن سېيماسى بولۇر .

* *

كىشىلەر ھاتەم تەيدىن سورىدىكى : «سەن بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭدىن بەكرەك سېخىي كىشىنى كۆردۈڭمۇ ؟» ھاتەم مۇنداق جاۋاب بەردى : «بىر ۋاقىتتا مەن بىر چۆلدە يۈرۈۋاتاتتىم ، بىر مەنزىلدە تۇيۇقسىزلا بىر چېدىر كۆردۈم . چېدىرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئۆچكە

باغلاقلىق تۇراتتى . بىر سائەتتىن كېيىن چېدىرنىڭ ئىچىدىن بىر قېرى ئايال چىقىپ قولۇمدىن تۇتۇپ چېدىرغا ئەكىردى . بىرەر سائەت ئۆتكەندىن ، ئوغلى كەلدى . ئۇ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن مەندىن ئەھۋال سوردى . ئانىسى :

— ئوغلۇم ، ئورنۇڭدىن تۇر ، ئۆچكىنى سويۇپ بەر ، تائام تەييار قىلىمەن ، — دېدى . ئوغلى :

— مەن ئاۋۋال ئوتۇن ئېلىپ كېلەي ، ئۆيدە ئوتۇن قالماپتۇ ، — دېدى . ئانىسى :

— ئوتۇن كەلگۈچە كەچ بولۇپ قالىدۇ ، مېھماننىڭ قورسىقىنى ئاچ قويۇشقا بولمايدۇ ، — دېدى .

ئۇلارنىڭ ئىككى نەيزىسى بار ئىكەن ، ئۇنى سۇندۇرۇپ ، ئۆچكىنى سويۇپ تائام تەييار قىلدى . مەن ياخشى كۆزەتسەم ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقتا پەقەت بىرلا ئۆچكىسى بار ئىكەن ، ئەمما ئۇلار ئۇنى مېھمان ئۇچۇن سەرپ قىلدى . تائامدىن كېيىن ئايالدىن ، مېنى تونۇمسىز ؟ دەپ سورىدىم . ئۇ ئايال ، ياق ، دەپ جاۋاب بەردى . مەن ، ھەي ئاجىزە ، مەن ھاتەم تەي دېگەن كىشى بولىمەن ، سىلەرمۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭلار ، مەنمۇ سىلەرنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالاي ، سىلەرنى نامراتلىقتىن خالاس قىلاي ، دېدىم . ئۇ ئايال ، مەن مېھماندىن ھەق ئالمايمەن ، دەپ قوبۇل قىلمىدى . مەن بىلدىمكى ، ئۇ ئاجىزە مەندىن سېخىي ئىكەن . »

*  *

بىر كۈنى ئەشئەش تەمائى يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى . ئۇششاق باللار كوچىدا ئويناپ يۈرەتتى . تەمائىنى كۆرۈپ قورشىۋالدى . تەمائى شۇنچە قىلىپمۇ قورشاۋدىن خالاس بولالمىدى . ئاخىر يالغاندىن : «پالان كىشى ئۆيىدە توي قىلىپتۇ» دېدى . باللار ئۇنى قويۇپ بېرىپ تويغا ماڭدى . ئەشئەش بۇ باھانە بىلەن خالاس بولدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۆزىگە : «راست

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ چىقسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. باللار بېرىپ ئۇ گەپنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران بولۇپ تۇراتتى. ئەشئەش يېتىپ باردى. ئۇلار ئەشئەشنى تۇتىۋېلىپ كۆپ ئازار بەردى.

* *

بۇخارا ۋىلايىتىدە بىر جانىۋار پەيدا بولدى. ھەر كىم ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن ھامان ھالاك بولاتتى. ئادەملەر بىلەن ھايۋانلاردىن كۆپ نابۇت بولدى. خەلق ئاخىر پادىشاھقا ئەرز قىلدى. پادىشاھ پولاتتىن بىر قالقان ياساتتى. ئۇ قالقان ئەينەككە ئوخشاش پۇتۇپ چىقتى. پادىشاھ يەنە بىر كىشىنى ئۇ قالقاننى تۇتۇپ ئۇ جانىۋارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كىشى جانىۋارغا جىلۋە بەردى، ئۇ جانىۋار ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ ئۆلدى. خەلق ئاندىن بۇ بالايىئاپەتتىن خالاس بولدى.

* *

بىر جەزىرىدە بىر شىر بار ئىدى، ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن دەريادىكى لەھەڭمۇ ئەركىن نەپەس ئالالمايتتى. پىل ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەركىن يۈرەلمەيتتى.

شىر بىر كۈنى شىكارغا ھەۋەس قىلىپ، بۆرە ۋە تۈلكىنى خىزمىتىگە ئېلىۋالدى ھەم ھەرقايسىسىغا ئايرىم شىكار قىلىشقا رۇخسەت بەردى. خېلى مەزگىلدىن كېيىن ھەممىسى جەم بولۇپ كەلدى. شىر بىر قۇلاننى ئوۋلىغان، بۆرە بىر كېيىكنى ئوۋلىغان، تۈلكە بىر توشقاننى ئوۋلىغانىدى. ئۇلار كېلىپ، شىكار قىلغان نەرسىلەرنى شىرنىڭ ئالدىغا قويدى. شىر بۆرىگە:

— سەن بۇ نەرسىلەرنى تەقسىم قىل، — دەپ بۇيرۇدى.

بۆرە:

— ناھايىتى ياخشى تەقسىمات شۇكى ، سەن پادىشاھسەن ، بىزلەر خىزمەتكارلىرىڭمىز ، شۇڭا قۇلان ساڭا نېسىپ بولسۇن ، كېيىكنى مەن يەي ، تۈلكە توشقاننى يېسۇن ، — دېدى . شىر بۇ تەقسىماتتىن دەرغەزەپكە كېلىپ ، بۆرىنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ، ئاندىن تۈلكىگە قاراپ :

— سەن تەقسىم قىل ، — دېدى . تۈلكە :

— ئەي پادىشاھى ئالەم ، ھازىر چاشگاھ ۋاقتىدۇر ، ئالدى بىلەن قۇلاننى يەڭ ، شام ۋاقتىدا كېيىكنى يەڭ ، ئەتە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يۈرەكنىڭ زەرداب سۈيىنى يوق قىلىش ئۈچۈن توشقاننى يەڭ ، — دېدى . شىر تۈلكىنىڭ تەقسىماتىدىن خۇشال بولۇپ :

— سەن مۇنداق مۇۋاپىق تەقسىماتنى كىمدىن ئۆگەندىڭ ، — دەپ سورىدى . تۈلكە :

— پۈتىڭىزنىڭ ئاستىدا دەسسىلىپ تۇرغان بۆرىنىڭ بېشىدىن ئۆگەندىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .

* * *

نۇشىرۋان بىر كۈنى ئەجەم پادىشاھلىرىغا زىياپەت بېرىۋاتاتتى . بىر مەھرەم نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا ئاش قويماقچى بولدى . ئاش تۇيۇقسىز شاھقا تۆكۈلۈپ كەتتى . شاھ دەرغەزەپ بولۇپ : «ئۇ ئەدەبسىزنى بارگاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ بېشىنى ئېلىڭلار» دەپ جاللاتقا بۇيرۇق قىلدى . مەھرەم شۇ ھامان قالغان ئاشنىمۇ شاھنىڭ ئۇستىگە تۆكتى . شاھ :

— ھەي بەدبەخت ! بۇ نېمە قىلغىنىڭ ، بۇ گۇناھ ئۇستىگە گۇناھ بولدى ، — دېدى . مەھرەم :

— ئەي شاھ ، سىنىڭ ئادىللىق داڭقىڭ پۈتۈن ئالەمگە ئاڭلانغاندۇر ، ئېھتىياتسىزلىقتىن گۇناھ سادىر قىلىپ ، ئۆلۈمگە ناھەق بۇيرۇلسام ، سەن پۈتۈن ئالەمدە يامان ئاتلىق بولىسەن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇڭا مەن يەنە قەستەن گۇناھ قىلدىم، چۈنكى سەن يامان ئاتلىق بولمىغايسەن، — دېدى. نۇشىرىۋان خۇشال بولۇپ، ئۇ مەھرەمگە ئىنئام بەردى.

*　　*　　*

ھەججاج مەككە بىلەن مەدىنىگە ئەمىر بولغان ۋاقىتلار ئىدى. بىر كۈنى ھەججاج سەھرادا يالغۇز سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. بىر زاراتگاھلىقا كەلگەندە، بىر كىشىنىڭ دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ھەججاج ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلىپ:

— ئەي بوۋا، ھەججاج قانداقراق كىشىدۇر؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي:

— خۇدانىڭ لەنەتلىرى ھەججاجقا تەگسۇن؟ ئۇ زالىم، قان تۆككۈچى، خۇدادىن قورقمايدىغان ئەقىلسىزدۇر. خۇدايىتائالا يەر يۈزىنى ئۇ ناپاكتىن پاك قىلسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھەججاج:

— مېنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— ھەججاج دېگەن مەن بولىمەن، — دېدى ھەججاج.

— سەنمۇ مېنى تونۇمسەن، — سورىدى بوۋاي.

— ياق، — دېدى ھەججاج.

— مەن پالان كىشىمەنكى، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن ساراڭ بولۇرمەن، بۈگۈن ساراڭ بولغان كۈنۈمدۇر، — دېدى بوۋاي.

ھەججاج مۇز چىراي ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ جاۋابىدىن كۈلۈپ كېتىپ رۇخسەت بەردى.

قەدىمكى قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن تەييارلاندى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ

# ئادىل ھۆكۈم

مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسىلىرىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ :
بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر تاغدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ناماز ئۆتەش ئۈچۈن تاغ ئۈستىدىكى بۇلاق بېشىغا كەلدى ـ دە ، تەرەت ئېلىشقا باشلىدى . شۇ ئەسنادا بىر ئاتلىق ئادەم بۇلاق بېشىغا كېلىپ يۈك ـ تاقلىرىنى قويۇپ ، بۇلاق سۈيىدىن ئىچتى . ئەمما ، قايتارىدا ھەمىيىنىنى ئۇنتۇپ ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن بىر پادىچى بۇلاق بېشىغا كېلىپ سۇ ئىچتى . ھېلىقى ئاتلىق ئادەمنىڭ ھەمىيىنىنى ئېلىپ ، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى ، يەنە بىر دەم ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئوتۇنچى بىر يۈدە ئوتۇن بىلەن بۇلاق بېشىغا كەلدى . ئوتۇننى بىر ياققا قويدى ـ دە ، سۇ ئىچىپ بۇلاق يېنىدا يېتىپ دەم ئېلىشقا باشلىدى . شۇ ئەسنادا ئاتلىق ئادەم ھەمىيىنىنى ئىزدەپ بۇلاق بېشىغا چىقتى . ئۇ كىشى ئوتۇنچىغا :

— ھەمىيىنىمنى بەر ! — دېدى .

ئوتۇنچى :

— مەن ھەميان كۆرمىدىم ، — دېدى .

شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرىدا قاتتىق جېدەل پەيدا بولدى . ئاتلىق ئادەم ئوتۇنچىنى ئۆلتۈردى . بۇ ھالنى كۆرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ :

— ئەي تەڭرىم ، بۇ قازا ھەققىدە ھۆكمىڭ قانداقتۇر ، ئادالىتىڭ نېمىدۇر ؟ — دېدى .

شۇئان تەڭرىدىن ۋەھيى كەلدى :

— ئەي مۇسا ، ئاڭلىغىن ! ھەميانىنى ئۇنۇتقان ئادەمنىڭ ئاتىسىنى ئوتۇنچى ئۆلتۈرگەن . ئەمدى قىساسىغا ئۇ ئۆلتۈرۈلدى . ئوتۇنچى ئۆلتۈرگەن كىشى (ئاتلىق ئادەمنىڭ ئاتىسى )نىڭ پادىچىغا ھەميانىنىڭ ئىچىدىكى پۇل مىقدارىدا قەرزى بار ئىدى . ئەمدى ئۇنىڭ قەرزى بالىسىدىن ئادا بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چىن دېڭىزى ھەققىدە ھېكايەت

سودىگەرلەردىن بىرى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ ، چىن دېڭىزى ناھايىتى دەھشەتلىك دېڭىز بولۇپ ، بىر كۈنى سەپەر قىلىش ئۈچۈن بۇ دېڭىزدا كېمىدە ئولتۇردۇم . كېمە يۈرۈپ دېڭىز ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قاتتىق بوران چىقىپ ، كېمىنى ماڭغان نىشانىدىن ياندۇردى . كېمە ھەر تەرەپكە داۋالغۇشقا باشلىدى . بىز ئەس - ھوشىمىزنى يوقاتتۇق . كېمىدە كامالەتكە يەتكەن بىر مۇئەللىم بار ئىدى . ئەمما ئۇ ئەما ئىدى . ئۇ بىزدىن توختىماي :

— دىققەت قىلىڭلار ! نېمە پەيدا بولۇۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورايتتى . بىز ھەر تەرەپكە قارايتتۇق ۋە نېمە بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتۇق . مۇئەللىم ھەمىشە كېمىدىكى ئارغامچىلارنى يىغاتتى . كېمىدىكى خالايىق :

— مۇئەللىم ، ئەسكى ئارغامچىلارنى يىغىپ يۈرگىچە ، يولغا يارىغۇدەك نەرسە يىغسىڭىز بولمامدۇ ، بۇ ئىشلىرىڭىزدىن نېمە پايدا چىقىدۇ ؟ — دېيىشىپ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرەتتى .

مۇئەللىم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆز ئىشىنى داۋام قىلاتتى ۋە بىردەم - بىردەم : «قاراڭلار نېمە پەيدا بولدى ؟ » دەپ سورايتتى . كېمىدىكىلەر بۇ نۆۋەت :

— دېڭىزدا بىر قارا قۇش پەيدا بولدى ، سۇ يۈزىدە ، — دەپ جاۋاب بەردۇق .

مۇئەللىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ داد - پەرياد قىلىپ :

— ھەممىمىز ھالاك بولىدىغان بولدۇق ! — دېدى .

كېمىدىكىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سەۋەبىنى سورىدى .

مۇئەللىم :

— مېنىڭ ئېيتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق . نېمە بولىدىغانلىقىنى ھازىرلا بىلىسىلەر ، — دېدى .

بىردەمدىن كېيىن بىز ئاجايىپ - غارايىپ بېلىقلارنىڭ دېڭىز

ئۈستىگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ، ئەس - ھوشىمىزنى يوقىتىپ ، ھاياتىمىزدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزدۇق . بىر - بىرىمىز بىلەن خوشلاشتۇق . مۇئەللىم بىزنىڭ بۇ ھالىمىزنى بىلىپ :

— ئەگەر كېمىدىكى ماللارنىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرسەڭلار ، سىلەرنى بۇ ھالاكەتتىن خالاس قىلىمەن ، — دېدى .

— ئەگەر بىزنى بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ساق - سالامەت ساھىلغا چىقارسىڭىز ، مالنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە رازىمىز . بۇ سىزگىمۇ ھالال بولار ، — دېيىشتۇق بىز .

مۇئەللىم ئۆزى يىغقان ئارغامچىلارنى ئەكەلدۈرۈپ بىرنەچچە قاچا ياغنى ئارغامچىغا تۆكتى ، ئاندىن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى دېڭىزغا تاشلىدى . بۇ چاغدا شۇنداق كۆپ بېلىقلار ئارغامچا ئەتراپىغا ئولىشىپ ، بىزگە ھۇجۇم قىلمىدى . مۇئەللىم يەنە بۇيرۇق قىلىپ كېمىدىكى گۆشلەرنى پارچە - پارچە قىلىپ ئۇلارنىمۇ ئارغامچىغا باغلاپ ، بىر ئۇچىنى دېڭىزغا تاشلىدى ، ئاندىن كېمىدىكى پارچە تۆمۈر ۋە ياغاچلارنى ئېلىپ بىر - بىرىگە ئۇردى . بۇ چاغدا كېمە ھەرىكەتكە كەلدى . مۇئەللىم ئۇرۇشنى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى . ئاخىر كېمە قايىنامدىن چىقىپ دېڭىزدا قايتا راۋان بولدى . ئارغامچىلار كېسىپ تاشلاندى .

## ئىسكەندەرنىڭ ئەجدىھانى ھالاك قىلىشى

ھىندى دېڭىزىدىكى سەنىن دېگەن ئارال ناھايىتى گۈزەل بولۇپ ، بۇ ئارالدا تاغلار ، ھەر خىل دەل - دەرەخلەر ۋە گۈزەل قورغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى . قورغانلارنىڭ پەشتاقلىرىمۇ ئىنتايىن ئېگىز ئىدى . ئىسكەندەرنىڭ زامانىغا كەلگەندە بۇ ئارالدا ناھايىتى دەھشەتلىك بىر ئەجدىھا پەيدا بولدى . ئارال ئەھلىلىرى ئىسكەندەرگە :

— بۇ ئەجدىھا چارۋىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولدى ، بىزنىڭ ھەر كۈنى ئىككى كالىنى ئەجدىھا كېلىدىغان جايغا ئاپىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىرىش ۋەزىپىمىز بار ، بۇ كالىلارنى ھەر كۈنى ئەجدىھا كېلىپ يەپ كېتىدۇ . ئۇنداق قىلمىساق ، ئەجدىھا قەسىرىمىزگە كېلىپ ھەممىنى ۋەيران قىلىدۇ . ئۇ يىراقتىن خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش پەيدا بولۇپ ، كۆزلىرىنى چانىقىدىن چىقارغان ھالدا ئاغزىدىن ئوت چىقىرىپ ، ھەرقانداق نەرسىنى يۇتۇپ كېتىدۇ ، — دەپ شىكايەت قىلدى .

ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ كالىنى تۇلۇم قىلىپ سويدۇردى . كالا تېرىسىنىڭ ئىچىگە گۈڭگۈرت ، تۆمۈر ، ياغ ، ھاك قاتارلىقلارنى تىقىپ ، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىلمەك ئورناتتى . ئاندىن ، كالىنى ئەجدىھا كېلىدىغان جايغا ئۆرە قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويدى . ئەجدىھا كېلىپ بۇ تېرىنى يۇتتى . تۇلۇمغا تىقىلغان نەرسىلەر تارتىشىپ ، بىر دەمدىن كېيىن ئەجدىھانىڭ ئىچىدە ئوت ياندى . ئىلمەكلەر بوشاپ ئەجدىھانىڭ ئىچ ـ باغرىنى قاماللىدى . بىر ھازادىن كېيىن ئەجدىھا يىقىلدى .

ئەھلى ئالەم كېلىپ ئەجدىھانىڭ ئاغزى ئوچۇق ھالەتتە ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈشتى . پۈتۈن ئارال ئەھلى خۇشال بولۇپ ، ئىسكەندەرگە نۇرغۇن ھەدىيىلەر تارتۇق قىلىشتى .

## ئاجايىپ قۇش

ئىسپاھانلىق بىر كىشى ماڭا مۇنداق ھېكايەت سۆزلەپ بەردى :

مەن كۆپ قەرز بولۇپ قېلىپ ، بۇ قەرزلەرنى تۆلىيەلمەي ، ئاخىر ئىسپاھان شەھرىنى تاشلاپ ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتىم . بىر كۈنى بىر كونا كېمىگە ئولتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندىم . كېمە نەچچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن ، دېڭىزدا قاتتىق بوران چىقىپ كېمىنى يولدىن ئازدۇردى ۋە پارس دېڭىزىغا ئاپىرىپ تاشلىدى . بۇ چاغدا دېڭىز دولقۇنلىرى تېخىمۇ ئۆلغىيىشقا باشلىدى . كېمىدە مەندىن باشقا يەنە كۆپ سودىگەرلەر ۋە بىر مۇئەللىممۇ بار ئىدى .

سودىگەرلەر مۇئەللىمدىن :

— ئەي مۇئەللىم ، سىز بۇ دولقۇنلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپالارسىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

مۇئەللىم ئۇلارغا :

— ئەگەر ، ئىچىڭلاردا بىرەرسى چىقىپ ئۆزىنى كۆپچىلىك ئۈچۈن قۇربان قىلسا ، ئىنشائاللا بۇنىڭ پايدىسى باشقىلارغا ئۆتۈپ ، بۇنىڭدىن باشقىلار سالامەت قالار ، — دېدى .

مەن بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن كۆپچىلىككە دېدىم :

— ئەي بۇرادەرلەر ، مەن تىرىكلىكنىڭ قاتتىقلىقىدىن جېنىمدىن تويغان . ئەمدى مۇشكۈلچىلىك ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىشقا رازىمەن ، — ئاندىن ، — قېنى ئېيتىڭ . نېمە قىلىشىم كېرەك . بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇنداي ، — دېدىم مۇئەللىمگە قاراپ .

— سەن ئاۋۇ ئارالغا چىقىپ ، ئۇ يەردىكى دۇمباقنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي ئۇر . شۇ چاغدا كېمە قايىنامدىن چىقالايدۇ ، — دېدى مۇئەللىم .

مەن ئۇلارغا :

— مېنىڭ ئىسپاھاندا نۇرغۇن ئادەملەرگە قەرزىم بار . سىلەر مەن ئۈچۈن ئۇلارغا قەرزنى تۆلىۋەتسەڭلار ۋە مەن ئۈچۈن خەير - ئېھسان قىلساڭلار ، — دەپ شەرت قويدۇم .

ئۇلار شەرتلىرىمنى قوبۇل قىلىپ ، چوقۇم ئادا قىلىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى . ماڭا ئۈچ كېچە - كۈندۈزگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك بەردى . مەن جەزىرىگە چىقىپ دۇمباقنى ئۇرۇشنى باشلىدىم .

ئۈچىنچى كۈنى كېمە ھەرىكەتكە كېلىپ كۆزۈمدىن غايىب بولدى .

شۇنداق قىلىپ ، مەن بۇ ئارالدا يالغۇز قالدىم . جەزىرىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . بۇ دەرەخ شۇنداق ئېگىز ئىدىكى ، بۇنداق كاتتا دەرەخنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئامبىرى

باقمىغانىدىم . دەرەخنىڭ تۆۋىنىدە خۇددى سۇپىغا ئوخشاش بىر جاي بار بولۇپ ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم . كەچ كىرگەندى ، بىر غەيرىي ئاۋازنى ئاڭلىدىم . ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسام ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك شۇنداق چوڭ بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ ، ھېلىقى چوڭ دەرەخ ئاستىدىكى سۇپىغا قوندى . شۇ چاغدا بىلدىمكى ، ئۇ جاي شۇ قۇشنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن . مەن بۇ قۇشنىڭ تۇرقىدىن قورقتۇم . ئۆزۈمنى پىنھان جايغا ئالدىم . بىر كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى . قۇش قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى قېقىپ ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى . كەچ كىرگەندە يەنە ئۇچۇپ كېلىپ ، ھېلىقى سۇپىغا قوندى . بۇ چاغدا مەن ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆرە تۇردۇم . ئۇ ماڭا ھېچقانداق خىرىس قىلمىدى . تاڭ ئاتتى ، قۇش يەنە ئۇچۇپ كەتتى . كەچ كىرگەندە كېلىپ يەنە ئۆز جايىغا قوندى . بۇ نۆۋەت مەن ئۇنىڭدىن قورقمىدىم . ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم . يەنە بىر كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى . قۇش بۇرۇنقىدەكلا قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى . مەن ئۇنىڭ ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم ـ دە ، دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ پۇتىغا ئېسىلدىم . قۇش مېنى كۆتۈرگىنىچە ئاستا ئاسمانغا قاراپ كۆتۈرۈلدى . قۇش شۇ تەرىزدە نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئۇچتى . قۇش ئۇچۇۋاتاتتى . مەن تۆۋەنگە قارىدىم . دېڭىزنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قاينىمىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم . مەن بۇ چاغدا : «قولۇمنى قويۇپ بېرىپ ، بۇ دۇنيانىڭ رەنجىدىن بىراقلا قۇتۇلاي» دەپ ئويلىدىم . لېكىن ، سەۋر قىلدىم . قۇش يەنە نەچچە كۈن ئۇچتى . مەن يەنە تۆۋەنگە قارىدىم . بىر چوڭ گۇمبەزنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىسىنى كۆردۈم . قۇش ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلىپ ئۇچۇشقا باشلىدى . قۇش گۇمبەزگە يېقىنلاشتى ۋە قونۇشقا تەمشەلدى . شۇ ئەسنادا ، قولۇمنى قويۇپ بېرىپ گۇمبەزنىڭ ئۆگزىسىنى ساق ـ سالامەت تۇتۇۋالدىم . قۇش ئۇچۇپ كەتتى . بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران

قىلىشتى ۋە يېنىمغا كەلدى. ئۇلار مېنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ مېنىڭ تىلىمنى بىلىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ كېلىپ، مەندىن ئەھۋال سورىدى. مەن بولغان ۋەقەلەرنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردىم. پادىشاھ ھەيران قالدى. مەن پادىشاھ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇردۇم. پادىشاھ ماڭا نۇرغۇن پۇل ـ ماللارنى ئىنئام قىلدى. بىر كۈنى مەن ساياھەت قىلىپ دېڭىز ياقىسىغا باردىم. بىر كېمىدە ھېلىقى سەپەرداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ھەيران قىلىشتى ۋە سورىدى. مەن:

— ئەي خالايىق، مەن ئۆز جېنىمنى سىلەرنىڭ نىجاتلىقىڭلار ئۈچۈن پىدا قىلغانىدىم، ئەمدى تەڭرى ماڭا خالاسلىقنى بەردى. يەنە تېخى نۇرغۇن پۇل ـ مالمۇ بەردى. مەقسىتىمگە سىلەردىن بۇرۇن يەتكۈزدى، — دېدىم. خالايىق مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئېلىشتى.

## ئاجايىپ ئارال

سودىگەرلەردىن بىرى مۇنداق رىۋايەت قىلدى:

— بىر كۈنى مەن كېمىگە ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقتىم. كېمە دېڭىز دولقۇنىغا ئۇچراپ، داۋالغۇشقا باشلىدى. ئاخىر مېنى «مەھتەر» دېگەن ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىدى. مەن بۇ ئارالغا چىقىپ قارىدىم. ئارالدا ئادەملەر كۆپ ئىكەن. بۇ يەردە خېلى زامان تۇردۇم. جەزىرىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۇلپەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگەندىم. بىر كۈنى كەچتە جەزىرىدىكى خالايىقلارنىڭ داد ـ پەرياد قىلىشىپ يىغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇلاردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇلار كۆكنىڭ بۇرجىكىدىكى بىر يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئۇ يۇلتۇز بىزنىڭ بېشىمىزنىڭ ئۇدۇلىغا كەلسە، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەردىكى ھەرقانداق نەرسە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋەقە ھەر ئوتتۇز يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىدۇ، — دېدى.

دەرھەقىقەت، ئۇ يۇلتۇز كۈندىن - كۈنگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. جەزىرىدىكى خالايىقلار مال - دۇنيالىرىنى كېمىلەرگە قاچىلاپ كېتىشتى. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەتتىم. ئۇ يۇلتۇز بۇ جايدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىشتى. دېگەندەك جەزىرىدىكى ھەممە نەرسىلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. ئۇلار يەنە يېڭىۋاشتىن ئۆي - ماكانلىرىنى سېلىشقا باشلىدى.

## زەۋرا ئارىلى

بىر سودىگەر زەۋرا ئارىلى ھەققىدە مۇنداق ھېكايەت قىلدى. بۇ ئارال چىن شەھىرىگە يېقىن بولۇپ، ئارالدا تاشتىن ياسالغان بىر شەھەر بار. بىر كۈنى بىز شۇ شەھەرگە باردۇق. ئۇ شەھەردىن ھەر خىل غەيرىي ئاۋاز ۋە غۇلغۇلا كېلەتتى. ئۇ يەرگە ھېچكىم بارالمايدىكەن. شەھەرنىڭ ئۇدۇلىدا تاتلىق سۇ بولۇپ، ئۇ سۇدىن كافۇرنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدىكەن. شەھەر يېنىدا بىر تاغ بار بولۇپ، تاغ ئۈستىدىن بىر پارچە ئۇلۇغ ئوت كۆككە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. تاغدىكى ئوت يېنىپ تۇرغان جايدا يىلان بار ئىكەن. ئۇ يىلان ھەر يىلى بىر قېتىم سىرتقا چىقىدىكەن. زەڭگىنىڭ پادىشاھلىرى بۇ يەرگە مەخسۇس ئادەم قويۇپ، ئۇ يىلانلارنى تۇتىدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ بەدىنىگە سۈركەيدىكەن. بۇ ياخشىلىق ۋە راھەت ئېلىپ كېلىدىكەن. ئەگەر، سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەم ئۇ يىلاننىڭ تېرىسىنى يەرگە يېيىپ ئۈستىدە ئولتۇرسا كېسىلى ساقىيىدىكەن. پادىشاھلار بۇ يىلان تېرىلىرىنى بىر - بىرىگە سوۋغا قىلىشىدىكەن.

ھىندى پادىشاھلىرى ئوردىلىرىدا بۇنداق يىلان تېرىلىرى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، ھىندىلاردا سىل كېسىلىگە گىرىپتار

بولغانلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئادەتتىكى ھىندىلارمۇ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولسا، پادىشاھ خەزىنىسىدىن بۇ خىل تېرىنى ئېلىپ چىقىپ ئىشلىتىدۇ.

## قۇشلار بىلەن جەڭ

رۇملۇق بىر كىشى ماڭا مۇنداق رىۋايەت سۆزلەپ بەردى:

بىر كۈنى قۇزلەم دېڭىزىدا سەپەر قىلىۋېتىپ كېمىمىز پاچاقلىنىپ كەتتى. مەن بىر پارچە تاختايغا چىقىۋالدىم. سۇدا لەيلەپ قالدىم. شامال مېنى «بەھاناس قەسرۇلقاقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىدى. قارىسام، بۇ ئارالدا بىر خىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەددى ـ قامىتى بىر گەز ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنىڭ بىر كۆزى كور ئىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، باغلىغان پېتى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھى مېنى زىندانغا قاماشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەپەسكە ئوخشايدىغان بىر جايغا ئاپىرىپ قامىدى. مەن قەپەسنى سۇندۇرۇپ قاچتىم. ئەمما، ئۇلار مېنى يەنە تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ مەن بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. بارا ـ بارا ئۇلار بىلەن چىقىشىپ قالدىم. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ جەڭ تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سورىدىم:

— بىزنىڭ قۇش دۈشمىنىمىز بار، ئۇ قۇشلار ھەر يىلى مۇشۇ چاغدا كېلىپ بىز بىلەن جەڭ قىلىدۇ، — دېيىشتى.

دەرھەقىقەت، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن توپ ـ توپ قۇشلار بۇ يەرگە ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر خىل سۇ قۇشلىرى بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر ئۇلارنى «غەرابىق» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار: «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز مۇشۇ قۇشلار» دېدى. بىلدىمكى، ئۇلارنىڭ بىر كۆزىنى مۇشۇ قۇشلار چوقىلاپ كور قىلغانىكەن. مەن قورالىمنى ئېلىپ قۇشلار بىلەن باتۇرلارچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىشتىم . قۇشلارنىڭ ھەممىسى ھەيۋىتىمدىن قورقۇپ قاچتى . ئۇلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ماڭا تولىمۇ ئىززەت - ھۆرمەت قىلىشتى .

## ئىت باشلىق ئادەم

ياقۇپ بىننى سەرراج بىننى ئىسھاق مۇنداق ھېكايەت قىلدى : مەن يۈزلىرى تاتىلانغان بىر ئادەمنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم . ئۇ ماڭا مۇنداق ھېكايەت قىلىپ بەردى :

بىر كۈنى بىز كېمە بىلەن سەپەردە ئىدۇق ، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ بىزنى بىر ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىدى . بىز بۇ ئارالدا شۇنداق بىر خىل ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى كۆردۇقكى ، ئۇلارنىڭ بېشى ئىتنىڭ بېشىغا ، تېنى بولسا ئادەمنىڭ تېنىگە ئوخشايدىكەن . بىز ئارال بويىدىكى كېمىگە چىقىۋالدۇق . نۇرغۇن سەگسارلار[1] يېتىپ كەلدى . ئۇلار يىراقتىن بىزگە قاراپ تۇردى . ئۇلاردىن بىر قىسمى قوللىرىغا تاياق ئېلىپ كېلىپ بىزنى خۇددى قوينى ھەيدىگەندەك كېمىدىن جەزىرىگە ھەيدەپ ماڭدى . بىز يولدا نۇرغۇن ئادەم ئۇستىخانلىرىنى كۆردۇق . ئۇلار بىزنى ھەيدەپ كېلىپ ، ئايرىم ئۆيلەرگە سولىدى . مەن سولانغان ئۆيدە بىزنىڭ خىلىمىزدىكى بىر ئادەم بار بولۇپ ، ئۇ ناھايىتىمۇ ئاجىز كۆرۈنەتتى . مەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم . ئۇ :

— بۇ سەگسارلار قوۋمى يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەر بولسا ئېلىپ كېلىپ ، بىزگە يېگۈزىدۇ . بىز سەمرىگەندىن كېيىن ئارىمىزدىن سېمىزلىرىمىزنى تاللاپ سويۇپ يەيدۇ . مەن ئاغرىق ۋە ئورۇق بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئىت باشلىقلار ماڭا خىرىس قىلمىدى .

بۇ سەگسارلارنىڭ ئەتە ھېيتى بولىدۇ ، شۇ چاغدا ، ئۇلارنىڭ

---

[1] سەگسار — رىۋايەتلەردىكى ئىت باشلىق ، ئادەم تەنلىك مەخلۇقات .

ھەممىسى بۇ جايدىن غايىب بولىدۇ . ئەگەر ، جىننىڭ قۇتۇلدۇراي دېسەڭ ، شۇ پەيتتە قېچىشىڭ كېرەك ، مەن سەن بىلەن بىللە قاچاي دېسەم قۇۋۋەت – مادارىم يوق . ئەگەر ، قاچماقچى بولساڭ ، مەن ساڭا بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ بېرەي ، سەن قېچىپ شۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋال . سەگسارلار ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمگە چېقىلمايدۇ ، — دېدى .

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم – دە ، كېچىلەپ قېچىپ شۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم . سەگسارلار قوغلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ، مېنى دەرەخ ئۈستىدە كۆرۈپ ، قايتىپ كەتتى . مەن سەگسارلاردىن قۇتۇلۇپ بۇ ئارالدا يۈردۈم . ئارالدا دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن . بىر تۈپ چوڭ دەرەخ ئۈستىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە شۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقتىم . دەرەخ ئۈستىدە ناھايىتى چىرايلىق ئادەملەر ئولتۇرغانىكەن ، مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم . ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىدىم . ئۇلارمۇ مېنىڭ تىلىمنى بىلىشمىدى . بىر دەمدىن كېيىن ئۇلاردىن بىرى كېلىپ قولىنى گەدىنىمگە ئالدى ۋە بوينۇمغا مىنىپ پۇتلىرى بىلەن مېنى قاتتىق قىستى . مېنى پۇتلىرى بىلەن قوزغىلىشىمغا ئىشارەت قىلدى . بۇ چاغدا مەن ئۇنى گەدىنىمدىن ئېلىپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلدىم . ئۇ ئۈتكۈر تىرناقلىرى بىلەن مېنى تاتىلىدى . مەن ئۇنى دەرەخلەر ئۈستىدە ئېلىپ يۈردۈم . ئۇ گەدىنىمدە ئولتۇرۇپ دەرەخلەردىن مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەيتتى . ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مېنىڭ ھالىتىمنى كۆرۈپ زاڭلىق قىلىشاتتى . بىر چاغدا دەرەخنىڭ بىر تال شېخى ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتتى . مەن دورا شەربىتى ياساپ ئۇنىڭغا بەردىم . ئۇ دورىنى ئىچىپ مەست بولۇپ پۇتلىرى بوشىشىپ كەتتى . ئۇشتۇمتۇت ئۇنى گەدىنىمدىن ئېلىپ يەرگە تاشلىدىم – دە ، ئاخىر قېچىپ قۇتۇلدۇم . يۈزۈمدىكى تاتۇق ئىزلىرى ئەنە شۇنىڭدىن قالغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سۇ ئادەملىرى

ئەبۇ ھەمەدان يەئىبى مۇنداق رىۋايەت قىلدى :
شام دېڭىزىدا ئىنتايىن چوڭ بېلىقلار ياشايدۇ . ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بېلىقلارنى چوڭ ئىلمەك ۋە ئارغامچىلار بىلەن ئوۋلايدۇ . بىر كۈنى خالايىقلار شۇ تەرىقىدە ناھايىتى چوڭ بىر بېلىقنى دېڭىز قىرغىقىغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى . خالايىقلار كۆردىكى ، بۇ چوڭ بېلىقنىڭ قۇلىقىدىن رەڭگى ئاپئاق ، چاچلىرى قىزىل ، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز چىقتى . قىزنىڭ بېلىدە نېپىز پەردىسى بار بولۇپ ، خۇددى تامبالغا ئوخشاش كىندىكىدىن بېلىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى . بېلىقچىلار ئۇ قىزنى بېلىقنىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ چىقاردى . شۇ ھامان قىز قوللىرىنى بېشىغا ئۇرۇپ ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ، ئاللا ـ توۋا كۆتۈردى ـ دە ، ئۆلدى . مەن بۇنداق ۋەقەلەرنى يەنە بىرقانچە كىتابلاردىمۇ كۆرگەنمەن .

# نۇشىرۋان بىلەن دېڭىز ئادىمى

نۇشىرۋان پادىشاھ تۈركلەر بىلەن بىر قېتىملىق جەڭدە دېڭىزدا تۇغان باغلىدى . تۇغاننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى تەكشۈرۈپ چىقىپ ، تەگرىگە شۈكۈر ـ سانالار ئوقۇدى ۋە خۇشال بولۇپ ، تەختنى تۇغاننىڭ بىر تەرىپىگە قويۇشقا بۇيرۇدى . ئۆزى تەختكە ئولتۇرۇپ :
— ئەي قۇدرەتلىك تەگرىم ، سەن ماڭا ئىلھام بەردىڭ . بۇ تۇغاننى ياساپ تۈركلەر بىلەن غالىب جەڭ قىلىشىمغا مەدەت بەردىڭ . مېنى ئەمدى ئۆز مۇقامىغا يەتكۈزگەيسەن ، — دېدى . ئاندىن كېيىن بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى . شۇ چاغدا دېڭىزدىن خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش قارا تۇمان پەيدا بولۇپ ، ئالەمنى قاپلىدى . بۇ قارا تۇمان نۇشىرۋاننىڭ قەستىگە چۈشتى . ئۇنىڭ چىرىكلىرى

يانى تارتىپ تەييار بولدى . نۇشىرۋان ئويغىنىپ چېرىكلىرىگە :
— ئوقيا ۋە ياراغلىرىڭلارنى تاشلاڭلار ، مەن ئۆزلۈكۈمدىن جۇدا بولغىلى ئىككى يىل ئالتە ئاي بولدى . تەڭرى ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەچكە بۇ تۇغاننى ياساپ پۈتتۈردۈم . بۇنداق ئۇلۇغ ئىش مېنىڭ قولۇمدا تامام بولدى . ئەمدى مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىر سۇ ھايۋىنى تەرىپىدىن ھالاك بولىمەن ، — دېدى . پۈتۈن لەشكەرلەر قورال - ياراغلىرىنى تاشلىدى . شۇ چاغدا دېڭىزدىن بىر ئادەم چىقتى ۋە نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ :
— ئەي پادىشاھ ، بىلگىنكى ، مەن مۇشۇ دېڭىزدا ياشىغۇچىلارنىڭ بىرى بولىمەن . ئىلگىرى بۇ يەردە كۆپ پادىشاھلارنىڭ بۇ تۇغاننى ياسىغانلىقىنى كۆرگەنمەن ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراب بولغان . ماڭا تەڭرىدىن پالانى شەھەردىن پالانى پادىشاھ كېلىپ بۇ يەردە تۇغان بىنا قىلىدۇ ، ئۇنى ھېچقانداق ئادەم ۋەيران قىلالمايدۇ ، دەپ خەۋەر كەلگەنىدى . ئۇ پادىشاھ سەن دۇرسەن . تەڭرى قىلغان مۇشەققەتىڭگە ئوبدان ئەجىر بەرسۇن ، — دېدى - دە ، كۆزدىن غايىب بولدى . ئۇنىڭ نە ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ياكى دېڭىزغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىدى .

# سۇ ئادىمىنىڭ سۆزى

شام دېڭىزىدا سۇ ئادەملىرى كۆپ ياشايدىكەن . ئۇلار پات - پات دېڭىز يۈزىدە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن . دېڭىز يۈزىگە چىققاندا ئۇلارنىڭ بېلىدىن يۇقىرى تەرىپى سۇ ئۈستىدە ، قالغان تەرىپى بولسا سۇنىڭ ئاستىدا تۇرىدىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، سۇ ئادەملىرىنىڭ سۇدىن تاشقىرى چىقىشى ئەرزانچىلىق ۋە تىنچلىقنىڭ بېشارىتى ئىمىش .
سۇ ئادەملىرىدىن بىرىنى بىر پادىشاھ تۇتتۇۋېلىپ يەنە بىر پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ . پادىشاھ بۇ سۇ ئادىمىنىڭ سۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەرقانچە قىلىپمۇ بىلەلمەپتۇ . ئاخىر بۇ سۇ ئادىمىگە خوتۇن ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىپتۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بالىسىدىن سورىماقچى بوپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلاردىن بىر پەرزەنت تۇغۇلۇپتۇ . ئۇنىڭ بالىسى چوڭ بولغاندىن كېيىن ، پادىشاھ سۇ ئادىمىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن سۆز سوراپتۇ ۋە ئۇنىڭ بالىسىدىن :

— ئاتاڭ نېمە دەيدۇ ، — دەپتۇ پادىشاھ .

ئۇنىڭ بالىسى :

— ئاتام سىلەرگە ھەيران قاپتۇ . ئۇ : «ھەممە ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقى ساغرىسىدا ئىكەن ، ئەمما بۇلارنىڭ قۇيرۇقى بېشى ۋە يۈز ـ كۆزلىرىدە ئىكەن» دەيدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

«ئاجايىبۇل ـ مەخلۇقات ۋە غەرايىبۇل ـ
مەۋجۇدات» ناملىق كىتابتىن .
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت

## ئات ئاتىڭدىن ئەزىز بولسىمۇ ، مەھكەم باغلا

ئىلگىرى موللىيات ئىسىملىك بىر سىپاھ بەگ ئۆتكەنىكەن . بۇ سىپاھ بەگنىڭ ئېسىل نەسىللىك بىر ئېتى بولۇپ ، سىپاھ بەگ بۇ ئاتنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن . بىر كۈنى سىپاھ بەگ بۇ ئېتىغا مىنىپ خانلىقنىڭ خىزمىتىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۇزاق سەپەرگە چىقىپتۇ . يولنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە كۈننىڭ قىزىقلىقى بىلەن ئات ھېرىپ ، قەدىمى ئاستىلاپ تەرلەشكە باشلاپتۇ . سىپاھ بەگنىڭ ئاتقا ئىچى ئاغرىپ چۈشۈپ پىيادە مېڭىپتۇ . بىر چۆپلۈككە كەلگەندە ، ئاتنى باغلاشقا كۆزى قىيماي يۈگەن ـ نوختىلىرىنى بويىنىغا يۆگەپ ئوتلاققا قويۇۋېتىپ ، دەم ئېلىشقا باشلاپتۇ . ئاتنىڭ قورسىقى تويغاندىن كېيىن ، سىپاھ بەگ يولنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشىغا ، كۆتمىگەندە ئات يات كىشىنى كۆرگەندەك

شىڭتىيىپ قاراپتۇ ۋە ئۇركۇگەندەك يىراقلاپ قىچىپتۇ . سىپاھ بەگ نان تەڭلەپ ، چاقىرىپ ئاتنىڭ كەينىدىن مىڭىپتۇ . ئەمما ، ئات بارغانسېرى تېز يۈگۈرۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ .
سىپاھ بەگ ئاتنى باغلاپ قويمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قالدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىيا تاشقا :

مېنىڭ ئىسمىم موللىيات ،
مەندىن ئەلگە پەندىيات .
ئېتىڭ بولسا ئاتاڭچە ،
قاق قوزۇقنى باغلاپ يات .

دېگەن سۆزلەرنى ئويۇپتۇ . بۇ كېيىنكىلەرگە بىر ئىبرەتلىك تەمسىل بولۇپ قاپتۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، سىپاھ بەگ ئويۇپ قالدۇرغان بۇ ھېكمەت ھازىرمۇ قىيا تاشتا بارمىش .

## كەتكەننى كەلتۈرگەن موزاگەدەن[1]

ئىلگىرى بىر موزدۇز تەڭ كېچىگىچە ھۈنەر قىلىپ ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىغا ، ئىشىك ئەنسىز ئېچىلىپ ئۆي ئىچىگە بىر ئوغرى كىرىپ كەپتۇ . موزدۇز قورقىنىدىن خوتۇنى بىلەن يوتقانغا بېشىنى چۈمكەپ يېتىۋاپتۇ . ئوغرى ئۆيىنى قۇرۇقداپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، موزدۇزنىڭ خوتۇنى يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ :
— ۋاي مۇسۇلمان ، ئۆيدە موزاگەدەندىن باشقا ھېچنېمە قالماپتۇ ، — دەپتۇ . موزدۇز :
— غەم قىلماڭلار خوتۇن ، موزاگەدەن بولسا يەنە ھەممە نەرسىنى تاپىمىز ، بېرىپ موزاگەدەننى بېشىمغا ئەكىلىپ قويۇڭلار ، — دەپتۇ .

[1] موزاگەدەن — موزدۇزلارنىڭ چەم مۇشتلايدىغان تۆمۈر توقمىقى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىرتتا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئوغرى :«موزاگەدەن دېگەن قانداق خىسلەتلىك نەرسىدۇر ؟» دەپ قىزىقىپ ئۆيگە يەنە كىرىپتۇ . يوتقان ئىچىدە مۆكۈپ ياتقان موزدۇز ئوغرى بېشىغا كېلىشىگە :
— پاھ ، كەتكەننى كەلتۈرگەن موزاگەدىنىم ، — دەپ چاچراپ قوپۇپتۇ ـ دە ، ئوغرىنىڭ ھوشۇقلىرىغا كومشىتىپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ . تۇيۇقسىز تەگكەن توقماقتىن ئوغرى ۋايجانلاپ تۇۋلىغىنىچە مالنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ . كېيىن ، موزدۇز بۇ موزاگەدەننى ئېگىزگە ئېلىپ قويۇپتۇ ۋە سورىغۇچىلارغا : «كەتكەننى كەلتۈرگەن موزاگەدىنىم» دەپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقە خەلق ئارىسىدا تەمسىل بولۇپ تارىلىپتۇ .

# گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن

ئىلگىرى بىر يۇرتتا ، ياخشى نىيەتلىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ ، پۇقرالار بۇ باينى يۇرتنىڭ چوڭى بىلىپ ئۇلۇغلاپ ھۆرمەتلىشىدىكەن . خانلىقتىن چىققان سىپاھ بەگلەرمۇ بۇ باينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ ، ئۇنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن سىلىق يىغىدىكەن .

بۇ باينىڭ گەپنى كەمتۈك قىلىدىغان تىلى سېمىز بىر گاچا ئوغلى بار ئىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . باينىڭ ئوغلى گاچا بولغاچقا ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپتۇ . ياز كېتىپ كۈز كەپتۇ . سىپاھ بەگلەر يېزىغا سىلىق يىغقىلى چىقىپتۇ . ئۇلارغا ھوسۇل ئەھۋالىنى ئۇقتۇرىدىغان كىشىسى بولمىغاچقا ، باج ئېغىر ، سىلىق كۆپ قويۇلۇپتۇ . كىشىلەر توپلىنىپ ، سىپاھ بەگلەرگە باج ئېغىر بولۇپ قالدى دەپ ھال ئېيتىشىپتۇ . ئەمما ، سىپاھ بەگلەر بۇلارنىڭ دەلىلسىز سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئالماپتۇ . كىشىلەر نېمە قىلارنى بىلىشمەي بېشى قېتىپ تۇرۇشقاندا ، باينىڭ تىلى كەمتۈك گاچا ئوغلى

ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ــ دە :
— مەن ھۆرمەتلىك سىپاھ بەگلەرگە بۇ يىلقى ھوسۇللىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي ، — دەپتۇ ۋە ئۆز ۋاقتىدا دادىسىنىڭ سىپاھ بەگلەرگە ئەھۋال مەلۇم قىلغاندا ئاڭلاپ بىلىۋالغان سۆزلىرىگە ئاساسەن ، قۇرغاقچىلىق بولۇپ مەھسۇلات ئوخشىمىغانلىقى ، ئوت ــ چۆپ كەمچىللىكىدىن تاي ــ قوزىلار قاتارغا قوشۇلمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .
سىپاھ بەگلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، باج ــ سېلىقنى تۆۋەنلىتىشىپتۇ .
كىشىلەر باينىڭ ئوغلىنىڭ گاچا بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ھالقىلىق پەيتتە ، مەقسەت ــ مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرالىغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈشۈپتۇ ۋە بىزدەك تەربىيە كۆرمىگەنلەردىن تەربىيە كۆرگەن گاچا يۇقىرىدىكەن . بۇنىڭدىن كېيىن گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن دېيىشىپتۇ . «گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن .

## كىمگە چىققاندا چاق ئېگىرەمسىز ؟

ئىلگىرى بىر ئادەم ئۆيلەنگەنىكەن . ئايالى ئۆزىنى ئىشقا باسمايدىغان ، بۇيرۇغان ئىشنى ماقۇل دەپ قويۇپ قىلمايدىغان ھۇرۇن چىقىپتۇ ، ئېرى نەسىھەت قىلىپ :
— خوتۇن ، ئولتۇرساڭلىمۇ كۇنۇڭلار بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ . ھېچبولمىغاندا كۇنلۇكى مۇشۇ ياڭاقچىلىك بولسىمۇ يىپ ئىگىرىپ قويۇڭلار ، — دەپ بىر ياڭاقنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپتۇ . ئايال :
— ماقۇل مۇسۇلمان ، مەن چوقۇم ئەتە ئىگىرەي ، — دەپ چاقنىڭ يېنىغا يولىماپتۇ . ئېرى بولسا كۇنلۇكى بىر ياڭاقنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇۋېرىپتۇ . ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلۇڭغا تاشلانغان ياڭاق بىر دۆۋە بولۇپتۇ . ئەمما ، ئايال بىر قېتىممۇ يېپ ئىگىرمەپتۇ . ئەر بۇ ئايالىنى گەپكە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ، ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىۋەتمەكچى بوپتۇ ۋە ئايالىنى كېمىگە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن :

— خوتۇن ، سىلە كەلگەندىن بېرى بىكار ئولتۇرغۇچە مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ كۆنلۈكى ياڭاقچىلىك يىپ ئىگىرگەن بولساڭلار ، هازىر بۇلۇڭدىكى ياڭاقتەك بىر دۆۋە بولاتتى . سىلە بەك هۇرۇنكەنسىلە ، بۇ قېتىم ئاناڭلىنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىپ ئەكەلمەيمەن ، — دەپتۇ . بۇ سۆزدىن ئايال ساراسىمگە چۈشۈپتۇ :

— ۋاي مۇسۇلمان ، بۇنداق ئاچچىقلىڭلار كېلىشىنى ئۇقماپتىمەن . خاپا بولماي چاقىمنى ئاچىقىپ بېرىڭلار ، مۇشۇ كېمە تۆپىسىدىلا ئىگىرەي ، — دەپتۇ .

— نەچچە ۋاقىتتىن دېسەم ئۇنىماي ئەمدى كېمىگە چىققاندا چاق ئىگىرەمسىلە ؟ — دەپ ئۇنىماي ئايالىنى ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىپتۇ .

«كېمىگە چىققاندا چاق ئىگىرەمسىز ؟» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن .

## پوزىنى قوزا قىلغۇچە

ئىلگىرىكى زاماندا قىرمىگەرچىلىك قىلىدىغان بىر كىشى ئۆتكەنىكەن . بۇ كىشىنىڭ چىلىمدىن دۇت چىقىرىدىغان ئادىتى بولغاچقا ، خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا تېگىگە سۇ كىرىپ كەتسىمۇ خوش دەپ ئولتۇرىدىغان ، خۇيى تۇتۇپ قالسا كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ يۇگۇرۇپ قويىدىغان خۇيى بار ئىكەن .

بىر كۈنى بۇ كىشى هويلىسىنىڭ ئالدىغا تۆت يىل بۇرۇن تىكىپ قويغان بىر تۈپ سۆگەتنىڭگە كۆزى چۈشۈپتۇ - دە :

— بۇ سۆگەتنى كەسسەم قىرىق دانە پوزا بولىدىكەن ، قىرىق پوزىنى ساتسام كىچىكرەك بولسىمۇ بىر قوزا كېلىدىكەن ، قوزىنى ئىككى - ئۈچ يىل باقسام غولداپ ئۈچ - تۆت بولسا ، ئۇنى ساتسام بىر ئات كېلىدىكەن ، ھى ، ھى . خۇدايىم بەرسە ئات بىر يىلدىن كېيىن تايلاپ بەرسە . . . — دەپتۇ . بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئايالى :

— ھەي مۇسۇلمان ، تايلىسا ئانىسىغا سىلە مىنسەڭلار ، تېيىغا مەن مىنەرمەن - ھە ، — دەپتۇ . ئايالنىڭ مەسلىھەتىگە پوزىچىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپتۇ - دە :

— ھەي ، سەن ئەمدىلا تۇغۇلغان تايغا مىنسەڭ بېلى سۇنۇپ كەتمەمدۇ ؟ ! — دەپ يۇگۇرۇپ قوپۇپتۇ - دە ، ئايالىنى ئۇرۇپ بىلىكىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ .

«پوزىنى قوزا قىلغۇچە» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن .

## گۆش بىلەن ياغنىڭ گېپى يوق . . .

ئىلگىرى يەكەننىڭ قاراقۇم دېگەن يېرىدە بىر كىشى ئۆتكەنىكەن . بۇ كىشى ھەممىشە پىياز تېرىپ ئاشخانىلارغا ساتىدىكەن ۋە بۇ ئاشخانىلاردىن مانتا يەپ قالغان چاغلىرىدا ، «ھەي ، ھەي ، بىزنىڭ قاراقۇمنىڭ پىيىزىدا مانتا ئەجەب ئوخشايدۇ - جۇما ! » دەپ ، ئاغزىنى تامشىتىپ كېتىدىكەن . ئۇنىڭ بۇ ماختىنىشلىرى چىشىغا تەگكەن بىر ئاشپەز : «گۆش بىلەن ياغنىڭ گېپى يوق ، قاراقۇمنىڭ پىيىزىنىڭ گېپى بارمۇ ؟ » دەپتۇ ۋە ئۇ كىشى كىرىشكە گۆش ، ياغ سالماي پىيازدىلا بىر تەخسە مانتا ئېتىپ ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ - دە : «ھەي ، ھەي ، سىلىنىڭ قاراقۇمنىڭ پىيىزىدا مانتا ئەجەب ئوخشايدۇ - جۇما ، قېنى يەپ باقسىلا» دەپتۇ . ئۇ كىشى بۇ پىياز مانتىسىنى ئاغزىغا سېلىپلا ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز ماختانچاقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە ئىككىنچى قاراقۇمنىڭ پىيىزىنى ماختىمايدىغان بوپتۇ .
«گۆش بىلەن ياغنىڭ گېپى يوق ، قاراقۇمنىڭ پىيىزىنىڭ گېپى بارمۇ ؟» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن .

## خوجائاكاڭ قىلمىغانتى ناشتا . . .

قەدىمكى زاماندا تولىمۇ ئېھتىياتچان بىر تۈلكە بار ئىكەن . بۇ تۈلكە بىر كۈنى ئوۋ ئىزدەپ چىقىپ كەچ كىرگۈچە ھېچ نەرسە تاپالماي قايتىپ كېلىۋاتسا ، بىر قورام تاش ئۈستىدە بىر قوينىڭ ئاپئاق قۇيرۇقى تۇرغۇدەك . بۇنى كۆرۈپ تۈلكىنىڭ نەپسى تاقىلداپ ، ئېغىزلىرىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ . ئەمما ، قۇيرۇقنىڭ يېنىغا بارماستىن ئېھتىيات بىلەن توختاپ : «بۇنىڭدا بىر گەپ بار» دەپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ ــ دە ، ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ . بۇ يەردە بىر ئېيىق يەر تىمىسقىلاپ يۈرگەنىكەن . تۈلكە ئېيىققا :
— ھەي ئېيىق پالۋان ، ئورمانلىقنىڭ ياقىسىدىكى تاش ئۈستىدە بىر قوينىڭ قۇيرۇقى تۇرۇپتۇ . ئوۋلاپ يېمەيمىزمۇ ؟ — دەپتۇ .
بۇنى ئاڭلاپ ئېيىق خۇشاللىنىپ كېتىپتۇ ۋە :
— نېمىشقا يېمىگۈدەكمىز ، قېنى ئەمىسە مېنى باشلا ، — دەپ تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ مېڭىپتۇ . قۇيرۇق قويۇلغان تاشنىڭ يېنىغا كەلگەندە تۈلكە ئېيىققا :
— ئەنە كۆردۈڭمۇ ، ئېھتىمال بىرەرسى كېيىنچە يېيىش ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويغان گەپ ! — دەپ تۇۋلاپتۇ . نەپسى تاقىلداپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئېيىق قۇيرۇقنى يەۋېتىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىپ يۈگۈرۈپتۇ . ئەمما ، تومشۇقى قۇيرۇققا شۇنداق تېگىشى بىلەن «چاراس !» قىلىپ ، ئوۋچى قويغان تۇزاق تومشۇقىنى بوغۇپتۇ . تۈلكە پەرىزىنىڭ توغرا چىققانلىقىغا سۆيۈنۈپ

كېتىپتۇ ـ دە ، ھەركىمنىڭ زارلاۋاتقان ئېيىقتا قارىماي قوغۇرۇقنى ئېلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ .

«خوجائاكاڭ قىلمىغانتى ناشتا ، بىكار تۇرماس قوغۇرۇق تاشتا» دەيدىغان ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن .

توپلاپ رەتلىگۈچى : دىلشات ئابلىز

## كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ خاسىيىتى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ خاسىيىتى ناھايىتى كۆپمىش . ئۇلاردىن بىرى : ئۇنى ئېلىپ يۈرگەن كىشى يامانلاردىن ئەمىن تاپارمىش . بۇ ھەقتە ئېبىن ئەييۇبى مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ :

بىر كۈنى ئەرنەيىنگە بارماقچى بولۇپ كارۋانلار بىلەن بىللە كېتىپ باراتتىم . بىر كىشى بىزگە بىر توپ قاراقچىلارنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى . بۇنى ئاڭلاپ كارۋانلار ساراسىمىگە چۈشتى . شۇ چاغدا ئۇلار ئارىسىدىن بىرى :

— خاتىرجەم بولۇڭلار ، قاراقچىلارغا ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن . ئەمما ، بىر شەرت شۇكى ، مېنى ھەرگىز قاراقچىلارغا كۆرسەتمەڭلار ، — دېدى . كارۋانلاردىن بىرى ئۇنى تۇيدۇرماي قاراقچىلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە باشلاپ باردى . بۇ چاغدا قاراقچىلار ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ھۇجۇم تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى . ئۇ كىشى نېمىنىدۇر بېلىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ توپىغا مىلىدى ۋە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھېلىقى نەرسىنى قاراقچىلارغا قارىتىپ سىلكىگەنىدى ، ئۇنىڭدىن قاتتىق بوران چىقىپ توپا ـ تاشلارنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى . قاراقچىلار بوران زەربىسىدىن ئۆرە تۇرالماي تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراشقا باشلىدى . ھېلىقى كىشى كارۋانلار ئارىسىغا كېلىپ :

— ئەمدى قورقماڭلار ، بىز يولغا چىقايلى ، — دېدى . بىز ئۇ يەردىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتتۇق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئەرنەيىنگە يېتىپ كېلىپ ، دوستۇم شەيخۇر ـ رەئىسنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا ئۇنىڭ قېشىدا ھېلىقى ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە بولغان ۋەقەنى دوستۇمغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم . شەيخۇر ـ رەئىس :

— بۇ ئادەمدە كەركىداننىڭ مۈڭگۈزى بار . بۇ مېنىڭ ھىندىستاندىن كەلگەن دوستۇم . كەركىدان مۈڭگۈزىنىڭ خاسىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەر نۇرغۇندۇر ، — دېدى .

# ئىككى ھېكايەت

بىر كۈنى ھارۇن رەشىدنىڭ مۇنەججىمى ھۆكۈم قىلىپ ئۇنى تۇس شەھىرىدە ۋاپات بولىسىز دەپتۇ . ھارۇن رەشىد بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن : «ئۇنداقتا مەن ئۆمرۈمدە ھەرگىز تۇس شەھىرىگە بارمايمەن» دەپ قەسەم قىپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى تۇسنىڭ ھاكىمى رافىئ ئىبن ھەزىمە خەلىپە ھارۇن رەشىدكە ئاسىيلىق قىلىپ ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىپتۇ ۋە بارا ـ بارا كۈچىيىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشقا باشلاپتۇ . خەلىپە ھارۇن رەشىد قول ئاستىدىكىلەرنى رافىئ ئىبن ھەزىمەنى ئەل قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى ئەل قىلالماپتۇ . ئاخىر ئۆزى ئاتلىنىپ جازا يۈرۈشى قىلماقچى بوپتۇ . ئەمما ، مۇنەججىمنىڭ قىلغان ھۆكمىنى ئەسلەپ ، تۇسقا جازا يۈرۈشى قىلىشتىن يالتىيىپتۇ . بۇ چاغدا سىپاھلارنىڭ ھەممىسى بىردەك :

— بىر مۇنەججىمنىڭ بىھۇدە سۆزىگە ئىشىنىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق . ئەگەر ، شاھىمىز راستتىنلا ئىشىنىدىغان بولسا خۇراسانغىچە بارسۇن . خۇراساندىن تۇسقىچە يەنە يۈز فەرسەخ يول بار ، بىز رافىئ ئىبن ھەزىمەنى ئەل قىلىپ كېلەيلى ، — دېيىشىپتۇ .

خەلىپە ھارۇن رەشىد ماقۇل كۆرۈپ يولغا چىقىپتۇ . ئۇلار نىشاپۇرغا يېتىپ كەلگەندە ، كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ ، يولدىن

ئېزىپ قاپتۇ . ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا تۇس شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان . خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپتۇ ۋە دەرھال قايتىشقا بۇيرۇق قىپتۇ . ئەمما ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قىزىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ قايتىشقا ئامال بولماپتۇ . خەلىپە ھارۇن رەشىد شۇ جايدا ۋاپات قىپتۇ .

*　　　　*

ھۇججاجنىڭ بىر مۇنەججىمى بار ئىكەن . بىر كۈنى ھۇججاج مۇنەججىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— قېنى ئېيتقىنا ، مەندىن كېيىن قالسا ، ئىراققا كىم پادىشاھ بولىدۇ ؟

مۇنەججىم بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن :

— ئۇلۇغ شاھىم ، مەن خېلىدىن بۇيان يەم قىلىپ كېلىۋاتقانىدىم . ئۆزلىرىدىن كېيىن قالسا بۇ دۆلەتكە شۇنداق بىرى پادىشاھ بولىدۇكى ، ئۇنىڭ ئىسمى يەزىددۇر ، — دېدى .

— ئۇ يەزىد بىن مەھلەب بولمىسۇن يەنە ، — دېدى پادىشاھ ھۇججاج قاتتىق چۆچۈپ .

— دەل شۇ بولىدۇ ، — دېدى مۇنەججىم .

يەزىد بىن مەھلەب ھۇججاجنىڭ كۈيئوغلى ئىدى . ھۇججاج ئۇنىڭدىن قىزىنىڭ تالىقىنى ئالدى ۋە يەزىدنى تۈرمىگە تاشلاپ ، قىيناپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى . ھۇججاج ھەر كۈنى يەزىدنى مىڭ دەرھەم تاپشۇرۇشقا ئەمىر قىلدى . ئەگەر ، تاپشۇرالمىسا ئۇنى يۈز پالاق ئۇردى . يەزىد ئاخىر ھۇججاجنىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ ، سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىكتىن پاناھلىق تىلىدى . سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىك يەزىدگە كۆپ شاپائەتلەر قىلىپ ، ئۇنى ئۆكسىنى ۋەلىددىنمۇ تىلەپ ئالدى . شۇنداق قىلىپ ، يەزىد ئۆزىنىڭ باتۇرلۇق شىجائىتى بىلەن ئابدۇلمەلىكنىڭ قول ئاستىدا سەردار بولدى . كېيىن ، ھۇججاج ۋە ۋەلىد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سۇلايمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر ئابدۇلمەلىك بىلەن يەزىد ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىك يەزىدنى ئىراقتا پادىشاھ قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى.

«ئاجايىبۇل ـ مەخلۇقات ۋە غەرايىبۇل ـ مەۋجۇدات» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت

# قىسقا ھېكايەتلەر

بىر ئادەم خۇدالىق دەۋاسى قىلغانىكەن، ئۇنى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭغا:
— بۇلتۇر بىرى كېلىپ، مەن پەيغەمبەر بولىمەن دېگەندە ئۆلتۈرۈلگەندى، — دەپتۇ.
— بەك ياخشى قىلىشقانىكەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — ئۇنى مەن ئەۋەتمىگەنىدىم.

* *

بىر ناتىق مۇنبەرگە چىقىپ شۇنداق دەپتۇ:
— ئالەمدىن مەست ھالەتتە كەتكەن بەندە قىيامەت كۈنىمۇ گۆردىن مەست ھالەتتە قوپىدۇ.
مەجلىس ئەھلىدىن بىر خۇراسانلىق ئادەم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:
— ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي، كەيپى قىيامەتكىچە يېتىدىغان بۇنداق شارابنىڭ بىر بوتۇلكىسى يۈز دىنارغا ئەرزىيدۇ ـ دە، — دەپتۇ.

* *

بىر مەزىن ئەزان ئېيتقان پېتى يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرگەن ئادەملەر:

— نېمىشقا ئەزان توۋلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىشىپتۇ .

— «ئاۋاز يىراقتىن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ» دېيىشىدىكەن . ئۆز ئاۋازىمنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەزىن .

*　　　　　　*

سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇن يۈدۈپ كېتىۋاتقان ئاجىز بىر مۇساپىرنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ .

— ھەي بوۋاي ، بۇ ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا ئۈچ - تۆت دىنار ئالتۇن بېرەيمۇ ياكى بىر ئېشەك بەرسەم بولامدۇ ؟ ئۈچ - تۆت قوي ئىنئام قىلايمۇ ياكى بىرەر باغ ئاجرىتىپ بېرەيمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئەي سۇلتانىم ، ئالتۇن بەرسەڭ بەلۋېغىمغا تۈگۈۋالاتتىم ، بەرگەن ئېشىكىڭنى مىنىپ قويلارنى ئالدىمغا سېلىپ ، باغقا باراتتىم ۋە قالغان ئۆمرۈمنى ساڭا دۇئا قىلىپ ، باغدا ئۆتكۈزەتتىم ، — دەپتۇ بوۋاي .

سۇلتانغا بۇ گەپ ياراپ كېتىپ ، بوۋاينىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا پەرمان بېرىپتۇ .

*　　　　　　*

سۇلتان مەھمۇد بىر كۈنى بىر ئىشقا خاپا بولۇپ ئولتۇرغانىكەن ، تەلھەك ئۇنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇش نىيىتىدە :

— سۇلتانىم ، ئاتاڭنىڭ ئېتى نېمىدى ؟ — دەپتۇ چاقچاق قىلىپ .

بۇ سوئالغا سۇلتاننىڭ كۈلكىسى كېلىپ سەل - پەل كۈلۈمسىرەپتۇ . تەلھەك سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، يەنە شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوئالنى تەكرارلاپتۇ .
سۇلتان مەھمۇد غەزەپلىنىپ :
— لالما ئىت ، بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ .
— بولدى ، بولدى ، — دەپتۇ تەلھەك ، — ئاتاڭنىڭ ئىتى يادىمغا كەلدى . ئەمدى بوۋاڭنىڭ ئىتىنى ئىيتساڭ بولدى !
سۇلتان كۈلۈۋېتىپتۇ .

* *

بىر دەۋاگەر تۈركمەن كوزىنى ھاك بىلەن تولدۇرۇپ ، ئاغزىغا بىر ئاز قۇيرۇق ياغ قۇيۇپتۇ ـ دە ، پارا ئورنىدا قازىغا بېرىپتۇ . قازى كوزىنى ئېلىپ ، ئىشنى تۈركمەننىڭ پايدىسىغا ھەل قىپتۇ . ئۇنىڭ قولىغا تامغا بېسىپ ، ئىمزا قويۇلغان خەت يېزىپ بېرىپتۇ . بىر ھەپتىدىن كېيىن كوزىنىڭ سىرى ئېچىلىپتۇ . قازى تۈركمەننى قازىخانىغا چاقىرتىپ :

— ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ كەل ، ئازراق خاتاسى بار ئىكەن ، تۈزىتىپ بېرەي ، — دەپتۇ .
— تەقسىر ، كوزىدا خاتالىق بولسا باردۇركى ، قەغەزدە خاتالىق يوقتۇر ، — دەپتۇ تۈركمەن .

* *

بىر مەرگەن قۇشقا قارىتىپ ئوق ئاتقانىكەن ، ئوقى خاتا كېتىپتۇ .
يېنىدا تۇرغان ئاغىنىسى بۇنى كۆرۈپ :
— بارىكاللا ! — دەۋېتىپتۇ .

— نېمە ، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن ؟ — دەپتۇ مەرگەن .
— ياق ، مەن «باركاللا »نى ساڭا ئەمەس ، قۇشقا ئېيتتىم .

*                    *

مەۋلانا قۇتبىددىن بىر ئادەمنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ ۋە :
— قانداق كېسەلگە دۇچار بولدۇڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— قىزىتمام ئۆرلەپ ، بەدەنلىرىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى . لېكىن ، خۇداغا شۈكرى . بىر - ئىككى كۈندىن بېرى قىزىتماممۇ ئازراق ئۆزۈلدى . ئەمما ، بوينۇم توختىماي ئاغرىيدۇ ، — دەپتۇ كېسەل .
— ھېچقىسى يوق ، — دەپتۇ مەۋلانا قۇتبىددىن ، — سەۋر قىلساڭ مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بوينۇڭمۇ ئۈزۈلۈپ قالار .

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ئابدۇۋەلى خەلپەتوف

# يار جامالى

بىر كۈنى مەجنۇن تولۇپ تاشقان ئاشىقلىق سەۋدايىلىقى بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ قەلبىدە ئىشق ئوتى يالقۇنلىغان مەستانە ھالەتتە بولۇپ ، ئۇچرىغانلىكى تام - توسۇققا سۆيۈپ ، كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلارنى تۆكەتتى . كىشىلەر ئۇنىڭدىن :
— ئەي مەجنۇن ، تام - توسۇققا سۆيگەن بىلەن ھېچ ئىش ھاسىل بولمايدۇ . تاش - تاملاردا مەشۇقۇڭ جامالىنىڭ ئەكسى كۆرۈنمەيدىغان تۇرسا ، ئۇنى سۆيۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ — دەپ سوراشتى .
مەجنۇن قەسەمياد قىلىپ مۇنداق دېدى :
— مەن سەمىمىي نىيەت بىلەن لەيلىنىڭ كوچىسىغا قەدەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويدۇم . شۇڭا ، لەيلىنىڭ جامالىدىن باشقا نەرسە كۆز ئالدىمغا كەلمەيدۇ . نەزمە :

كويىدا گەر كۆرمىسەممۇ ئۇنى مەن ،
يار يۈزى دەپ تامنى كۆزگە سۈرىمەن .
بولمىسا گەر لەيلىنى سۆيمەك نېسىپ ،
تۇپرىقىنى سۆيىمەن لەيلى بىلىپ .
لەيلىدۇر لەيلى كويىدا ھەممىسى ،
ئاندا چۈشمەس كۆزگە ئۇندىن ئۆزگىسى .
بولسىمۇ يۈزلەرچە كۆز مەندە ئەگەر ،
ھەر كۆزۈم يولىدا يۈزلەپ تەلمۈرەر .
ھەر قاچان باقسا ماڭا ئۇ بىر قىيا ،
پادىشاھ بولغانغا تەڭدۇر مەن گادا .

## مۇھەببەت دېگەن . . .

شەيخ مەنسۇر ھەللاجنىڭ زىنداندا مەھبۇس چاغلىرى ئىدى . شەيخ شىبلى شەيخ مەنسۇردىن سورىدى :

— مۇھەببەت دېگەن زادى قانداق نەرسە ؟

— بۇ سوئالنى ھازىر سورىما ، — دېدى شەيخ مەنسۇر ھەللاج ، — ۋاقتى كەلگەندە مېنى دارغا ئاسىدۇ ، شۇ چاغدا بۇ سوئالىڭغا جاۋاب بېرىمەن .

شەيخ مەنسۇرنى دارغا ئاسقان ۋاقىتتا شەيخ شىبلى ئۆتكەنكى سوئالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . شەيخ مەنسۇر ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— ئەي شىبلى ، مۇھەببەتنىڭ ئەۋۋىلى كۆيمەك ، ئاخىرى ئۆلمەكتۇر . رۇبائىي :

ئاشىقلاردا بولمىغاي ھېچ ئەغياردىن ئەندىشە ،
دائىم بولغاي دىلىدا بىر دىلداردىن ئەندىشە .

دەرددىن جىسمى قۇرۇق چۆپ ، ئۇندا كۆيەر ئىشق ئوتى ،
لېكىن ، قىلماس ئۆرتەنمەك بىلەن داردىن ئەندىشە .

## كۇندەشلەرنىڭ ھىيلىسى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بىر ئادەمنىڭ ئىككى خوتۇنى بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرى قېرى ، بىرى ياش ئىكەن . ئۇ ئادەمنىڭ بولسا ساقىلى ماش گۇرۇچ يەنى ، چار ساقال ئىكەن ، كۇنلەردىن بىر كۈنى ئۇ چوڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ . بۇ چاغدا خوتۇنى ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ يۈز ۋە ساقاللىرىغا نەزەر ساپتۇ . ئاندىن ئۆز كۆڭلىدە : «بۇنىڭ قارا ساقاللىرىنى تاللاپ يۇلۇۋەتسەم ، پۈتۈنلەي ئاق ساقاللىرى قالسا ، ياش خوتۇنىنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇيدۇ . ئېرىم ئۇنىڭ مۇئامىلىسىگە قاراپ بېقىپ ياش خوتۇنغا بولغان مۇھەببىتى سۇسلىشىدۇ ـ دە ، پۈتۈنلەي مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېگەن خىياللارنى قىپتۇ . ئۇ ئېرىنىڭ قارا ساقاللىرىنى بىرنىمۇ قالدۇرماي يۇلۇپ تاشلاپتۇ .

يەنە بىر كۈنى بۇ ئادەم ياش خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ قونۇپتۇ . بۇ خوتۇنمۇ كۆڭلىدە «بۇنىڭ ئاق ساقاللىرىنى يۇلۇۋېتەي ، ئۇ چاغدا بۇ قارا ساقاللىرى بىلەن قېرى خوتۇننى خوتۇن قىلىشتىن نەپرەتلىنىدۇ ـ دە ، ماڭا ئامراق بولىدۇ» دەپ ئويلاپ ، ئېرىنىڭ ئاق ساقاللىرىنى پاك ـ پاكىز يۇلۇۋېتىپتۇ . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ كىشى ساقىلىنى سىلىغان ئىكەن ، قولىغا ھېچ نەرسە ئۇرۇنماپتۇ . بىر تالمۇ ساقىلى قالماپتۇ . ئۇ خېلى پەرياد قىلغان بولسىمۇ ھېچ پايدىسى بولماپتۇ . نەزمە :

قىسما ـ قىسما ئۆتكۈسىدۇر كۈنىمىز ،
باقمىغاي ھېچ بىرسىگە بۇ ئۆمرىمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پاراسەتلىك يىگىت

شەيخ ئەبۇ ئەلى سىنا ئىسپاھان شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان چاغلار ئىدى. ئىسپاھاننىڭ ھاكىمى ئەلائۇددەۋلە ئەبۇ جەئفەر شەيخ ئىبنى سىناغا ئىززەت - ئىكراملار بىلەن يېقىنچىلىق قىلاتتى.

بىر كۈنى ھاكىم شەيخقە بىر دانە ئالتۇن كەمەرنى پىچاق، غىلاپ قاتارلىق بارلىق ئەسۋابلىرى بىلەن قوشۇپ ئىنئام قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەلا ئۇددەۋلە ھېلىقى كەمەرنى ئۆزىنىڭ قاراۋۇللىرىدىن بىرىنىڭ بېلىدە كۆرۈپ قالدى ۋە بۇ كەمەرنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى سورىدى. قاراۋۇل:

— شەيخ ئەبۇ ئەلى بەردى، — دەپ جاۋاب بەردى.

شەيخنىڭ بۇ قىلغان ئىشى ئەلائۇددەۋلەگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. شۇڭا، قاراۋۇلنىڭ قاتتىق ئەدىپىنى بەردى. شەيخنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئەلائۇددەۋلەنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى شەيخنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويدى.

شەيخ دەرھال سوپى سىياقىدا كىيىنىپ، رەي تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ رەي مەملىكىتىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىگە كىرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتى. ئۇ بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، چىرايلىق بىر ياش يىگىتنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆردى. شەيخمۇ دەرھال ئۇ يەرگە يېقىن باردى. ھېلىقى يىگىت توپلانغان كىشىلەرنىڭ كېسەللىرىگە دورا بۇيرۇۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا قولىدا ئەينەك قاچا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال كېلىپ قاچىنى يىگىتنىڭ ئالدىدا قويدى. يىگىت ئۇنىڭغا:

— بۇ قاچا جوھۇتنىڭكىدەك قىلىدۇ، — دېدى. ئايال:

— ھەئە، شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. يىگىت يەنە:

— بۇ قاچىنىڭ ئىگىسى بۈگۈن قېتىق ئىچىپتۇ، — دېدى.

ئايال :

— راست ، — دېدى .

— سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار شەھەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ئويمانراق يەردە ئوخشايدۇ ، — دېدى يىگىت . ئايال :

— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەردى .

شەيخ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ تۇراتتى . يىگىتنىڭ نەزەرى شەيخقە چۈشتى ۋە :

— سىز شەيخ ئەبۇ ئەلى ، — دېدى ئۇ ، — ئەلا ئۇددەۋلەدىن قېچىپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شەيخ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى .

يىگىت ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، شەيخنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ۋە شەيخنى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلىپ ئىززەتلىدى . سۆزلىشىپ ئولتۇرغاچ شەيخ يىگىتتىن سورىدى :

— ھېلىقى ئايال ئەينەك قاچا كۆتۈرۈپ ئالدىڭىزغا كەلگەندە بۇ قاچىنىڭ جوھۇتنىڭ قاچىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز ؟ جوھۇتنىڭ قېتىق ئىچكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ شەھەرنىڭ ئىچىدىكى پەس جايغا جايلاشقانلىقىنى قانداق بىلىۋالدىڭىز ؟

— ئۇ ئايالنىڭ قولىدا بىر كۆڭلەك تۇراتتى . قارىسام ئۇ كۆڭلەك جوھۇتنىڭ كۆڭلىكى ئىكەن . شۇنىڭدىن كۆڭلەكنىڭ ئىگىسى جوھۇت ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدىم . كۆڭلىكىنىڭ بىرقانچە يېرىگە قېتىق يۇقۇپ قالغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى . بۇنىڭدىن جوھۇتنىڭ قېتىق ئىچكەنلىكىنى بىلدىم ، بۇ شەھەردە جوھۇتلارنىڭ مەھەللىسى تۆۋەن جايغا جايلاشقان . شۇڭا ، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار پەس جايدا ئىكەن ، دېدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت .

شەيخ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە سورىدى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مېنى سىز ئۆمرىڭىزدە كۆرمىگەن ئىدىڭىز، ئەلائۇددەۋلەدىن قېچىپ كەلگىنىمنىمۇ ھېچ ئىنسان بىلمەيتتى. مېنىڭ شەيخ ئىكەنلىكىمنى ۋە ئەلائۇددەۋلەدىن قېچىپ كەلگەنلىكىمنى نەدىن بىلىۋالدىڭىز؟

— ھەقىقەتەن مەن سىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئەمما، سىزنىڭ داڭقىڭىزنى، يەنى كامالەتكە يەتكەن بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى يىگىت، — قارىسام بۇ سۈپەتلەر سىزنىڭ چېھرىڭىزدە ئاشكارا بولۇپ تۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن «بۇ ئادەم چوقۇم شەيخ ئىبنى سىنادىن باشقا ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلىدىم. يەنە ئەلائۇددەۋلەنىڭ سىزگە ناھايىتى ئامراق ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئەلائۇددەۋلەنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن سىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، سىزنى «ئەلائۇددەۋلەنىڭ قېشىدىن قېچىپ كەپسىز» دېدىم.

شەيخ يىگىتكە:

— ھەرقانداق ھاجىتىڭىز بولسا دەڭ، مەن ھاجىتىڭىزدىن چىقاي، — دېدى. يىگىت:

— ئەلائۇددەۋلە سىزنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەتمىگۈچە كۆڭلى تىنمايدۇ. ئەگەر، سىز ئۇنىڭ قېشىغا كېتىپ قالسىڭىز، مېنىڭ ئەھۋالىم ھەققىدە ئۇنىڭغا سۆزلەپ قويۇڭ. مەن بۇ ئارقىلىق ئەلائۇددەۋلەنىڭ ھوزۇرىدا ئۇنىڭ يېقىنى بولۇش مەرتىۋىسىگە يېتىۋالاي، — دېدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئەلائۇددەۋلە ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، شەيخكە ئۆزرە ئېيتىپ كىشى ئەۋەتتى ۋە شەيخنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. شەيخ ھېلىقى يىگىتنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ باردى. ئۇلار ئەلائۇددەۋلە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شەيخ يىگىتنى ماختاپ، كۆپ تەرىپلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلائۇددەۋلە يىگىتنى ئۆز يېقىنلىرى قاتارىغا قوشۇۋالدى.

# ئەقىللىق بالا

سۇلتان مەھمۇدنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرى ئىدى . ئۇ غەزنەين باغلىرىنى سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى .

خوجائەھمەد ھەسەن مەيمەندى سۇلتان مەھمۇد بىلەن تەڭتۇش بولۇپ ، ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىدى . ئۇلار ئىككىسى بۇ يەرگە بىللە كەلگەنىدى .

سۇلتان مەھمۇد بۇ يەردە ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ۋە خوجائەھمەدنى چاقىرىپ :

— ئاۋۇ يۈرگەن كىم ؟ — دەپ سورىدى .

خوجائەھمەد دەرھاللا :

— ئۇ ئادەم ياغاچچى ئىكەن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئۇنىڭ ئىبتى نېمە ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد .

— ئۇنىڭ ئىبتى ئەھمەد ، — دېدى خوجائەھمەد .

سۇلتان :

— سەن ئۇنى تونۇمسەن ؟ — دېۋىدى ، ئەھمەد :

— تونۇمايمەن . چۈنكى ، ئۇ ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانمەن ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئىبتى ئەھمەد ۋە كەسپى ياغاچچى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد .

خوجائەھمەد :

— سىز مېنىڭ ئىبتىمنى ئاتاپ چاقىرىۋىدىڭىز ، بۇ ئادەم جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدى . ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىم . ئۇ ئادەمگە دىققەت قىلسام ، قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ، ئويلىنىپ كېتىۋاتىدۇ . بۇنىڭدىن ئۇ ئادەمنى ياغاچچىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم . شۇنداقلا ، قۇرۇق ياغاچلاردا بىرەر نەرسە ياساشنى پىلانلاۋاتسا كېرەك ، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويلاپ ، ئۇ ئادەمنى چوقۇم ياغاچچى دەپ ھۆكۈم قىلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .
سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :
— ئۇ ئادەم بۈگۈن نېمە يەپتۇ ؟ مۇشۇنى تاپالىساڭ سېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ ، — دېدى . خوجائەھمەد :
— ئۇ ئادەم بۈگۈن يا ھەسەل ياكى بولمىسا شىرنە يەپتۇ ، — دېدى .
سۇلتان مەھمۇد ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا خوجائەھمەدنى كۆرسىتىپ :
— بۇ بالىنى تونۇمسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— مەن بۇ بالىنى تونۇمايمەن ، ھازىر تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم .
سۇلتان يەنە :
— ئېتىڭىز نېمە ؟ نېمە ھۈنىرىڭىز بار ؟ بۈگۈن نېمە يېدىڭىز ؟ — دېگەنلەرنى سورىدى . ئۇ ئادەم :
— مېنىڭ ئېتىم ئەھمەد . ياغاچچىلىق ھۈنىرىم بار ، بۈگۈن نان بىلەن ھەسەل يېدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى . سۇلتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە خوجائەھمەددىن :
— سەن ئۇ ئادەمنىڭ ھەسەل يېگەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى .
— ئۇ كىشىنىڭ توختىماي لېۋىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدىن چىۋىن نېرى بولمىدى . شۇنىڭغا قاراپ ئۇ كىشىنىڭ ھەسەل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە يېگەنلىكىنى بىلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى خوجائەھمەد .

## دورا نۇسخىسى

خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەخلاق - پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن ، شېئىرىيەتتە پىشقان ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى بىلەن بىرەر

ئىشنى قىياس قىلىشتا يەر يۈزىدە ئەڭ نادىر ئادەم ئىدى .
شۇ دەۋردە بىر ئادەم بار بولۇپ ، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا تەڭداشسىز ئىدى . كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئالەمدىن كەتتى . ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، هاياتى ئاخىرلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى . چۈنكى ، ئۇ چاغلاردا كۆز كېسەللىكىنى داۋالاشتا ئۇنىڭغا يېتىدىغان دوختۇر يوق ئىدى .
بىر كۈنى خەلىل بىننى ئەھمەدنىڭ قېشىدا كىشىلەر ئۇ تېۋىپنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . بۇ چاغدا خەلىل بىننى ئەھمەد ئۇلاردىن :
— ئۇ تېۋىپنىڭ بىرەر پارچە دورا نۇسخىسى (رېتسېپ) مۇ قالماپتۇمۇ؟ ئەگەر بار بولسا شۇ بويىچە داۋا قىلساقمۇ بولاتتى ، — دېدى .
— دورا نۇسخىسى تېپىلمىدى ، — دېيىشتى كۆپچىلىك .
خەلىل بىننى ئەھمەد :
— ئۇنىڭ دورا تارتىپ بېرىدىغان سايمان - قاچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى .
تېۋىپنىڭ بارلىق ئەسۋاب ۋە قاچا - قۇچىلىرىنى ئېلىپ كەلدى . خەلىل بىننى ئەھمەد ئۇلارنى بىرمۇبىر پۇراپ چىققاندىن كېيىن ، ئون بەش خىل دورىنى تاللاپ ئالدى .
كۈنلەردىن بىر كۈنى هېلىقى تېۋىپنىڭ ئۆيىدىن كۆز كېسەللىكىنىڭ دورا نۇسخىسى تېپىلدى . قارىغۇدەك بولسا ، قارىغۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان دورا نۇسخىسى ئون ئالتە خىل دورىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن . بۇلارنىڭ ئون بەش خىلىنى خەلىل بىننى ئەھمەد پۇراپ تېپىپتۇ . ئەمما ئۇ بىر خىل دورىنى بىلەلمەي قالغانىكەن .

www.uyghurkitap.com

# ئادىل خەلپە

تومۇز كۈنلەرىنىڭ بىر كېچىسى مۇستەنجىد خەلپە ئۆزىنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بىرىگە :

— بىر ئۆيدىن زەرگەرنىڭ بولقا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ . بۇنداق ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئۆينىڭ ئىچىدە ئىشلەش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش . قارىغاندا ئۇ بىر ئالدامچى بولسا كېرەك . شۇڭا ، ئوچۇق - ئاشكارا ئىش قىلىشتىن قورقۇپ ، بۇ جاپانى ئۆزىگە راۋا كۆرۈپتۇ . سەن دەرھال شۇ مەھەللىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپقىن . زەرگەرنى قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن بىللە مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن ، — دەپ بۇيرۇدى .

ھېلىقى مەھرەم بېرىپ زەرگەرنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كىرىپ قارىسا ، ئۇ تىللا سوقۇۋاتقان ئىكەن . مەھرەم زەرگەرگە تىللالارنى كۆتۈرگۈزۈپ خەلپە مۇستەنجىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . مۇستەنجىد ھېلىقى تىللالارنى ھەرقانچە تەكشۈرۈپمۇ ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمىدى . ئاخىر زەرگەردىن :

— سەن سوققان بۇ تىللالاردا ھېچقانداق گۇمان ۋە ئەيىب يوق ئىكەن . بۇنى نېمىشقا دۇكىنىڭدا ئاشكارا سوقماي ، كېچىسى ئۆيۈڭدە سوقىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەگەر دۇكاندا ئاشكارا سوقسام مەندىن تامغا بېجى ئالىدۇ . ئۆيدە يوشۇرۇن سوقسام تامغىغا ئالىدىغان باجنى ئۆزۈم راسخوتقا ئىشلىتىمەن . شۇڭا ، كېچىسى ئۆيدە ئىشلىدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى زەرگەر . بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلپە مۇستەنجىدنىڭ زەرگەرگە ئىچى ئاغرىدى ۋە :

— بۇنىڭدىن كېيىن دۇكىنىڭدا خاتىرجەم ئىشلەۋەرگىن . تامغا بېجى تۆلىمىسەڭمۇ بولىدۇ ، — دېدى .

# ئەقىللىق سەيدە

مەجدۇد دەۋلەنىڭ ئانىسى سەيدە يولدىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەملىكەتنى ئۆزى باشقۇرۇشقا باشلىدى . چۈنكى ، ئوغلى مەجدۇددەۋلە ئۇ چاغلاردا ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشلارغا كىرگەنىدى . سەيدە دائىم پەردىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ، مەملىكەتنىڭ بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىغىچە ئېنىق ئايرىپ بىر تەرەپ قىلاتتى . شۇنداقلا ، قوشنا مەملىكەت پادىشاھلىرىنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى ياخشى جاۋابلار بىلەن كۆڭلىنى ئېلىپ ياندۇراتتى .

كۈنلەردىن بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەر تارتتى ۋە ئالدىدا بىر ئەلچىنى ئەۋەتىپ : «ئەگەر جېنىم ئامان قالسۇن دېسەڭ ، ماڭا بويسۇنۇپ ، خۇتبىنى مېنىڭ نامىمغا قىلدۇرغىن . ماڭا باج تۆلەشنى ئۈستۈڭگە ئالغىن ، بولمىسا جەڭگە تەييارلان ! » دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتتى .

بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، سەيدە سۇلتان مەھمۇدقا مۇنۇ مەزمۇندا جاۋاب خەت يازدى :

«يولدىشىم ھايات ۋاقتىدا دائىم : مۇبادا سۇلتان مەھمۇد بۇ ئاجىز مەملىكىتىمىزگە قولىنى ئۇزىتىپ قالسا قانداق قىلارمىز ، دەپ غەم ـ ئەندىشە قىلاتتۇق . ئەمما ، يولدىشىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، بۇ ئەندىشىلەر كۆڭلۈمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى . چۈنكى ، سۇلتانغا مەلۇمكى ، جەڭ ئىشى تەڭرىنىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ . تەڭرى ئۆزى خالىغان تەرەپكە غەلىبە ـ نۇسرەتنى ئاتا قىلىدۇ . بۇ جەھەتتە مال ـ دۇنيا ۋە لەشكەرگە تايانغىلى بولمايدۇ . ئەگەر ، سۇلتان مەن بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلسا ، بىر ئاجىز ئايالغا غالىب كەلگەن بولىدۇ . ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتى يوقتۇر ، بەلكى ئەيىب ۋە نومۇستۇر . چۈنكى ، شۇنداق ئۇلۇغ بىر سۇلتاننىڭ بىر ئاجىز ئايالغا زورلۇق قىلىشى مەردلەرنىڭ ئىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس . مۇبادا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن سۇلتان ماڭا مەغلۇب بولۇپ قالسا ، تا قىيامەتكىچە كىشىلەر مېنى مەدھىيىلىشىدۇ . سۇلتاننىڭ نامى يېزىلغان قورلاردا بۇ ئىشنىڭ نومۇسلۇق ئىزلىرى ھەرگىزمۇ ئۆچمەيدۇ . چۈنكى ، دۇنيادا ھەربىر ئادەمنىڭ نامى قالىدۇ . ئەرلەرگە ئەيىب ۋە نومۇس كەلتۈرىدىغان بەزى ئىشلار ئاياللارنىڭ پەخىرلىنىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ . . . »

سەيىدەنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، سۇلتان ئوقۇپ كۆرسە ، خەت ئەقىلگە مۇۋاپىق يېزىلغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى بىكار قىلىپ ئۆز مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى .

## گۈزەل شەبىيە

شەبىيەنىڭ گۈزەللىكى ۋە جەمىلىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقلىقى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەر پۈتۈن ئەتراپقا پۇر كەتتى . ئەبدۇلمەلىك بىنىنى مەرۋاندا شەبىيەنى كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى پەيدا بولۇپ ، ئادەم ئەۋەتىپ شەبىيەنى ئەپكەلدۈردى . قارىغۇدەك بولسا شەبىيە قارىمۇتۇق ۋە كالاماپاي بىر قىز ئىكەن . ئەبدۇلمەلىك شەبىيەدىن :

— جەمىل سېنىڭ قايسى گۈزەللىكىڭگە قاراپ ساڭا مۇنچىۋالا باغلىنىپ قالغاندۇ ؟ — دەپ سورىدى .

شەبىيە ئىنتايىن سۆزمەن ئىدى . ئۇ ئەبدۇلمەلىككە :

— خەلىفىئالەم سېنىڭ قايسى قابىلىيىتىڭگە قاراپ سېنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرۈپ ، ساڭا ئىتائەت قىلىشىدىغاندۇ ؟ — دېدى . بۇ گەپتىن ئەبدۇلمەلىك ئىنتايىن خىجالەت بولۇپ كەتتى .

## ئادەمنىڭ رىزقى

خەلىپە ئەبۇ جەئپەر بىر كۈنى قەسىرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ، قەسىرنىڭ ئالدىغا سۇ سېپىپ يۈرگەن ياشانغان بىر كوچا

سۇپۇرگۇچىگە كۆزى چۈشتى . ئەبۇ جەئپەر بوۋاينى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭدىن :

— نېمىشقا ھاكىملارنىڭ ۋە پادشاھلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ . سىزلەردەك كەمبەغەللەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ ؟ — دەپ سورىدى . بوۋاي ئېيتتىكى :

— پادشاھ ۋە ھاكىملار بىر ئۆمۈر يەيدىغان رىزقىنى تەڭرىنىڭ خەزىنىسىدىن بىراقلا ئېلىۋالىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ . بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر كۈندىلىك رىزقىنى كۈندە ئاران تېپىپ يېيەلەيدۇ . شۇڭا ، خۇدا بىزگە بۇيرۇغان رىزقى - نېسىۋىمىز ئاسان تۈگەپ كەتمەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمىز .

خەلىپە ئۇنىڭ بۇ جاۋابىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ، ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز دەرەم ئىنئام قىلدى .

## خاسىيەتلىك دۇئا

ئەبۇ جەئپەر خەلىپىلىك ئورنىدا ئولتۇرمىغان چاغلاردا ئەزھەر بىلەن ھەمىشە سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ دوستلۇقى خېلىلا مۇستەھكەم ئىدى .

ئەبۇ جەئپەرنىڭ خەلىپىلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەزھەر بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىنى ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن باردى .

دەسلەپ بارغىنىدا ئۇ ئەبۇ جەئپەر بىلەن كۆرۈشەلمەي قايتىپ كەلدى .

بايرام كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى . ئەزھەر ئەبۇ جەئپەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى . ئەبۇ جەئپەر ئۇنىڭدىن :

— نېمىشقا كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . ئەزھەر :

— سىزنىڭ پادشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ ، خۇشال بولۇپ سىزنى مۇبارەكلىگىلى كەلدىم ، — دېدى . ئەبۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەئپەر ئەزھەرگە مىڭ دىنار ئىنئام بېرىپ قايتۇردى .

ئىككىنچى يىلى يەنە شۇ كۈنى ئەزھەر ئەبۇ جەئپەرنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئەبۇ جەئپەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سورىۋىدى ، ئۇ :

— سىزنى بىتاب بولۇپ قاپتۇ ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدىم ، — دېدى ، ئەبۇ جەئپەر ئۇنىڭغا يەنە مىڭ دىنار بېرىپ يولغا سالدى .

ئۈچىنچى يىلى ئەزھەر يەنە ئەبۇ جەئپەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى . بۇ قېتىم ئەزھەرنىڭ كەلگىنى ئەبۇ جەئپەرگە خۇشياقمىدى . ئۇ ئەزھەردىن :

— بۇ يىل كېلىشىڭگە نېمە سەۋەب بولدى ؟ — دەپ سورىدى .

— بىر چاغدا سىزدىن بىر دۇئانى ئاڭلىغانىدىم . ئەمما ، ئۆگىنىۋالمىغان ئىكەنمەن ، شۇ دۇئانى ئۆگىنىپ قويامدىكىن دەپ كېلىۋىدىم ، — دېدى ئەزھەر .

ئەبۇ جەئپەر ئېيتتىكى :

— ھەي ئەزھەر ، ئۇ دۇئانىڭ ھېچقانداق خاسىيىتى يوق ئىكەن . چۈنكى ، ئۆزۈڭدىن بېرى سەن بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى تەلەپ قىلىپ ، ئۇ دۇئانى دائىم ئوقۇپ يۈردۈم . لېكىن ، ھېچبىر پايدىسى بولمىدى . ئۇنداق خاسىيەتسىز دۇئانى ئۆگىنىمەن دەپ ئاۋارە بولمىغىن !

## گۇۋاھچى

مەھدى خەلىپە بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇلازىملىرى بىلەن بىللە شىكارغا چىقتى . ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ يىراقلاپ كېتىپ قالدى . ئۇ ماڭا ـ ماڭا بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ چېدىرىغا كېلىپ قالدى . ئۇ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ھالىدىن كېتىپ قالغانىدى . ئۇ بىر ئەرەبتىن سۇ ۋە نان سورىدى . ئەرەب بىر مۇنچە تېرىق نېنى بىلەن بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى .

خەلىپە ئۇلارنى يەپ بولۇپ :
— يەنە يېگۈدەك نەرسەڭ بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
ئەرەب بىر كوزىدا شاراب ئېلىپ چىقتى . خەلىپە شارابتىن ئازراق ئىچكەندىن كېيىن :
— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن ؟ — دەپ سورىدى ئەرەبتىن .
— ئاللا ـ بىللا تونۇمايمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەرەب .
— مەن خەلىپىنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى بولىمەن ، — دېدى خەلىپە . ئەرەب :
— مەرھابا بەگ ، خۇش كېلىپسىز ، — دېدى .
خەلىپە شارابتىن يەنە ئازراق ئىچكەندىن كېيىن ئەرەبتىن :
— مېنى تونۇمسەن ؟ — دەپ سورىدى .
— ئۆزىڭىز ھېلىلا «مەن خەلىپىنىڭ مۇلازىمى بولىمەن» دېدىڭىزغۇ ، — دېدى ئەرەب . خەلىپە :
— مەن مۇلازىم ئەمەس ، بەلكى خەلىپىنىڭ كاتتا ئەمىرلىرىدىن بىرى بولىمەن ، — دېدى . ئەرەب ئۇنىڭغا يەنە دۇئا قىلدى .
خەلىپە ئۈچىنچى قېتىم شارابتىن يەنە بىر سۇمۇرگەندىن كېيىن :
— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئەرەبتىن . ئەرەب :
— ئۆزىڭىز ھازىر «مەن چوڭ ئەمەلدار بولىمەن» دېدىڭىزغۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى . خەلىپە :
— مەن مۇلازىممۇ ئەمەس ، ئەمەلدارمۇ ئەمەس ، بەلكى يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى بولىمەن ، — دېدى .
ئەرەب دەرھال بېرىپ خەلىپىنىڭ قولىدىكى قەدەھنى تارتىۋالدى . خەلىپە ئۇنىڭدىن :
— نېمىشقا قولۇمدىن قەدەھنى ئېلىۋېلىپ ، شاراب ئىچكىلى قويمايسەن ؟ — دەپ سورىدى . ئەرەب ئېيتتىكى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەگەر يەنە بىر قەدەھ شاراب ئىچسەڭ ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئوخشايسەن . كىم بىلىدۇ ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى دەۋانى قىلامسەن تېخى . . .

خەلىپە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . بۇ ئارىدا خەلىپىنىڭ مۇلازىملىرى توپ - توپ بولۇپ ھەر تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ ، خەلىپىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇشتى ، بۇنى كۆرگەن ئەرەب ئۆزىنىڭ قىلغان ئەدەپسىزلىكىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ، رەڭگىرويى تاتىرىپ كەتتى . خەلىپە ئۇنى خاتىرجەم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىلدى . ئەرەب خەلىپىنىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان ھەدىيەلىرىدىن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىنىپ كېتىپ :

— ئەگەر تۆتىنچى ۋە بەشىنچى قېتىملىق دەۋانى قىلساڭمۇ ئۇنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ، — دېدى .

## ئەگەر ئادىل بولاي دېسىڭىز . . .

خەلىپە مەئمۇننىڭ زامانىدا مەئمۇننىڭ كۇفەگە تەيىنلىگەن سەردارى ئۈستىدىن كۇفەلىكلەر ئەرز - شىكايەتلەرنى قىلىشتى . مەئمۇن ئۇ سەردارنى ھەرگىز خەلققە زۇلۇم سالمايدۇ ، دەپ ئىشىنەتتى . شۇڭا ، مەئمۇن ئەرز قىلىپ كەلگۈچىلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ سەردار توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلىدى . كۇفەلىكلەر :

— سەردار تولىمۇ زالىم ، ئۇنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ ، — دېيىشتى .

كۇفەلىكلەردىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەئمۇن غەزەپلىنىپ ، ئۇلارغا دەشنام بەردى . ئاندىن ئۇ سەردارنى ئادىل ۋە خەلقپەرۋەرلىكتە تەڭداشسىز ، دەپ بىرمۇنچە ماختىدى . بۇ چاغدا كۇفەلىكلەردىن بىرى :

— راست ئېيتتىڭىز . بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تۆھمەت ۋە بوھتان ئىدى . سىزنىڭ پەرمانىڭىز ھەقىقەتەن راست .

ئەمما ، ئادالەتلىك بولۇشنىڭ شەرتى شۇكى ، ئادىللىق ھەممىگە تەڭ بولۇشى كېرەك . بىزنىڭ باشلىقىمىز ئادالەت ۋە ئىنساپتا تەڭداشسىز . ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن پەقەت بىز كۇفەلىكلەرلا بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز ، باشقىلار مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ . ئەگەر ، ئادىللىق قىلاي دېسىڭىز بىرنەچچە ۋاقىت يەنە بىر شەھەرگە سەردار قىلىپ قويۇڭ . ئۇ شەھەرنىڭ كىشىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئادالىتى سايىسىدە ئاسايىشلىققا ئېرىشسۇن . سىزگىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىدىن مەدھىيىلەر ياغسۇن ، — دېدى .

مەئمۇن جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى ۋە ھېلىقى سەردارنى باشقا شەھەرگە يۆتكىۋەتتى .

## تېتىقسىز چاقچاق

خەلىپە مۇتەۋەككىل بىننى مۇئتەسەم ھەمىشە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا ياقمايدىغان قىلىقلارنى قىلاتتى . بەزىدە شىرنىڭ زەنجىرىنى ئېلىۋېتىپ ئادەملەر يىغىلغان ئورۇنغا قويۇۋېتەتتى . بەزىدە تىرىك يىلانلارنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ قوينىغا سالدۇرۇپ قوياتتى . ئەگەر ئۇ ئادەمنى يىلان چېقىۋالسا ، زەھەر قايتۇرىدىغان «تەرياك» دېگەن دورا بىلەن زەھەرنى قايتۇرۇپ ، يىلان چاققان ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالاتتى . بەزى چاغلاردا كوزىنىڭ ئىچىگە لىقمۇلىق چايانىنى توشقۇزۇپ ئەكەلدۇرۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كوزىنى سۇندۇراتتى . چايانلار كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەر تەرەپكە يامراپ كېتەتتى . ھېچكىم ھەرىكەت قىلىشقا ياكى قېچىشقا ئىمكانىيەت تاپالمايتتى . ئۇ ئەنە شۇنداق نامۇۋاپىق ئويۇن - چاقچاقلارنى قىلاتتى .

بىر كۈنى مۇتەۋەككىلنىڭ ھوزۇرىدا بىرەيلەن بىر سودىگەرنىڭ شەمشىرىنى ماختاپ ، ھەددىدىن تاشقىرى تەرىپلەپ كەتتى . بۇنى ئاڭلىغان مۇتەۋەككىل ئادەم ئەۋەتىپ ھېلىقى شەمشەرنى ناھايىتى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ خاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتەكچى
www.uyghurkitap.com

قۇلى باغىرغا تۇتقۇزدى . ئاندىن بارلىق غۇلاملارغا ئىشارەت قىلىپ :
— ھەممىڭلار شەمشەر تارتىپ مۇشۇ يىغىلغان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىڭلار ، — دېدى .
باغىر باشلىق قۇللار خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ، شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە يۈگۈردى . فەتھ بىننى خاقان خەلىپىنىڭ ۋەزىرى ئىدى . ئۇ قېچىپ بېرىپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يىقىلدى ۋە :
— ئەي خەلىپە ، سىزدىن كېيىن قېلىپ ھايات ياشاشنى خالىمايمەن . شۇڭا ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا ئۆلەي ، — دېدى .
بۇ مەيداندا ئەشقەت ھەييارمۇ بار ئىدى . ئۇ قاچقان پېتى بېرىپ بىر بورىنىڭ تېگىگە كىرىۋالدى ۋە :
— ئەي خەلىپە ، مەن سېنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن يىللار ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايمەن ، — دېدى .

# ئىككى خىل ئارزۇ

مۇستەنسىر خەلىپە بىر كۈنى ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرى بىلەن بىللە خەزىنىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كىرىپ ، ئالتۇن دىنار بىلەن لىق توشقۇزۇلغان بىر كۆلنى كۆردى . ئۇ :
— تەڭرىم ، ماڭا مۇشۇ دۇنيالارنى ئىشلىتىپ تۈگەتكۈچە ئۆمۈر بېرەرمۇ ؟ — دېدى . ئۇنىڭ قېشىدىكى ئادەم بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى . مۇستەنسىر خەلىپە ئۇنىڭدىن :
— نېمىشقا كۈلىسەن ؟ — دەپ سورىدى .
— بىر كۈنى بوۋاڭ ناسىر خەلىپە بىلەن بىللە بۇ خەزىنىگە كىرگەنىدىم . ئۇ چاغدا بۇ كۆل دىنارغا توشۇشقا ئىككى غېرىچ قالغان ئىكەندۇق . ناسىر خەلىپە شۇ چاغدا «بۇ كۆلنى دىنار بىلەن لىپمۇلىق توشقۇزغۇچە تەڭرى ماڭا ئۆمۈر بېرەرمۇ » دېگەنىدى . بۇ

بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل ئارزۇغا ھەيران بولۇپ كۆلۈۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ ئادەم .

## ئەسكەرنىڭ خوتۇنى

ئەمىر لەيسنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى شۇنچىلىك چىڭ ئىدىكى ، لەشكەرلەر ئازغىنە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا ناھايىتى ئېغىر جازاغا ئۇچرايتتى .

بىر كۈنى ئەمىر لەيس لەشكەرلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغ ۋە قورال ـ ياراغلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولدى . ئۇ لەشكەرلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى . شۇ ئارىدا بىر ئادەم ئىنتايىن ئاۋاق بىر ئاتقا مىنىپ ئەمىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . بۇنى كۆرگەن ئەمىر قاتتىق غەزەپلىنىپ :

— ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى سەمرىتىپ ، ئاتلىرىنى ئورۇقلىتىۋېتىدىغانلىقى ئاجايىپ بىر ئىش ـ ھە ! — دېدى . ھېلىقى بىچارە ئادەم ئەمىرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كېتىپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە :

— مېنىڭ خوتۇنۇم ئېتىمدىن يۈز ھەسسە ئورۇق . ئەگەر ، ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىمۇ ئەپكېلىپ ئالدىڭىزدىن ئۆتكۈزەي ، — دېدى .

ئەمىرگە بۇ سۆز يېقىپ كەتكەچكە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىلدى .

## مەدىنەتۇل ـ خاس

ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دېۋىلەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانى بىلەن ئەندىلىس باياۋانىدا تىلسىم بىلەن بىر شەھەر بىنا قىلغانىمىش . ئۇ شەھەر زۇلمەتكە يېقىن بولۇپ ، تامامەن مىستىن ياسالغانىمىش . كىشىلەر بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەھەرنى «مەدىنەتۇل ـ خاس» (يېگانە شەھەر) دېيىشىپ ئىخلاس قىلىشىدىكەن.

بەزىلەر بۇ شەھەرنى ئۇلۇغ زۇلقەرنەيىن بىنا قىلغانمىش، دېيىشىدىكەن. يەنە بەزىبىر باپالاردا دېيىلىشىچە، ئۇ يەردىكى بىر بۇلاقتىن ئېرىگەن رو چىقىپ تۇرىدىكەن. ھېلىقى شەھەرمۇ رودىن ياسالغانمىش.

ئالدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان بۇ شەھەر توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋاللارنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىپ قالدى.

مۇسا نەسىر شۇ تەرەپتىكى شەھەر ـ ۋىلايەتلەرگە ھاكىم ئىدى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا: «مۇشۇ خەت تەگكەن ھامان مۇسا نەسىر ئۆزى بېرىپ، ئۇ شەھەرنى كۆرۈپ، ئېنىقلاپ، ھەرقانداق ئاجايىپ ئىشلار بولسا بىرمۇبىر خاتىرىلەپ ماڭا خەۋەر قىلسۇن...» دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتتى. بۇ خەت مۇسا نەسىرگە تەگدى. مۇسا نەسىر جاھان كېزىپ يۇرت كۆرگەن ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىرقانچە ئادەمگە يول باشلىتىپ ھېلىقى شەھەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار چۆل ـ باياۋاندا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، كۆز ئالدىدا شۇنداق بىر شەھەر نامايان بولدىكى، ئۇ يەرنىڭ زېمىنى گۈزەللىكتە يېگانە، ئاب ـ ھاۋاسى دۇنيادا تەڭداشسىز ئىدى. خۇددى بىر شائىرنىڭ: «جاھاندا كۆرمىگەن بولغاي كىشى ھەرگىز بۇ رەڭ يۇرتنى» دېگىنىدەك ئىدى.

ئەلقىسسە، مۇسا نەسىر ئۇ شەھەرگە يېقىن بېرىپ ھەرقانچە ئۆرۈنغان بولسىمۇ، شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن دەرۋازا ياكى دېرىزىدەك بىرەر يوچۇقمۇ تاپالمىدى. ئاخىر بولماي ئەمىرلەردىن بىرىنى چاقىرىپ:

— تېزدىن مىڭ نەپەر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ ئىزدەڭلار. بۇ شەھەر توغرىسىدا بىلىدىغان ۋە بىزنىڭ بۇ مۇشكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلىشقا ياردىمى تېگىدىغان بىرەر ئادەم

تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، — دەپ بۇيرۇدى .
مىڭ ئاتلىق ئادەم بۇ بىپايان كەتكەن چۆللۈكنىڭ پۈتۈن ئەتراپىنى ئىزدەپ ـ تەكشۈرۈپ بارمىغان يېرى قالمىدى . لېكىن ، ئىنسانلاردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئاخىر ئۇلار سېپىلنىڭ تېگىدىن كولاپ يەر ئاستى يولى ئېچىپ ، شۇ يەردىن شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇشتى . شۇ مەسلىھەت بىلەن ئۇلار زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ سېپىلنىڭ ئاستىنى كولاشقا كىرىشتى . ئۇلار كولاۋېرىپ يەرنىڭ تېگىدىن سۇ چىقىپ كەتتى . ئەمما ، سېپىلنىڭ ئىچىگە قاراپ زادى تېشەلمىدى . ئۇلار سېپىلنى يەتتە خىل مېتالنى بىرلەشتۈرۈپ ئېرىتىپ سۇغا يەتكۈزۈپ قۇيۇپ چىققانىكەن ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ، سېپىلنىڭ ئاستىنى كولاپ يول ئېچىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى .
ئۇلار يەنە مۇزاكىرىلىشىپ مۇنداق دېيىشتى : «سېپىلنىڭ بۇرجىكىگە يانداش قىلىپ سېپىل بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە بىر تام قوپارغاندىن كېيىن ، تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ شەھەرنىڭ ئىچىگە قارىسا شۇ چاغدا ھەممە نەرسىنى ئاشكارا كۆرگىلى بولىدۇ» .
ئۇلار ھەممىسى بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن ، قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ تاش بىلەن گەجدىن بىر تام قوپۇرۇپ چىقتى . بۇ تامنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ يۈز گەز ئىدى . ھېسابلاپ باقسا تامنى يەنە ئىككى يۈز گەز ئېگىزلەتكەندە ئاندىن سېپىل بىلەن تەڭلىشىدىكەن . لېكىن ، تامنى ئۈچ يۈز گەزدىن ئارتۇق ئېگىزلىتىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى . شۇنىڭ بىلەن تامنىڭ ئۈستىگە ياغاچتىن بىر مۇنار ياساپ چىقتى . ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بىر يۈز سەكسەن گەز بولغانىدى . ئەمدى پەقەت ئوتتۇز گەز ئېگىزلىتىشنىڭ ئامالى بولسىلا سېپىل بىلەن تەڭلىشەتتى . ھېچقانداق ئامال تاپالمىغاندىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇز گەز ئۇزۇنلۇقتا بىر شوتا ياساپ چىقىپ ئۇنى مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ سېپىلگە يۆلەپ تۇرغۇزدى . ھەممە ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن ، مۇسا نەسىر :
— كىمىكى مۇشۇ شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بۇ شەھەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىزنى خەۋەردار قىلالىسا ، مەن ئۇنىڭغا مىڭ مىسقال ئالتۇن بېرىمەن ، — دەپ جار سالدۇردى .

لەشكەرلەردىن بىرى ئالتۇن تەمەسىدە بۇ ئىشقا بەل باغلىدى . نەسىر باشلىق ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى . ئۇ شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە شەھەرگە بىرلا قاراپ قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى ئۆزىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى . شەھەر ئىچىدىنمۇ قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى . تاكى ئۈچ كۈنگىچە غەلۋە - قىيقاس بولۇپ ئاندىن جىمىدى . تۆتىنچى كۈنى ھېلىقى ئادەمنىڭ يار - بۇرادەرلىرى سېپىلنىڭ تۆۋىگە بېرىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ھەرقانچە قىچقىرىسىمۇ ، ۋارقىرىسىمۇ ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى .

مۇسا نەسىر ئۆتكەنكى قېتىمقى ۋەدىسىنى تەكرارلاپ ئىككىنچى قېتىم يەنە جار سالدۇردى . لەشكەرلەر ئىچىدىن يەنە بىر خام تەمە بۇ ئىشقا بەل باغلىدى . ئۇمۇ شوتىنىڭ تۆپىسىگە چىقىپلا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئۆزىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېتىۋەتتى . شەھەردىن ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋاز ، ھەر خىل سادالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى . ئۈچ كۈندە ئاران بېسىقتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، مۇسا نەسىر ھەرقانچە چوڭ ۋەدىلەرنى قىلسىمۇ ھېچكىم بۇ ئىشقا قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى . مۇسا نەسىر يەنە جار سالدۇردى :

— كىمكى بۇ شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ شەھەرنىڭ ئەھۋالىدىن بىزنى ئازراق خەۋەردار قىلالىسا ، مەن ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ مىسقال ئالتۇن بېرىمەن !

لەشكەرلەر ئىچىدىن يەنە بېشى ئايلانغان بىرى چىقىپ ، ھەيرانلىق قەدەملىرىنى ھەسرەت ۋادىسىغا قويدى . ئۇ : «بېلىمدىن ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلاپ ، نەچچە ئادەم ئۇ ئارغامچىلارنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ شوتىنىڭ تۆۋىدە تۇرسۇن . مۇبادا مەنمۇ باشقىلاردەك ئۆزۈمنى شەھەرگە ئاتماقچى بولسام ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغانلار كۈچەپ تارتىپ چۈشۈرۈۋالسۇن» دېدى .

ئاندىن ئۇ كىشى شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقتى . چىققان هامان ئالدىنقىلارغا ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئۆزىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئاتماقچى بولدى . ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغانلار بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئارغامچىنى كۈچەپ تارتتى . ئۇلار شۇنچىلىك قاتتىق كۈچىدىكى ، ھېلىقى ئادەم بېلىدىن ئۈزۈلۈپ ئىككى پارچە بولۇپ يېرىمى شەھەرنىڭ ئىچىگە ، يېرىمى شەھەرنىڭ تېشىغا چۈشتى .

مۇسا نەسىر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇ شەھەر توغرىسىدا بىرەر خەۋەرگە ئېرىشىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ كەينىگە ياندى .

ئۇ باياۋاندا كېتىۋېتىپ بىر يەردە ئېگىزلىكى يىگىرمە گەز كېلىدىغان ئاق تاشتىن ياسالغان لەۋھەلەرنى كۆردى . يېقىن بېرىپ قارىسا ، بۇ لەۋھەلەرگە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى ، پادىشاھلارنىڭناملىرى پۈتۈلگەن ئىكەن . ئۇلارنىڭ يېنىدا مىستىن ياسالغان يەنە بىر لەۋھە بار بولۇپ ، ئۇنىڭغا : «ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ مەنزىلگە قەدىمى يەتكەن بولسا ، زىنهار بۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىسۇن . ئەگەر ئۆتسە ، ئۇ ئەلۋەتتە ھالاك بولغۇسىدۇر» دەپ پۈتۈلگەنىدى .

مۇسا نەسىر بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران قالدى . ئۇ ئىككى نەپەر ئاتلىق ئادىمىنى ئالدىغا چاقىرىپ :

— سىلەر بۇ يەردىن خېلى نېرىغا بېرىپ بېقىڭلار . بۇ يەردە نېمە سىر بار ، بۇ لەۋھەگە يېزىلغانلار راستمۇ - يالغانمۇ بىلىپ باقايلى ، — دەپ بۇيرۇدى .

شۇنىڭ بىلەن ، ئىككى نەپەر ئاتلىق ئادەم لەۋھە بار يەردىن ئازراقلا نېرىغا ئۆتكەنىدى . نەدىندۇر بىرمۇنچە جانىۋارلار پەيدا بولدى ۋە ھېلىقى ئىككى ئادەمگە قاچقۇدەك ئىمكان بەرمەي ، مىنگەن ئاتلىرى بىلەن قوشۇپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى . مۇسا نەسىر بۇ ۋەقەنى كۆرگەندىن كېيىن ھېچ ئامال قىلالماي مەملىكىتىگە قايتىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئاجايىپ داستىخان

ئابدۇلمەلىكنىڭ زامانىدا مۇسا نەسىر ئەندىلىس ئەتراپىدىكى ئىككى چوڭ شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى . ئۇ شەھەرلەرنىڭ بىرىنى «تەلتەلە» ، يەنە بىرىنى «قەرتەنە» دەپ ئاتىشاتتى . ئەنە شۇ شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تاغدىن نۇرغۇن خەزىنە چىقىپ قالدى . ئۇ خەزىنىلەرنىڭ ئىچىدە بىر داستىخان بار ئىدى . ئۇ داستىخان ئالتۇندىن توقۇلغان بولۇپ ، چۆرىسىگە قىزىل ياقۇت بىلەن مەرۋايىتنى تىزىپ چۆچا چىقارغانىدى . شۇ چاغنىڭ جاۋاھىرشۇناسلىرى يىغىلىپ ھەرقانچە ھېسابلاپمۇ بۇ داستىخاننىڭ باھاسىنى بىر نېمە دېيىشكە ئاجىز كەلدى . ئۇ داستىخاننىڭ چوڭلۇقى شۇنچىلىك ئىدىكى ، يۈز ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسىمۇ كەڭتاشا ئولتۇرغىلى بولاتتى . ئۇ داستىخانغا «بۇ داستىخان سۇلايمان ئىبنى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭدۇر» دېگەن خەت يېزىلغانىدى .

# بۇتنىڭ پۇتىدىكى سىر

«جامى جاھاننەما» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە ، بەلىناس ھېكىم مۇنداق دېگەن :

مىنىڭ شەھىرىمدە تاشتىن ياسالغان بىر بۇت بار بولۇپ ، ئۇ بۇت بىر ياغاچ تۇۋرۈككە ئورنىتىلغانىدى . شەھەر خەلقى دائىم ئۇنى تاماشا قىلغىلى بېرىپ ، ئۇنىڭغا ئىشلەتكەن ھۈنەر ـ سەنئەتكە ھەيران بولۇشاتتى . كىشىلەر ، «بۇ بۇت دۇنيادىكى ئاجايىپ ـ غارايىپلارنىڭ بىرى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى . ۋەھالەنكى ، ئۇ بۇتنىڭ شەكلى ۋە ھەيۋىتىدىن باشقا ھېچقانداق ئاجايىپ يېرىنى بىلگىلى بولمايتتى . مەن ئۇ چاغلاردا تېخى كىچىك بالا ئىدىم . خەلقلەر بۇتنى كۆرگىلى بارسا ، مەنمۇ ئۇلارغا

قوشۇلۇپ باراتتىم . ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇتنىڭ ئايىغىغا بەكرەك دىققەت قىلىشاتتى ۋە : «ھەممە سىر بۇنىڭ پۇتىدا» دېيىشەتتى . مەنمۇ ئۇنىڭغا خېلىلا سەپسېلىپ قارىساممۇ ، ئەجەبلەنگۇدەك بىرەر نەرسىنى ھېچ سېزەلمىگەنىدىم .

كېيىن ، مەنمۇ چوڭ بولدۇم ۋە قەدىمىي خەتلەرنىمۇ ئوقۇيالىغۇدەك سەۋىيىگە يەتتىم . بىر كۈنى ھېلىقى بۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوبدان دىققەت قىلىپ قارىدىم . كۆردۇمكى ، بۇتنىڭ بېشىغا قەدىمىي خەت بىلەن : «كىمىكى ئاجايىپ نەرسىنى كۆرۈشنى خالىسا ، بۇ بۇتنىڭ ئايىغىغا قارىسۇن» دەپ يېزىلغانىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئويلىنىشقا باشلىدىم . دېمەك ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار ! كىشىلەر بۇ سۆزنى ئۆز ئەينى بويىچىلا چۈشىنىپ ، «ئاجايىپ سىر»نى ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدا دەپلا ئويلىغانىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدا ھەيران قالغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى . ئويلا ـ ئويلا ئەقلىمگە كەلدىمكى ، «پۇتىغا نەزەر قىلسۇن ، دېگەن سۆز بەلكىم كىنايە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئاستىنى كولاپ بېقىش كېرەكتۇر» دېگەنلەر كۆڭلۇمگە چىڭ ئورنىشۋالدى . بۇلارنى ئويلىشىپ تۇرۇۋېدىم ، تاماشىغا كەلگەن خەلقلەر تارقاشتى . بۇ يەردە ھېچكىم قالمىغاندا ئۆزۈم يالغۇز ئۇ بۇتنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىنى كولاشقا باشلىدىم . خېلى ئۇزۇن قازغاندىن كېيىن ، بىر كامار پەيدا بولدى . كامارنىڭ ئىچى زۇلمەت قاراڭغۇ ئىدى . ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ بېقىشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولساممۇ ئامال بولمىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قاتتىق شامال چىقىپ تۇراتتى . شىددەتلىك شامال چىقىپ تۇرغان قاپقاراڭغۇ بۇ كامارغا كىرىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، قانداق قىلىشىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ ئولتۇرۇپ بىر چاغدا مۈگدەپ قاپتىمەن . كۆزۈم ئۇيقۇغا بارغاندىن كېيىن چۈش كۆردۈم ، چۈشۈمدە خۇددى ئۆزۈمگە ئوخشاش بىر ئادەم ماڭا قاراپ :

— نېمىشقا كامارغا كىرىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاجايىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى كۆرمەيسەن؟ — دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا:
— ئۇنىڭ ئىچى تولىمۇ قاراڭغۇ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىددەتلىك شامال چىقىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇ يەرگە كىرەلمىدىم، — دېدىم، ئۇ يەنە:
— بىر قاچا تېپىپ، چىراغنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويساڭ، چىراغ ئۆچۈپ قالمايدۇ. كامارنىڭ ئىچىمۇ يورۇيدۇ. شۇنى كۆتۈرۈپ كامارنىڭ ئىچىگە بىمالال كىرىۋەرگىن. ھېچقانداق خەتەرگە يولۇقمايسەن، — دېدى.
— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. ئۇ ئېيتتىكى:
— مەن ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدۇرمەن.
شۇ ھامان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. چۈشۈمدە ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە چىراغ كۆتۈرۈپ كامارنىڭ ئىچىگە كىردىم. مېڭىپ ـ مېڭىپ كامارنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە كىردىم. قارىسام ھېلىقى بۇتنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئاستىغا ئۇدۇل جايدا بىر شەيخ ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئالتۇن ۋە جاۋاھىردىن ياسالغان بىرقانچە لەۋھەلەر تۇراتتى. ئۇ لەۋھەلەرگە: «بۇ لەۋھەلەر ئىدرىسنىڭدۇر، ئۇنىڭدا يارىلىش ۋە يارىتىلىش سىرلىرى پۈتۈلگەندۇر» دەپ يېزىقلىق ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەۋھەلەرنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتىم. قارىسام، دۇنيادىكى بارلىق ھېكمەت بۇ لەۋھەلەرگە يېزىلغانىدى. مەن ھەممىنى قەغەزگە كۆچۈرۈۋالدىم. بارلىق ئاجايىپ ـ غارايىپ تىلسىمات ئىلمىنى ئەنە شۇنىڭدىن ئۆگەندىم.

## قەلئەئى ھىرمان

«ئەجايىبۇل بولۇدان» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، مىسىر تەۋەسىدە مەرمەر تاش بىلەن ئەينەكتىن ياسالغان غايەت زور بىر قەلئە بار بولۇپ، ئۇنى «قەلئەئى ھىرمان» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ

ئۇزۇنلۇقى تۆت يۈز گەز ، كەڭلىكىمۇ تۆت يۈز گەز كېلەتتى . بۇ مەرمەر تاشلارنى قوپۇرۇپ چىقىشتا لايىنىڭ ئورنىغا خام رو بىلەن قەلەيىنى ئېرىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەنىدى ، ھەر بىر پارچە تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون گەز كېلەتتى . ئەمما ، ئۇ تاشلار ھەرگىزمۇ پارچە - پارچە بولماستىن ، بەلكى باشتىن - ئاياغقىچە بىر پۈتۈندەكلا كۆرۈنەتتى . ھەربىر پارچە تاشقا تېبابەتچىلىك ، سېھىرگەرلىك ۋە ئاجايىپ ئىلىملەر پۈتۈلگەنىدى . ھەربىر تۆۋرۈككە بىردىن ئىنتايىن چوڭ بۈركۈتلەرنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇلار ھازىرلا ئۇچقىلىۋاتقان تىرىك بۈركۈتكە ئوخشاش كۆرۈنەتتى . ئەگەر ئۇ بۈركۈتلەرنىڭ ئاغزىغا مىڭ پارچە تاشنى سالسىمۇ ، ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋېرەتتى . ئۇ تاشلارنىڭ نەگە يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلگىلى بولمايتتى .

كىشىلەر قەلئەنىڭ ئىچىدە ھەربىرى تۈگمەن تېشىدەك چوڭلۇقتىكى چىشلارنى كۆرگەن بولۇپ ، ئۇ چىشلار تاشتىن ياسالغان تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇلغان ئىكەن . تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە : «بۇ چىشلار مۇشۇ قەلئەنى بىنا قىلغۇچىلارنىڭ چىشىدۇر» دەپ يېزىلغانىكەن .

يەنە ئۇ يەردە ئىككى گۈمبەز بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بىرلا ئىشىكى بار ئىدى . ئۇ ئىشىكتىن قەھرىتان سوغۇق ئۇرۇپ ، قاتتىق شامال چىقىپ تۇراتتى ، ھېچقانداق جانلىق ئۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيتتى . ئۇ گۈمبەزلەرنىڭ ئىچى زۇلمەت قاراڭغۇ ئىدى .

بۇ قەلئەدىن يەنە بىر تال مىس پۇل تېپىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا : «ئاسمان - زېمىننى ياراتقان خۇداغا قەسەم قىلىمەنكى ، مەن بۇ پۇلنى جاپا - مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلتۈردۈم . ھەرگىزمۇ ئۇنى بىكارغا قولۇمدىن چىقارمايمەن . گۆرۈمگە ئاپتاپ چۈشكىنى ، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىگە چۈشكىنىدىن ياخشىدۇر» دېگەن خەتلەر يېزىلغان .

بۇ قەلئەنىڭ بىر تۆۋرۈكىگە : «كىمكى ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھ بولۇشنى خالىسا ، مۇشۇ قەلئەنى بۇزسۇن . ئەلۋەتتە بۇزۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياساشتىن ئاساندۇر» دەپ يېزىلغانىدى .

ئىپتىشلارغا قارىغاندا ، مەئمۇن خەلىپە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قەلئەنى بۇزۇشقا بەل باغلىدى . ئۇ ھېسابسىز مال ـ دۇنيانى سەرپ قىلىپ ، نەچچە مىڭ ئادەمنى بىر قانچە يىل ئىشلەتتى . مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران قەلئەنىڭ ئون نەچچە قوغدىسىنى (ئون نەچچە كۆنگۈرىنى ) بۇزالىدى . ئۇ قەلئەگە نە تۆمۈر ئەسۋابلار ، نە ئوت ھېچ نەرسە تەسىر قىلمايتتى ، بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچقانداق ئامال تاپالماي ئاخىر قايتىپ كېتىشتى .

بۇ قەلئەگە ئادەمنىڭ كىرمىكى ئاسان ئەمەس ئىكەن . ئۇ يەرنى پۈتۈنلەي دىۋە ـ پەرىلەر ماكان قىلغانىكەن . بىر كۈنى مىسىرلىق قىزىقچىلاردىن بىرى باشقىلار بىلەن قەلئەدىكى ھېلىقى بۇركۈتنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ باغلاشتى ۋە بۇركۈتنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەتتى . ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى بىچارە قىزىقچى بىر تاشنىڭ قىسىلچىقىدىن بېشىنى چىقىرىپ نىمىدۇر بىر نىمە دېدى . ئەمما ، ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم بىلەلمىدى . ئۇ ئادەم شۇ ھامان غايىب بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نىشان بولمىدى ، شۇ يوقالغانچە يوقاپ كەتتى .

ئىپتىشلارغا قارىغاندا ، ئەرەستوتالىس ھېكىم مىسكەرچىلىك ئىلمى بىلەن بىر قەندىل ياساپ ، ئىچىگە چىراغ ياندۇرۇپ ، ئاندىن ئۇ چىراغنى كۆتۈرۈپ قەلئەئى ھىرماننىڭ ئىچىگە كىردى . ئۇنىڭ ئىچىدە پىلدىن تارتىپ چۈمۈلىگىچە بارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتىنى كۆردى . ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئاسماننىڭ بىر بۆلىكىگە باغلىغانىدى . يەنى — ھايۋاننىڭ سۈرىتىگە «بۇنىڭ تەلىيى ئاسماننىڭ پالانى بۆلىكىگە تەئەللۇقتۇر» دەپ يېزىلغانىدى .

ھەزرىتى ئىسكەندەر پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ، قەلئەئى ھىرماننى بۇزۇپ باقماقچى بولدى . ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ قەلئەنى بۇزالمىدى . ئاخىر ئۇ : «بۇ قەلئە تۆت ئەناسىردىن ياسالمىغان بولسا كېرەك . ئۇنىڭدا نە تاش ، نە تۆمۈر ، نە سۇ ، نە تۇپراق دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەسكەن» دېدى . ئاندىن ئۇنى بۇزۇشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتتى .

# ئىسكەندەر سېپىلى

ھەزرىتى ئىسكەندەر كۆڭلەردىن بىرىدە يەجۇج ـ مەجۇجلەرگە يېقىن جايدىكى بىر يۇرتقا بېرىپ قالدى. ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئىسكەندەرگە ئەرز قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

— يېنىمىزدىلا بىر تائىپە كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى قىسقا كەلگەن، ئۇلار پات ـ پاتلا بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇرتىمىزنى ۋەيران قىلىشىدۇ، بىز ئۇلاردىن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمىز.

— ئۇلار نېمە سەۋەبتىن سىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر ئۇلاردىن.

— ئۇلارنىڭ مىجەزى خۇددى ئەھرىمەن دىۋىگىلا ئوخشايدۇ. ھېچقانداق سەۋەبسىزلا بىزگە زەرەر يەتكۈزىدۇ. ئىللا ـ بىللا بىزدىن ئۇلارغا ھېچقانداق يامانلىق يەتكىنى يوق، — دېيىشتى ئۇلار.

ھەزرىتى ئىسكەندەر يىگىرمە مىڭ نەپەر ئۇستا تۆمۈرچىنى يىغىپ ئۇلارغا يەجۇج ـ مەجۇجلەرنىڭ چىقىدىغان يولىغا سېپىل سوقۇپ چىقىشقا ئەمر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، تۆمۈرچى ئۇستىلار تۆمۈر بىلەن قەلەيدىن پارچە ـ پارچە تاختا ياساپ، ئۇلارنى بىر قات ـ بىرقاتتىن ئۇستى ـ ئۇستىگە تىزىپ چىقتى، ئاندىن كۆرەك باستى. تۆمۈر، قەلەيلەر ئېرىپ ھەممىسى بىر پۈتۈن بولۇپ ئۇيۇپ قالدى. بۇ سېپىلغا: «بىز بۇ سېپىلنى ھەزرىتى پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن سوقۇپ چىقتۇق. ۋاقتى كەلگەندە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زامانىسىدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن بارلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى قارىيىپ كېتىدۇ. ناھەق قان تۆكۈلىدۇ ۋە زىنا ـ زەلالەتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىشىدۇ. ئەر كىشىلەر ئاياللاردەك ياسىنىۋالىدۇ. بەزى ئاياللار بولسا ئەر كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ . شۇ چاغدا بۇ سىپىل ئېچىلىدۇ ـ دە ، يەجۈج ـ مەجۈجلەر چىقىپ پۈتۈن ئالەمگە بىر كېلىدۇ . ئۇلار يەر يۈزىدە بارلىكى نەرسىنى يەپ ، جاھاننى ۋەيران قىلىدۇ . ئاندىن كېيىن ‹سابۇس › دېگەن يەرگە بېرىپ ھەممىسى ھالاك بولىدۇ» دېگەن خەتلەرنى پۈتۈپ چىقتى .

## خەلىپىنىڭ چۈشى

سەلام بىننى ئەتتەرجىمان مۇنداق دەيدۇ :

خەلىپە ۋاسىقى بىللاھ بىر كۈنى چۈشىدە كۆردىكى ، ئىسكەندەر سىپىلى (سەددى ئىسكەندەريي ) ئېچىلىپ ، ئىچىدىن يەجۈج ـ مەجۈجلەر چىقىشقا باشلىغانمىش . خەلىپە بۇ چۈشنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقتى . ئۇ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرتۈپ بېقىش ئۈچۈن بىزنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يولغا سالدى . بىرقانچە ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن ھېلىقى سىپىل بار يەرگە يېتىپ باردۇق . قارىغۇدەك بولساق يەتتە خىل مېتالدىن قۇيۇپ چىققان ھەيۋەتلىك سىپىل قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ نە ئۇزۇنلۇقى ، نە كەڭلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . بۇ سىپىلغا يەتمىش گەز كەڭلىكتە بىر دەرۋازا ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇقى يەتتە گەز كېلىدىغان بىر قۇلۇپ سېلىنغانىكەن . بىر زەنجىرگە ئون تۆت چىشلىق بىر قۇلۇپ ئېسىپ قويۇلۇپتۇ . بۇ يەرگە مەخسۇس بىر ھاكىم بەلگىلەنگەن بولۇپ ، ھەر جۈمە كۈنى ھاكىم بىرقانچە مۇلازىملار بىلەن بېرىپ دەرۋازىغا گۈرزىلەر بىلەن ئۇرىدىكەن . يەجۈج ـ مەجۈجلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ «بۇ سىپىلنىڭ قاراۋۇللىرى بار ئىكەن» دەپ ئويلىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن . بىز بارغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە دەرۋازىغا گۈرزى بىلەن ئۇردى . قۇلاق سالسام سىپىلنىڭ ئىچىدىن قاتتىق ئاۋازلار ئاڭلاندى . مەن

ئۇلاردىن :

— بۇ نېمە ئاۋاز ؟ — دەپ سورىدىم .

— يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ ئاۋازى ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار .

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىرەرسى يەجۇج - مەجۇجنى كۆرۈپ باققانمۇ ؟

نەچچە ئاي بۇرۇن بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بىرقانچىسى سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىكەن . تۇيۇقسىز بىر قارا بوران كېلىپ ئۇلارنى بۇ باياۋانغا ئۇچۇرۇپ چۈشتى .

ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھېسابلاپ باقساق توپتوغرا خەلىپە چۈش كۆرگەن كۈنى يۈز بەرگەن ۋەقە ئىكەن .

## سالام تەرجىماننىڭ سەپىرى

«نۇزھەتۇل قۇلۇب»نىڭ ئاپتورى «مەسالىكەل - مەمالىك» دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ :

خەلىپە ۋاسىق بىننى مۇئتەسەم ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە چىقتى . ئۇ يەجۇج - مەجۇجلەرنى توسۇغلى سوققان سېپىل ھەققىدىكى سۆزلەر كىتابلاردا سۆزلەنگەن ھېكايىلەردىكىگە ئوخشاشمۇ ياكى ئەكسىچىمىدۇ ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى .

ھىجرىيە 228 - يىلى (مىلادىيە 842 - ، 843 - يىللىرى) خەلىپە ۋاسىق بىننى مۇئتەسىم سالام تەرجىماننى ئەللىك ئادەمگە قوشۇپ سېپىلنى تەكشۈرۈپ بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . سالام تەرجىمان سامىرەدىن ئەرمىنىيىگە باردى . ئاندىن ، شىرۋان پادىشاھىنىڭ ئالدىغا باردى . ئۇ يەردىن ئالان پادىشاھىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ باردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، بابۇلئەبۋاب پادىشاھىنىڭ يېنىغا باردى . (بابۇلئەبۋابنى «دەربەند» دەپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتايدۇ .)

بابۇلئەبۋاب پادىشاھى سالام تەرجىماننى بىلىق تۇتقىلى ئەۋەتىپ چىقتى . ئۇلار دەرياغا قارماق سېلىشىدى ، بىر بىلىق ئىلىنىپ چىقتى . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى يۈز گەز كېلەتتى . بېلىقنىڭ قارنىنى يارغاندى ، ئىچىدىن ساھىبجامال بىر قىز چىقتى . ئۇنىڭ تىزىغىچە كېلىدىغان كۆڭلىكى ئۆزىنىڭ تېرىسىدىن پۈتكەنىدى . ئۇ قىزنى بېلىقنىڭ ئىچىدىن سىرتقا ئېلىپ چىقتى . ئۇ قىز بىردىنلا ئۆزىنى ـ ئۆزى كاچاتلاپ ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ، قاتتىق ۋارقىراپ نالە ـ پىغان قىلىشقا باشلىدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن قىزنىڭ روھ قۇشى بەدەن قەپىسىدىن ئۇچۇپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، سالام تەرجىمان ئۇ يەردىن يۈرۈپ ، سەرىر پادىشاھى تارخاننىڭ قېشىغا باردى . تارخان ئۇلارغا يول باشلاپ مېڭىشقا بىرقانچە ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ يولغا سالدى . ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە يىگىرمە ئالتە كۈن بولغاندا بىر يەرگە يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردىن تولىمۇ بەتبۇي سېسىقچىلىق پۇراپ تۇراتتى . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئون كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر شەھەرگە كەلدى . بۇ شەھەر ئەسلىدە يەجۇج ـ مەجۇجلەرنىڭ ماكانى بولۇپ ، بۇ چاغدا خاراب بولۇپ كەتكەن ۋاقتى ئىدى . ئۇلار يەنە يولىنى داۋاملاشتۇردى . يىگىرمە يەتتە كۈندىن كېيىن بىر قەلئەگە يېتىپ كەلدى . بۇ قەلئەگە يېقىن بىر تاغ بار ئىدى . سېپىل شۇ تاغنىڭ ئاغزىدا ئىدى .

سالام تەرجىمان سېپىلنىڭ ھەققىدە كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەنگە ئوخشاشلىقىنى ھېس قىلدى ، ئاندىن ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى . ئىككى ئايدا سەمەرقەندكە يېتىپ كەلدى . سەمەرقەنددىن خۇراسان يولى بىلەن سامىرەگە باردى . بۇ بېرىش ـ كېلىش ئۈچۈن ئىككى يىل تۆت ئاي ۋاقىتنى سەرپ قىلدى .

بۇ نەقىل «مەسالىكەل ـ مەمالىك» دېگەن كىتابتىن

كەلتۈرۈلدى . بۇنى «تارىخىي مەغرىب»نىڭ ئاپتورىمۇ تەستىقلىگەن ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىغان .

## دىيارى مەزلۇمە

يەمەن زىمىنىدە «دىيارى مەزلۇمە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار بولۇپ ، فىرئەۋنىلەرنىڭ يۇرتىدۇر . ھەزرىتى زۇلقەرنەين مۇشۇ شەھەردە ۋاپات بولغان .

زۇلقەرنەين بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدى . بۇ شەھەر ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى . شەھەرنىڭ كەڭلىكى قىرىق مىل كېلەتتى . شەھەرنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ سۈرەتلەرنى ۋە ئالتۇن دەرۋازىلارنى كۆردى . پادشاھلار بېشىغا ئالتۇن تاجلارنى كىيىپ تەختتە ئولتۇراتتى . پاسىبانلار ئىشىكلەردە تۇراتتى . ھەزرىتى ئىسكەندەر قولىغا بىر دانە گۆھەر كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى ، شەھەرنىڭ ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى . ئۇ شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ سەيلە - تاماشا قىلدى . كۆردىكى بازارلاردا دۇكانلار ئېچىقلىق تۇراتتى . كوچا ۋە ئۆيلەردە ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلار ، باللار ھەممىسى تاش بولۇپ قېتىپ قالغان ھالەتتە تۇرۇشاتتى .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ زۇلمەت ھازىرغىچە بار ئىمىش . ئۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن . بەزىلەر ، بۇ شەھەرگە كۈننىڭ نۇرى چۈشمەيدىكەن ، دېسە ، يەنە بەزىلەر ، ئۇ يەردىن غەلىتە بىر خىل گاز (ياكى ھور ) چىقىپ كۈننىڭ يۈزىنى توسۇۋالغاچقا ، ئۇ شەھەرگە يورۇق چۈشمەيدۇ ، دېيىشىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ھەزرىتى ئىسكەندەر ئۇ يەردە يوغان بىر پارچە لەۋھەنى كۆردى . ئۇنىڭغا مۇنۇلار پۈتۈلگەنىدى :

«بىز ئەسلىدە سەمۇد قوۋمىدىن ئىدۇق ، تولىمۇ راھەت - پاراغەتتە ياشايتتۇق ، تەڭرى بىزگە ھىنتىلەنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى . بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن كېيىن ، تەڭرى بىزنى ۋە شەھىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق قارا قىلىۋەتتى .»

ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتتى ، ئاندىن يەنە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا :«بۇ شەھەرنى ئەڭ ئاۋۋال بىنا قىلغۇچى جەۋاب بىننى ۋارىئ بىننى شەدداد بىننى ئاددۇر» دەپ يېزىلغانىدى .

دېمەك ، بۇ شەھەرگە نۇرغۇن پادىشاھلار شاھلىق قىلغان . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن .

## قەسىرۇل - رەساس

ھەكىملەر مۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ : رۇم باياۋىنىدا بىر زور گۈمبەز بار بولۇپ ، ئۇنى «قەسىرۇل - رەساس» دەپ ئاتايدۇ . كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر ئادەم رۇملۇقلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى . ئۇ ئادەم قۇرئاننى ناھايىتى ياخشى ئوقۇيتتى . قۇستەنتىنىيە پادىشاھىغا ئۇنىڭ قىرائىتى يېقىپ قالغاچقا ، ئۇ ئادەمنى ئەسىرلىكتىن بوشىتىپ ، ئۆزىنىڭ قېشىدا تۇرغۇزۇۋالدى . بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئادەم پادىشاھقا ئىلتىماس قىلىپ :

— قەسىرۇل - رەساسنى بېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم . ئەگەر ، بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلسىڭىز مەن ناھايىتى زور مەرھەمەتكە ئېرىشكەن بولاتتىم ، — دېدى .

پادىشاھ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى . ئۇ ئادەم قۇستەنتىنىيەدىن چىقىپ بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھېلىقى باياۋانغا يېتىپ باردى . قارىغۇدەك بولسا بىر ئالىي گۈمبەز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا گۈمبەزنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرغان بىر بۇت بار ئىدى . بۇتنىڭ قولىغا مۇنۇلار يېزىقلىق ئىدى :

«ھەرقانداق پادىشاھنىڭ سەلتەنىتى ئاخىر زاۋال تاپىدۇ . پەقەت ، تەڭرىلا ئالەمنىڭ ھەقىقىي پادىشاھىدۇر . ئۇنىڭ سەلتەنىتى ھەرگىز زاۋال تاپمايدۇ . مېنى مۇشۇ جايىمدىن يۆتكىۋەتمىگۈچە

ھېچقانداق ئادەمنىڭ بۇ گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس !»

ھېلىقى ئادەم بۇتنى جايىدىن يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن ، دېگەندەك گۇمبەزنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . ئۇ گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆردىكى ، بىر داستىخاننىڭ ئۈستىگە مىڭ ئادەمنىڭ جەستى قويۇلغانىدى . يەنە ئۇ جايدا ناھايىتى چوڭ بىر قەبرە بار بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئەللىك گەز ئۇزۇنلۇقتا قەبرە تېشى ئورنىتىلغانىدى . قەبرە تېشىغا مۇنۇلار يېزىلغانىدى :

«ئۆلۈمدىن قورقمىن ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھەممە ئىشقا ئالدىرا . ئۆلۈم تىلغا ئاسان . تەڭرى ئىتائەتمەنلەرگە مېھرىباندۇر ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغىن . ئەي ئىنسان بالىسى ، بۇ داستىخاندا مىڭ پادىشاھ غىزالانغانىدى ، بۇ لام بىننى ئابىر ئەلمۇلكىنىڭ قەبرىسىدۇر . لام يۈز يىل شاھلىق تەختىدە ھۆكۈم سۈردى ، يۈز مىڭ شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى ، ئەمما ئۆلۈمگە چارە تاپالمىدى . ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ يەرگە قەدىمى يەتسە ، بۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشى ۋە بۇ گۇمبەزدىكى نەرسىلەردىن ھېچقانداق نېمىنى ئېلىپ ماڭماسلىقى كېرەك .»

## ھاتەم تەيىنىڭ پەزىلىتى

ھاتەم تەي بىر كۈنى ئالىي زىياپەت تەييارلىدى ۋە ئۆز قوۋمى ئىچىدىكى ئۇلۇغلاردىن بىرقانچىنى زىياپەتكە چاقىردى . يولدا كېتىۋاتقان بىر دىۋانە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى . ئۇ مېھمانلارغا قوشۇلۇپ ھاتەم تەيىنىڭ زىياپىتىگە كىردى . ھاتەم تەيىنىڭ نەزىرى دىۋانىگە چۈشتى ـ دە ، دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، تۆرگە تەكلىپ قىلدى . مېھمانلار بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ :

— ئەي ھاتەم ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دەپ سوراشتى .

ھاتەم :

— سىلەرنى بۇ يەرگە مېنىڭ نازۇنېمىتىم كەلتۈردى . ئەمما ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ بىچارىنى بولسا ، مېنىڭ ساخاۋىتىمنىڭ شۆھرىتى يەتكۈزدى . شۇڭا ، بۇنىڭ مەرتىۋىسى سىلەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

## جەننەتنىڭ مېۋىسى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، نىل دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بىر قەسىر بار ئىدى . خالىد بىننى ئاشالۇم بىننى ئەلئەس ئىسىملىك بىر ئادەم پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قېچىپ ئۇ قەسىرگە بېرىپ قالدى . ئۇ يەردىمۇ توختىماي ئۆتۈپ كەتتى ۋە نىل دەرياسىنى بويلاپ ماڭغىنىچە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئەخزەر دەرياسىغا يېتىپ باردى . ئۇ يەردە بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋاتاتتى . ئۇ كىشى خالىددىن :

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . خالىد ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بۇ تەرەپلەرنى كۆرۈپ - بىلىپ باققۇم كەلدى .

— مەن ئۇمران بىننى ئەلئەس بىننى ئىسھاق بولىمەن . مەنمۇ ساڭا ئوخشاش مەقسەت بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن . تەڭرى مېنى بۇ يەردە قېلىپ ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى . سەنمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن ، بۇ يەردە بىر تۈرلۈك جانىۋار بار . كۈن چىققان چاغدا ئۇ جانىۋار پەيدا بولىدۇ . قاچانكى ئۇ جانىۋار پەيدا بولسا دەرھال ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋال . ئۇ سېنى بۇ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ .

خالىد ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇردى . بىر چاغدا كۈن چىقتى . كۈن چىققان ھامان ھېلىقى جانىۋار پەيدا بولدى . خالىد ئۇنىڭ ئۈستىگە چاققانلىق بىلەن مىنىۋالدى . ئۇ جانىۋار خالىدنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى . خالىد شۇنداق بىر ئاجايىپ زېمىننى كۆردىكى ، ھەممە نەرسە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ، ھەتتا دەرەخلەرمۇ ئالتۇندىن ئىدى . ئۇ يەردە ئالتۇندىن ياسالغان بىر گۈمبەزنى كۆردى . گۈمبەزنىڭ تۆت ئىشىكى بار ئىدى . گۈمبەزنىڭ ئىچىدىن ئېقىپ

چىققان سۇ تۆت ئېشىكتىن چىقىپ تۇراتتى .
شۇ چاغدا نەدىندۇر بىر پەرىشتە پەيدا بولدى . ئۇنىڭ قولىدا زۇمرەتتىن سۇزۇك بىر ساپاق ئۈزۈم بار ئىدى . ئۇ ئۈزۈمنى خالىدقا بەردى ۋە ئۇنىڭغا دېدىكى :
— بۇ جەننەتنىڭ غورىسىدۇر . ئەمدى بۇ يەردىن كەينىڭگە قايتقىن . چۈنكى ، بۇنىڭ نېرىسىغا بېرىشقا يول يوق .
خالىد ئۇ يەردىن كەينىگە ياندى . يەنە ھېلىقى جانىۋار پەيدا بولۇپ خالىدنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى . ئالما دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆردىكى ، ئۇمران ۋاپات بولۇپتۇ . شۇ چاغدا بىر قېرى ئادەم پەيدا بولدى .
— ئەي خالىد ، مۇنۇ ئالمىلاردىن ئېلىپ يېگىن ، — دېدى ئۇ .
— ماڭا مۇشۇ ئۈزۈم كۇپايە قىلىدۇ ، — دېدى خالىد . ئۇ قېرى يەنە خالىدقا :
— مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلاپ ئالمىدىن بىرنى يېگىن ، — دېدى .
خالىد بىر ئالمىنى ئېلىپ چىشلىگەن ھامان غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ، «ئەي خالىد ! ئەگەر قولۇڭدىكى ئۈزۈمگە قانائەت قىلغان بولساڭ ، تا ئۆلگۈچە ھېچقانداق غىزا - تائامغا موھتاج بولماس ئىدىڭ . دائىم توق - باياشاد ياشىغان بولاتتىڭ . ئەمما ، سەن شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ كەتتىڭ . ئەمدى قولۇڭدىكى مېۋىدىن ساڭا ھېچقانداق پايدا يوق .»

## كېسرى گۈمبىزى

ھىجرىيە 144 - يىلى (مىلادىيە 761 - ، 762 - يىللىرى ) خەلىپە ئەبۇ جەئپەر باغداد شەھىرىنى قايتا ياساپ ، بۇزۇلغان جايلارنى رېمونت قىلىپ چىقماقچى بولدى . ئاندىن ، كېسرى گۈمبىزىنى بۇزۇپ ئورنىغا ئالاھىدە بىر ئىمارەت بىنا قىلماقچى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ۋەزىرى سۇلايمان ئىبنى خالىد بىلەن بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى . ئەمما ، ۋەزىر سۇلايمان گۇمبەزنى بۇزۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى . ئۇ خەلىپىگە مۇنۇلارنى دېدى :

— بۇ كىسرى گۇمبىزىنى بۇزۇش ئۈچۈن قول ئۇزاتقان ئادەمنى ئەدەپلىك دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇ ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىرىدۇر . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى بۇزماقمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ . بۇ پەشتاقنى بۇزۇشقا بىز چوقۇم ئاجىز كېلىمىز . ئاقىۋەت كىشىلەر ئەبەدىلئەبەد بىز توغرىمىزدا سۆز - چۆچەك قىلىشىپ «بىر پادىشاھ ياسىغان ئىمارەتنى يەنە بىر پادىشاھ ۋەيران قىلماقچى بولدى . لېكىن ، ئۇنى بۇزۇشقا كۈچى يەتمىدى» دېيىشىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشقا قەدەم باسمايلى ، كېيىن پۇشايمانغىمۇ قالمايلى .

خەلىپە ئەبۇ جەئپەر ۋەزىرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ، گۇمبەزنى بۇزۇشقا تۇتۇندى . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، ئۇنى بۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان پۇلنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق بولۇپ ، ئۇنىڭغا پۈتۈن خەزىنىدىكى دۇنيامۇ يەتمىگۈدەك . ئاخىر ئامالسىزلىقتىن خەلىپە بۇ ئىشتىن قول تارتتى .

## باغداتتىكى هاممام

«ئىبنى جوزئى مۇنتەزىم»دا دېيىلىشىچە ، خەلىپە ئەبۇ جەئپەرنىڭ زامانىدا باغداد ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى . كۈندە ئاتمىش مىڭ هاممام تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى . كېيىنچە باغداد خارابلىشىشقا باشلىدى . بۇ چاغلاردا بەزىدە يىگىرمە ئالتە مىڭ ، بەزىدە ئون يەتتە مىڭ هاممام تىجارەت قىلىپ تۇردى .

## ھىراتنىڭ گۈللىنىشى

«نۇزھەتۇل - قۇلۇب» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ : غور سۇلتانلىرىنىڭ دەۋرىدە ھىراتتا شۇ قەدەر مەمۇرچىلىق

بولغانىدى . پەقەت ، شەھەر ئىچىدىلا ئون ئىككى مىڭ دۇكان ، ئالتە مىڭ هاممام ، ئالتە مىڭ كارۋان ساراي ، ئالتە مىڭ تۈگمەن ، ئۈچ يۈز ئەللىك توققۇز مەدرىسە ، ئۈچ يۈز ئەللىك خانىقا ، تۆت يۈز ئاشخانا بار ئىدى . شەھەر ئاھالىسى تۆت يۈز قىرىق مىڭ ئۆيلۈك ئىدى .

پادىشاھ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ زامانىدا ھىرات ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە كىردى . كاسىپلاردىن شەھەر ئىچىدىكى ناۋايلارنىلا مىسالغا ئالساق ، بىر كۈندە نانىنىڭ يۈزگە سىپىش ئۇچۇنلا يىگىرمە بىر ئۇلاغ سىيادان كېتەتتى . مەخسۇس ئوقۇۋاتقان تالىپلار ئون بەش مىڭ نەپەردىن ئاشاتتى .

## مۇئەللەق بۇتنىڭ سىرى

ھىجرىيە 410 ـ يىلى (مىلادىيە 1019 ـ ، 1020 ـ يىللىرى ) سۇلتان مەھمۇد سو . . .[①]نى ئىشغال قىلدى . ئۇ شەھەردىكى بۇتخانىلارنىڭ بىرىدە بىر بۇتنى كۆردى . ئۇ بۇت بۇتخانىنىڭ ئىچىدە ھاۋادا مۇئەللەق تۇراتتى . ئۇنى ھېچ نەرسە تۇتۇپ تۇرمايتتى .

سۇلتان مەھمۇد بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ئالىملاردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . ئالىملار :

— بۇ ئۆيىنىڭ تېگى تۆت تېمى ۋە ئۆگزىسى تامامەن ئاھەنرەبا (ماگنىت )تىن ياسالغانىكەن . بۇ بۇتنى بولسا تۆمۈردىن ياساپتۇ . ھەممە تەرەپتىكى ئاھەنرەبانىڭ تارتىش قۇۋۋىتى ئوخشاش نىسبەتتە ياسىلىپتۇ . ئۆيىنىڭ تېگى ، تام ـ تورۇسلار تۆمۈر بۇتنى تەڭ تارتىپ تۇرۇپتۇ . شۇڭا ، بۇت ھېچقاياققا كېتەلمەي چىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ قاپتۇ ، — دېيىشتى .

سۇلتان بۇ سىرنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ بۇتخانىنىڭ بىر تېمىنى

① ئەسلىي قولىيازمىدا كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆز ئۆچۈپ كەتكەن .

www.uyghurkitap.com

بۇزدۇردى . تام بۇزۇلغان ھامان بۇت موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشتى .

# ئاجايىپ ۋەقەلەر

* *

ھەربىر دەۋر ۋە ھەربىر زاماندا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ھادىسىلەر توغرىسىدا رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ :

مەھدى خەلىپىنىڭ زامانىسىدا ھىجرىيە 164 ـ يىلى (مىلادىيە 780 ـ ، 781 ـ يىللىرى ) زۇلھەججە ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى . تاڭ سۈزۈلگەن سۈبھى ۋاقتى ئىدى . ئالەم بىردىنلا شۇنداق قاراڭغۇلىشىپ كەتتىكى ، كۈن چىقىشتىن نىشانمۇ بولمىدى . بەلكى قاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاش زۇلمەت بولۇپ كەتتى . قاش ـ كۆزنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى . تاكى ناماز پېشىنغىچە ئەنە شۇنداق قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈردى . بۇنداق ۋەقە ھېچقاچان بولۇپ باقمىغانىدى .

* *

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇسەتسالىس (ئۇنى قەيسەرى سالىس دەپمۇ ئاتايدۇ )نىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغىنىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئىدى . بۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان يىللىرى ئىدى . شىمالىي قۇتۇپ تەرەپتە مەشئەلگە ئوخشاش بىر ئوت پەيدا بولدى . تاكى يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يوقالمىدى . ئۇ يىلى ھەر كۈنى چۈشكە يېقىنلاشقان ھامان ، پۈتۈن جاھان شۇنچىلىك قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتىكى ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئاسماندىن كۈلگە ئوخشاش نەرسىلەر ياغاتتى . بۇ ۋەقە ھەققىدە بەزى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ ھېكمەتلىك كىتابلىرىدىمۇ بايان قىلغان .

*  *

ھىجرىيە 224 ـ يىلى (مىلادىيە 838 ـ ، 839 ـ يىللىرى) مۇئتەسەم خەلىپىنىڭ دەۋرى ئىدى ، شۇ يىلى شەۋۋال (10 ـ ئاي) دا باغدادتا مۆلدۈر ياغدى . مۆلدۈرنىڭ چوڭلۇقى توخۇ تۇخۇمىدەك بار ئىدى . مۆلدۈرنىڭ سەۋەبىدىن ئۈچ يۈز يەتمىش ئادەم ھالاك بولدى . نۇرغۇنلىغان ئىمارەتلەر ۋەيران بولدى . شۇ كۈنى يەنە ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ ئاۋاز مۇنداق دەپ مۇناجات قىلاتتى : «ئەي خۇدا ، بەندىلىرىڭگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغىن ۋە بەندىلىرىڭنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغىن !» ئەمما بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى ھېچكىم كۆرمەيتتى . ئۇنىڭ باسقان قەدىمىنىڭ ئىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھەربىر ئالغان قەدىمىنىڭ ئارىلىقى بەش گەز بولۇپ ، يەردىكى قەدەم ئىزلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر گەز ، كەڭلىكى بىر غېرىچ كېلەتتى .

*  *

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، خەلىپە ۋاسىق بىللانىڭ زامانىدا ، شەرق تەرەپتە بىر ئوت پەيدا بولدى . ئۇ ئوتتىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى . بۇ ئاۋازنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ نۇرغۇن ئادەملەر ھالاك بولۇپ كەتتى .

يەنە ، نۇشىرىۋان ئادىلنىڭ دەۋرىدە بەنى ئەتفان تەرەپتە يەردىن بىر پارچە ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى . ھەرقانداق ئادەم ئۇ يەردىن ئۆتسە ئوت ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى . بەزى ئەرەبلەر ئۇ ئوتقا چوقۇناتتى .

شۇ كۈنلەردە ، خالىد بىننى سەنان خەلقنى ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئەرەبلەردىن ھېلىقى ئوتقا چوقۇنماسلىقنى تەلەپ قىلدى . ئۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تەرغىب قىلغاندا ئەرەبلەر ئۇنىڭغا مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېيىشتى :

— بىز ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى شۇ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىمىزكى ، ئەگەر سەن ئاشۇ ئوتنى ئۆچۈرەلىسەڭ ، ئاندىن ساڭا ئىمان كەلتۈرىمىز . بولمىسا سۆزۈڭنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايمىز .

خالىد ئۆزىنىڭ دوستلىرىدىن ئون نەپەر ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ ھېلىقى ئوت بار يەرگە باردى . خالىد قولىدىكى كالتەك بىلەن ئوتنى ئۇردى . ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۇردى . ئوت بۇلارنىڭ ئالدىدىن قېچىپ بېرىپ بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . خالىد ئوتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ قۇدۇققا چۈشتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ چىقتى ، قارىغۇدەك بولسا خالىد پۈتۈنلەي تەرگە چۆمۈلگەنىكەن ، ئەمما ھېچ ئەزاسى كۆيمەپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئوت يوقاپ كەتتى . ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمىدى .

خالىد ئاخىرقى ئۆمرىدە مۇنۇ سۆزنى ۋەسىيەت قالدۇردى :

— مېنى پالانى دۆڭلۈككە دەپنە قىلىڭلار . ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر قۇيرۇقى كېسىك شىر شۇ دۆڭلۈككە كېلىدۇ . شۇ چاغدا مېنى قەبرىدىن ئېچىپ ئېلىڭلار . شۇ چاغدا تا قىيامەتكىچە يۈز بېرىدىغان بارلىق ۋەقەلەردىن خەۋەر بېرىمەن .

شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا جان تەسلىم قىلدى . ئۇنى ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە ئاشۇ دۆڭلۈككە دەپنە قىلدى . ئون كۈندىن كېيىن بىر قۇيرۇقى كېسىك شىر پەيدا بولدى . خالىدنىڭ قەۋمى خالىدنى قەبرىدىن ئېچىپ ئالماقچى بولۇشتى . ئەمما ، خالىدنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ ئىشقا ھەرگىز قوشۇلمىدى .

* *

ھىجرىيە 330 - يىلى (مىلادىيە 941 - ، 942 - يىللىرى) مۇقتەفى خەلىپىنىڭ زامانىسىدا ئاسماندا بىر يۇلتۇز پەيدا بولدى .

ئۇ يۇلتۇزنىڭ قۇيرۇقى شەرقتىن غەربكىچە سوزۇلغانىدى . ئۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئون سەككىز كۈنگىچە تۇرۇپ ئاندىن يوقالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، يەر يۈزى شۇنچىلىك قەھەتچىلىك بولۇپ كەتتىكى ، سەككىز چارەك بۇغدايىنى ئۈچ يۈز يىگىرمە مىسقال تىللاغا سېتىۋالىدىغان بولدى . خالايىق ئىچىدە ۋابا تارقىلىپ ، بىچارە خەلقلەر ھەددى ـ ھېسابسىز ئۆلۈپ كەتتى . ھەتتا ، ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلغىلىمۇ ئادەم تېپىلماي قالدى .

*　　　　　　　　*

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، تەبرىز شەھىرىنى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ ئايالى زۇبەيدە خاتۇن بىنا قىلغانىكەن . ھىجرىيە 244 ـ يىلى (مىلادىيە 858 ـ ، 859 ـ يىللىرى ) يەر تەۋرەشتە خاراب بولغان . كېيىن مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ دەۋرىدە قايتا ياساپ چىققانىكەن .

ئەبۇتاھىر مۇنەججىم شىرازى ئاسترونومىيە ئىلمىدە تەڭداشسىز ئىدى . ئۇ مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى :

ھىجرىيە 433 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى جۈمە كېچىسى (مىلادىيە 1042 ـ يىلى ئىككىنچى ئاي ) ناماز شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىلىقىدا قاتتىق يەر تەۋرەيدۇ . ئۇ چاغدا بۇ تەبرىز شەھىرى يەر بىلەن يەكسان بولۇشقا ئاز قالىدۇ .

شۇ كېچىسى خەلقنىڭ تولىسى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ شەھەرگە قاراپ تۇردى . دېگەندەك شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىلىقىدا شۇنداق قاتتىق يەر تەۋرىدىكى ، خۇددى قۇرئاندىكى «زۇلزىلۇ زىلزالەن شەدىدەن» (مۆمىنلەر قاتتىق يەر تەۋرەشكە ئۇچرىدى )① دېگەن ئايەتنىڭ ئۆزى بولدى . ئەمىر ناسىر خۇسرەۋ ئۆزىنىڭ «پەسەرنامە» دېگەن كىتابىدا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ :

«مەن ئۇ چاغدا تەبرىزدە ئىدىم . شۇ ئاخشىمى قاتتىق يەر

① «قۇرئان كەرىم» 33 ـ سۈرە ئەھزاب 11 ـ ئايەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەۋرىدى . شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمىگەنلەر يەر تەۋرەشتە بىرسىمۇ قالماي جىنىدىن ئايرىلدى . شەھەرنىڭ ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى قىرىق مىڭدىن ئاشىدۇ .

ئەلقىسسە ، تەبرىز شەھىرى يەر تەۋرەشتە ئىككى قېتىم ۋەيران بولدى . كىشىلەر شەھەرنى قايتا بىنا قىلماقچى بولۇشۇپ ئەبۇ تاھىر مۇنەججىمدىن مەسلىھەت سورىدى . ئەبۇ تاھىر ئۇلارغا قاراپ :

— ۋاقىت ـ سائىتى كەلگەندە ئاندىن بۇ ئىشقا قەدەم قويايلى . شۇ چاغدىلا شەھىرىمىز يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ ، — دېدى ، ئەبۇ تاھىر تەلەي يۇلتۇزى يۆزلەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن كىشىلەرگە مۇنداق دېدى :

— ئەمدى بۇ شەھەر بۇنىڭدىن كېيىن يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولمايدۇ ، دەپ ۋەدە قىلالايمەن . ئەمما ، سۇ ئاپىتىدە ۋەيران بولمايدۇ ، دەپ ھۆددە قىلالمايمەن ، — دېدى . ئاندىن ئۇلار شەھەرنى قايتا قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى ۋە پۈتتۈرۈپ چىقتى . بۇ شەھەر تا ھازىرغىچە شۇ پېتىچە تۇرماقتا .

*  *

تارىخىي ھادىسىلەر ھەققىدە «قەۋامۇل ـ مۇلكى»دە شەيخ ئەبۇ ئەلىدىن مۇنداق نەقىل كەلتۈرگەن : بىر كۈنى جۇرجان دېگەن جايدا ھاۋادىن ئېغىرلىقى بىر يۈز ئەللىك پاتمان كېلىدىغان بىر پارچە تۆمۈر چۈشتى . ئۇ چۈشكەن چاغدا ئەتراپتىكى خەلققە ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ ۋەقەنى جۇرجاننىڭ ھاكىمىغا خەۋەر قىلىشتى . جۇرجاننىڭ ھاكىمى بولسا سۇلتان مەھمۇدقا خەۋەر يەتكۈزدى . سۇلتان مەھمۇد بۇنى ئاڭلاپ : «ھاۋادىن چۈشكەن ئۇ نەرسىدىن ئازراق ئۇشتۇپ ماڭا ئەۋەتكىن» دەپ خەت يېزىپ بەردى . ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ نەرسىدىن ئازراقمۇ ئۇشتالمىدى . ئاخىر تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ ، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار

بىلەن ئاران بىر پارچە سۇندۇرۇۋالدى . جۇرجانىنىڭ ھاكىمى ئۇنى سۇلتان مەھمۇدقا ئەۋەتىپ بەردى . سۇلتان ئۇ بىر پارچە تۆمۈرنى تۆمۈرچى ئۇستىلارغا تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭدىن بىر تىغ ياساپ بېرىشنى بۇيرۇدى . ئۇستىلار خېلى تىرىشقان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بەكمۇ قاتتىقلىقىدىن بىرەر نەرسە ياساش ئامالىنى تاپالمىدى .

*　　　　*

بىر كۈنى ناسىرۇددەۋلەنىڭ ئالدىغا ئەرمەن ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئىككى ئادەمنى ئېلىپ كېلىشتى . ئۇلار ئىككىسى بىر تۇغقان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ دۈمبىسى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى . ئۇلار شۇ چاغدا دەل يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن ئىكەن . تاماق يېيىش ۋە يېتىپ - قوپۇشتا بىر - بىرىگە كاشىلا بولاتتى .

ئىبنى جۇزىنىڭ ئېيتىشىچە ، ھىجرىيە 352 - يىلى (مىلادىيە 963 - يىلى) مەۋسىل ھاكىمى ناسىرۇددەۋلەنىڭ قېشىغا مەيدىلىرى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئادەمنى ئېلىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ باشقا ئەزالىرى ئايرىم ئىدى . بىرىنىڭ خىيالىدا خوتۇن كىشىنىڭ ھەۋىسى بولسا ، يەنە بىرى ئوغۇللارنى ئويلايتتى . بىر كۈنلىرى قازا يېتىپ ئۇلارنىڭ بىرى ئاغرىپ ۋاپات بولۇپ كەتتى . يەنە بىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى . ئاخىر ھېلىقى ئۆلگىنىنىڭ جەسىتى سېسىشقا باشلاپ ، بەدبۇي پەيدا بولدى . ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنىڭ تەسىرىدىن يەنە بىرىمۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى .

*　　　　*

ئىبنى جۇزى مۇنداق دەيدۇ : مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ دەۋرىدە قىرۋان مەملىكىتىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئون ئۈچ كەنت يەر يېرىلىپ يەرنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى . بۇ كەنتلەردىكى كىشىلەردىن

قىرىق ئىككى كىشى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇ ھادىسىدىن ئامان قالدى .

* *

يەمەن ۋىلايىتىدە يەر تەۋرەپ تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بىر كەنت ئۆز جايىدىن ئاجراپ ، باشقا بىر جايغا بېرىپ چۈشتى . لېكىن ، بۇ كەنتنىڭ يېرى ۋە دەرەخلىرىگە قىلچە زىيان يەتمىدى .

* *

خەۋەر قىلىنىشىچە ، مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ زامانىدا دەجلە دەرياسىنىڭ سۈيى ئۈچ كۈنگىچە زەپەرگە ئوخشاش سېرىق بولۇپ ئاقتى . بۇنى كۆرگەن خالايىق غەم - قايغۇغا چۆمدى . ئاندىن كېيىن ، بىرقانچە كۈن قىپقىزىل بولۇپ قالدى . دەل شۇ كۈنلەردە دامغاندا قىرىق بەش مىڭ ئادەم يەر تەۋرەشتە ھالاكەتكە ئۇچرىدى . بەستامنىڭ يېرىمى ۋەيران بولدى . جۇرجان ، تەبەرىستان ، نىشاپۇر ، ئىسفاھان ، قۇم ۋە كاشان قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر كۈندە ، بىر سائەتنىڭ ئىچىدە خاراب بولدى . تاغلارنىڭ تۆۋى يېرىلىپ سۇ چىقىپ كەتتى .

مىسىرنىڭ كەنتلىرىدىن «سەۋا» دېگەن بىر كەنتكە تاش ياغدى . ئۇ تاشلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شەرىئەت پاتمىنىدا بەش پاتمان كېلەتتى . بىر سەھرالىق ئەرەبنىڭ چېدىرىغا بىر پارچە تاش چۈشۈپ كەتتى ۋە ئۇ تاشتىن ئوت چېقىلىپ چىقىپ ، ئەرەبنىڭ چېدىرىنى ، ئۆزىنى ۋە ئايالىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى .

يەنە مىسىردا ئىككى ئادەمنىڭ ئۈستىگە چاقماق چۈشۈپ كۆيدۈرۈۋەتتى . ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلدى . يەنە بىرى كۆمۈرگە ئوخشاش قاپقارا بولۇپ قالدى ، ئەمما ئۆلمىدى .

«قىسەسسۇل - غەرايىب» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .
نەشرگە تەييارلىغۇچى : پەرىدە ئەمىن

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئازرۇگۇل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۇچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 2827472 – 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى دالۇ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.375
نەشرى: 2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي 5 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 17000 – 14001
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 228 – 06963 – 7
باھاسى: 12.00 يۈەن